# بورتالا تارىخ ماتېرىياللىرى

1

**BOERTALA WENSHIZILIAO**

جۇڭگو سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم
ئوبلاستلىق كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

# بورتالا تارىخ ماتېرىياللىرى

1

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلا ئەمەت

赠送
请交换

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى شىنجاڭ بورتالا
موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى تارىخ
ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى

مەسئۇل مۇھەررىرى:

كورېكتورى : ئابدۇۋەلى مەمتىلى

بورتالا تارىخ ماتېرىياللىرى ①

جۇڭگو سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى تۈزدى.

بورتالا گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

1990 - يىل 11- ئاي 1- نەشرى

1991- يىل 4-ئاي 1-بېسىلىشى

بېسىشقا رۇخسەت قىلىنىش كېنىشكا نومۇرى: شىنجاڭ 83- نومۇرلۇق

ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ.

# مۇشكۇل ئەمما مۇھىم قەدەمنى تاشلىدۇق

## (كىرىش سۆز)

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي
كېڭەشنىڭ رەئىسى

جاڭ جىڭجۇ

تارىخ ماتېرىياللار خىزمىتى ۋەتەنپەرۋەر بىرلىكسەپنى راۋاجلاندۇرۇش، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە خىزمەت. شۇنداقلا، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. «بورتالا تارىخ ماتېرىياللىرى» 1- قىسمىنىڭ كېچىكىپ ئەمدى نەشىردىن چىقىشىدىكى سەۋەب، 25 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنگە ئىگە ئوبلاستىمىزدا تارىختىن بۇيان موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئەۋلادتىن-ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن بولۇپ، ئوبلاست قۇرۇلغاندا نوپۇسى ئاران 40 مىڭچە بار ئىدى، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنى بىۋاسىتە باشتىن كۆچۈرگەن، بىۋاسىتە ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلەر ئىنتايىن ئاز بولغان، تارىخنى بىلىدىغانلا تۈگەپ، تارىخ كۆمۈلدى دېيىشكە بولمىسىمۇ، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش ئىنتايىن تەس بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇق قول

بولالمىغانلىقىمىزدىن، قەدەم تاشلىشىمىز مۈشكۈل بولدى. ئەمما، تا-
رىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان تارىخىي بىلىم-
لەرگە ئىگە ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ پىداكارلىق بىلەن ئەمگەك
سىڭدۈرۈشى ۋە ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن
زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، بۇ توپلام ئاخىرى نە-
شىردىن چىقىپ تارقىتىلدى.

بىز ئۆتمۈشنى باشتىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشتۇق
ھەم كەلگۈسى مەنزىلگە يۈرۈش قىلىمىز، بۇندىن كېيىنكى مۇ-
ساپىمىزگە شەك-شۈبھىسىزجۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يېتەك-
چىلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۈگۈنكى مەۋقەدە
تۇرۇپ كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ ھەم ئىنتىلىپ، تۆت ئاساسىي
پرىنسىپنى يېتەكچى قىلىش ئاساسىدا تارىخىي ۋەقەلەرنى چوڭ-
قۇر قاتلامدىن ئەسلەپ ۋە يېكىسىر يۈرگۈزۈپ تارىخىي شەخس-
لەرنىڭ روناق تېپىش ۋە خارابلىشىش جەريانلىرىنى ئىپادىلەپ،
جۇڭگونىڭ كېلەچىكىنىڭ ھەم شانلىق تارىخىدىن تەسىرات قالدۇ-
رۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ تارىخ ما-
تېرىياللار خىزمىتى، ئېلىمىز يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق
قىلىش ئۈچۈن ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدىغان مۇھىم خىز-
مەت بولۇپ، بىرىنچىدىن،تارىخنى ئەينەك قىلىپ، راس-يالغان،
توغرا-خاتانى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ، ئىككىنچىدىن، ھەر ساھە ۋەتەن-
پەرۋەر زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىغا ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك تەربىيەسى بېرىپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ كىشىلەرنىڭ
«4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش» تىن

ئىبارەت يۈكسەك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىدۇ. بىزنىڭ تۈپ مەقسىتىمىز: مۇشكۇل قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، تارىخ-ماتېرىياللارنى نەشر قىلىپ، بورتالانىڭ بېسىلىپ قالغان تارىخلىرىنى ئېچىپ بورتالا خەلقىنى بورتالانى مەڭگۈ قىزغىن سۆيىدىغان قىلىشتىن، ھەر مىللەت خەلقىنى غەيرەت-شىجائىتىنىڭ بىر يولۇققا جايلاشقان بورتالانىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تەركىۋى قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

تارىخ ماتېرىياللار تارىخى تەزكىرە بولمىسىمۇ، كېيىنكىلەرگە زىيانلىق تەسىر كۆرسىتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىز پاكىتنى ھەممىدىن ئەلا تونۇشنى پىرىنسىپ قىلدۇق، قىزىقارلىق بولسۇن دەپ چاكىنا ۋە چىرىك نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرمىدۇق.

بىز كىتاب يېزىش ئەھلىلىرى بولمىساقمۇ، ئەتەيىن بەدىئىي-سەپايە سۆزلەرنى قوراشتۇرۇپ، ئەپلەپ-سەپلەپ يېزىپ پۈتتۈرۈش غەرىزىدە بولمىدۇق. سۈپىتى دىگەندەك يۇقىرى بولمىسىمۇ، تىلى راۋان ۋە ئوقۇشلۇق بولدى. بۇ كىتابنىڭ كىتابخانلار ئارىسىدا ھېسداشلىق قوزغاپ، مەلۇم ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1989-يىلى 9-ئاينىڭ 9-كۈنى

## مۇندەرىجە

1. بورتالا چاقار قەبىلىسىنىڭ قىسقىچە
تارىخى ........................................ خۇبۇشىڭ 1

2. يات ئەللەردە يۈرگەننى سېغىندۇرار ئانا
يەر ........................................ خۇبۇشىڭ 24

3. جىڭناھىيىسىدىكى تورغاۋۇتلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە
ئۆرپ-ئادەتلىرى ........................ س. مەنجىن، جۇخۇاڭ 45

4. بورتالادىكى قورۇللار ھەققىدە ........ تاڭزۇكداۋ 83

5. جىڭ تىڭخەكىمەسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە
تارىخى........................................ جۇخۇاڭ 105

6. مەشھۇر شىۋەيمىڭنىڭ ئامبىلى، چاقار يېڭىنىڭ لەشكەر بېشى
ئامبىلى —قارماقا. ........................ لى شۇچۇەن 118

ئاق ئورۇس باندىتلىرى بورتالاغا ئۇسۇپ كىرىپ پاراكەندە-
دىچىلىك سالغان بىر قانچە ۋەقەلەر .......... ياسىن ھەسەن 129

ئونتۇلماس يىللار ........................ دۇەن شىيۇ 146

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە بورتالادا ئىشلىگەن
خىزمەتلىرىم توغرىسىدا ئەسلىمە .............. ماجياۋسۇڭ 164

ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە دۇەن شىمۇ ۋە ماجياۋ-
سۇڭ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ بورتالا ناھىيىسىدە ئېلىپ
بارغان بىر قىسىم پائالىيەتلىرى .............. لى شۇچۇەن 184

دۇجۇگيۇۋەنسىنىڭ جەڭدا ئېلىپ بارغان ياپونغا قارشى
تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ..................... ۋاڭ جەڭگو 223
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بورتالادا......... خۇبۇشەلڭ 230
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيەسىدە تۇرغان چاغلىرىمدىكى
بىر قانچە ئىش .................... ئەخمەت تۇردىيۇپ 241
بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسى كېڭەشنىڭ تارىخ
ماتېرىياللارنى توپلاش تېزىسى ............................ 261
تارىخ ماتېرىياللارنى ھەققىدە توپلاش خىزمىتى
ئىزاھات ............................................ 270

# بورتالا چاقار قەبىلىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى

خۇ بۇشىڭ

چاقار دېگەن بۇ نام مىڭ سۇلالىسى جىياجىڭ يىللىرى (مىلادى 1522-1566- يىللىرى) بۇ قەبىلە چارۋىچىلىق قىلىپ ئولتۇرغان چاقار دېگەن يەرنىڭ نامى بىلەن قويۇلغان بولۇپ، ۋاڭ ئوردىسى ياكى خوشۇن ئەمەلدارلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇن دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. (بەزىلەر چېگرا دەپمۇ تەبىر بېرىدۇ.)

چاقار موڭغۇللىرى "يۈەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ جەمەتىدۇر" ① جاڭمۇنىڭ «موڭغۇللارنىڭ كۆچمە چارۋىچىلىق خاتىرىسى»دا: "چاقارلار يۈەن قەبىلىسىنىڭ ئەزاسى، «مىڭ سۇلالىسى تارىخ نامىسى»دا دېيىلگەن ,چايۇلار، ماناشۇ چاقارلارنى كۆرسىتىدۇ" دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك چاقار موڭغۇللىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى چىڭگىزخان بورجىگىن جەمەتىنىڭ بىۋاسىتە ئەۋلادلىرى.

مىلادى 1368- يىلى (يۈەن سۇلالىسى جىجېڭنىڭ 28- يىلى، مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 1- يىلى) يۈەن سۇلالىسى ھالاك بولۇپ، دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ داھىسى جۇيۈەنجاڭ يىڭتيەن (بۈگۈنكى نەنجىڭ)دا مىڭ سۇلالىسىنى قۇردى. يۈەن سۇلالىسى پادىشاھ جەمەتلىرى دادۇ (بۈگۈنكى بېيجىڭ)

ئۇچىمچىن، خۇيچىت ۋەسۇنت قاتارلىق قەبىلىلەر ئۇنىڭغا قا-
راشلىق ئىدى.

1604- يىلى (مىڭ سۇلالىسى ۋەنلىنىڭ 32-يىلىسى) دايەن
خانىنىڭ 6- ئەۋلات نەۋرىسى لىندەن (لىنىدەن، مىندەن دەپمۇ
ئاتايدۇ) خانلىققا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، مىڭ خاندانلى-
قىنىڭ تارتۇقىنى قوبۇل قىلىپ، مىڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلە-
شىپ، كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ نۇرغاچ كۈچلىرىگە ئورتاق قار-
شى تۇردى. 1631- يىلدىن 1632- يىلغا قەدەر (مىڭ سۇلالىسى
جۇڭجېننىڭ 4- يىلىدىن 5- يىلىغىچە) لىندەنخان لەشكەرباش-
لاپ تەسلىم بولغان جىن سۇلالىسى موڭغۇل قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم
قىلدى. ھېنگان تاغلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى شىرمورۇن دەر-
ياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا كېيىنكى جىن سۇلالىسى خۇاڭ تەي-
جىنىڭ تۇسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، ئۇرۇشمايلا كەينىگە
چېكىندى. كېيىن چىڭخەيگە لەشكەر تارتىپ شىزاڭنى ئىگىلەپ،
بۇددا دىنىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى بولدى. پۈتۈن موڭ-
ۇللارغا كېيىنكى جىن سۇلالىسىغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە پەر-
ان چۈشۈردى. مىلادى 1634- يىلى (جۇڭجېننىڭ 7- يىلى) لىن-
ەن چىڭخەيگە يۈرۈش قىلىش سەپىرى ئۈستىدە چېچەك كې-
لىگە گىرىپتار بولۇپ، شىرتالا ئوتلىقىدا ۋاپات بولدى. (بۇ-
نكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تەنجۇزاڭزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى تەۋە-
دە)، ئىككىنچى يىلى چاقارلار چىن سۇلالىسى تەرىپىدىن تار-
قىلىنىپ، لىندەنخاننىڭ خوتۇنى، بالىسى قوڭقۇر ئېجى ھەم
غان. ئادەملىرى پۈتۈنلەي ئەسىرگە چۈشتى. كېيىنكى جىن

دىن شاڭدۇ (بۈگۈنكى دۇلۇن غەربىي شىمال باقكۆك خوشۇنى،
شەرقى شاڭدۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقى) غا چېكىنىپ باردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇللارنىڭ ئىچكى قىسمىدا فېئو-دال تۆردىلەرنىڭ بەگلىك تالىشىش كۈرىشى ئۇزاققىچە داۋام-لاشتى. 1480- يىلى (مىڭ سۇلالىسى چىڭخۇانىڭ 16-يىلى) چىڭ-گىزخاننىڭ 15- ئەۋلات نەۋرىسى باتمۇڭكە خانلىققا تىكلىنىپ، دايەنخان دەپ ئاتالدى. دايەن خان ھوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ھوقۇق تۇتقان ئەمەلدارلىرىنى مۇجۇقتۇرۇپ، موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئىل-گىرىكى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە كىچىك زېمىنلار بويىچە بۆ-لۈنگەن ئائىلىلەرنى 60مىڭ ئائىلىدىن قىلىپ بىرلەشتۈرۈپ، 30مىڭدىن ئوڭ قانات، سول قانات دەپ ئىككىگە ئايرىدى. چاقارلارنىڭ10مىڭ ئائىلىسى (بۈگۈنكى شىلىنغول ئاي-مىقى رايونى) سول قاناتقا بۆلۈندى. دايەن خان سول قاناتقا ئۆ-زى باش بولۇپ، ئوردا گاھىنى چاقارلار تۇرغان جايغا قۇردى.

مىلادى 1517- يىلى (مىڭ سۇلالىسى جىڭدېنىڭ 12-يىلى) دايەنخان ئالەمدىن ئۆتۈپ، موڭغۇللار ئىچكى جەھەتتىن موڭ-غۇلدا لىسىنىڭ جەنۇبىدىكى موڭغۇللار، شىمالىدىكى قالقا موڭغۇل-لىرى ۋە غەربىدىكى ئويرات موڭغۇللىرى قاتارلىق ئۈچ گۇرۇھقا بۆ-لۈنۈپ كەتتى. چاقار قەبىلىسى موڭغۇل قەبىلىلىرى ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىك بولغاچقا مىڭ سۇلالىسى ئۇلارنى «كىچىك شاھزادە» دەپ ئاتايتتى. «كىچىك شاھزادە ئەڭ قۇدرەتلىك بولۇپ، 100 مىڭ لەشكىرى بار ئىدى»② ئوخان، نەيمان، ئوينۇت، كىشكىت،

مىلادى 1718-يىلى (كاڭشىنىڭ 58-يىلى) چىۋاڭ ئاراپتاننىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن چىڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭنىڭ باركۆل، ئالتاي رايونلىرىغا قوشۇن تارتىپ كىردى. ئالتايغا ئىككى مىڭ ئەتراپىدا چاقار، تۇمۇت لەشكەرلىرى كىردى. مانا بۇ چاقارلارنىڭ شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم كىرىشى.

1724-يىلى (يۇڭجېڭنىڭ 2-يىلى) چېگرا تىنچلانغاچقا، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن چاقار لەشكەرلىرى شىنجاڭدىن چېكىنىپ، ئەسلى جايىغا قايتتى.⑥

1755-يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 20-يىلى) ئەتىيازدا، مىڭچە چاقار لەشكەرلىرى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە، داۋاچىنى جازالاش ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كەلدى. 5-ئاينىڭ باشلىرى باركۆلدىن بورتالاغا كېلىپ، ئىلىگە يۈرۈش قىلىپ، داۋاچى قوشۇنلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن باركۆلگە قايتتى. شۇ يىلى 8-ئايدا ئامۇرسانا تەسلىم بولۇپ يەنە ئاسىيلىق قىلدى. چاقار لەشكەرلىرى چىڭ قوشۇنلىرىغا ئەگىشىپ ئىلى قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلدى. كېيىن جەنۇبى شىنجاڭغا بېرىپ، چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچلاندۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن كارامەت خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى. «چىڭ گاۋزۇڭ ھەققىدە چىن خاتىرە»دە (581 - 587 - بەتلىرى) خاتىرىلىنىشىچە، 1759-يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى) ئۇلارنىڭ ئۇرۇشتىكى ئالاھىدە تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، چاقار مۇداپىئە بېگىنىڭ باشلىقى بېيىنتىگە چىڭ خاندانلىقى "زەڭگە" دې-

سۇلالىسى ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى خوشۇنغا ئايرىپ، يەر-
جۇدا (بۈگۈنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ يىشەن ناھىيىسى) چار-
ۋىچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ③ خۇاڭتەيجى لىندەنخان-
نىڭ سەككىز كىنىزىكى ئىچىدىن ئىككىنى تاللاپ، ھوتىۋەر كە-
چىك خانىشلىققا ئالدى. ئىجىغا ئىلتىپات قىلىپ، ئۆزىنىڭ
ئىككىنچى قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. ④

مىلادى 1675-يىلى (چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 14- يىلى) چاقار-
لارنىڭ شاھزادىسى بورنىك (ئىجىنىنىڭ ئوغلى) ئاكا-ئۇكىلار كۆتۈرگەن
توپىلاڭ چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. چاقارلار تەسلىم بو-
لۇپ يەنە توپىلاڭ كۆتەردى، دىگەن سەۋەب بىلەن ئۇلارنىڭ مىراسخور
ۋاڭلىق ئورنى بىكار قىلىندى. قەبىلىلىرىنى يىجۇدىن شۈەنخۇا،
داتۇڭ چىگرىلىرىنىڭ سىرتىغا كۆچۈرۈپ، ئوڭ-سول ئىككى قاناتقا
ئايرىپ، سەككىز خوشۇنغا بۆلدى. جاڭجياكۇدا دۇتۇڭ تەسىس قىلى-
نىپ، چاقار سەككىز خوشۇنىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرى باشقۇرۇلدى.

مىلادى 1690- يىلى (كاڭشىنىڭ 29- يىلى) غالدان جۇڭ-
غارىيىدىكى توپىلاڭچى قوشۇنلارنى باشلاپ چىگراغا تاجاۋۇز قىلى-
غاندا، پادىشاھ كاڭشى: «چاقارلار قاۋۇل ھەم باتۇر، ھۆكۈمەت ئۇ-
چۇن خىزمەت كۆرسەتسۇن» ⑤ دەپ ئۇلاردىن بىرنەچچە يۈزخىل لەش-
كەر تاللاپ، توپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلىشىغا تا-
قابىل تۇرۇش ئۇچۇن، مۇھىم جايلارنى مۇداپىئە كۆرۈشكە ئە-
ۋەتتى. شۇنىڭدىن كىيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغار توپىلىڭىنى
تىنچلاندۇرغان بىر قانچە 10 يىل ئىچىدە چاقارلار كۆپ قېتىم
ئۇرۇشقا قاتنىشىپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى.

گەن مەرتىۋىنى بەردى . چاقار چەۋەنداز لەشكەر بېشى باتـ
مۇڭكىگە «باتۇر» دېگەن ئاتاقنى ئىنئام قىلدى.

جۇڭغار رايونىدا ئۇرۇش ئۇدا داۋاملاشقاچقا ، ئادەم-
لەر شالاڭلىشىپ ، يەرلەر ئاق تاشلىنىپ ، ئىقتىسادى ناچار-
لىشىپ، چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرى ئاجىزلاشقان ئىدى . تارىخى
كىتاپلاردا «نەچچە مىڭ چاقىرىم يەردە بىرمۇ ئادەم
كۆرۈنمەيتى» دەپ يېزىلغان.⑦ شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن-
دىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ را-
ۋاجلاندۇرۇش ۋە چېگرا مۇداپىيەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن چىڭ
ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا زور تۈركۈملەپ قوشۇن ئەۋەتتى،بۇ قوشۇن-
لار بىر تەرەپتىن چېگرا قورۇلنى ساقلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن
دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. قوشۇن ئەمەل-
دار- لەشكەرلىرى 3 يىلدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلدى. 1758-يىلى
(چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى)پادىشاھ چيەنلۇڭ سولۇن لەشكەرلە-
رىدىن 1000 كىشىنى، چاقار لەشكەرلىرىدىن 500 كىشىنى، جەن-
روي لەشكەرلىرىدىن 500 كىشىنى ئىلىدا مۇداپىئەگە تۇرۇشقا،
يەنە 1000 لەشكەرنى تارباغاتايدا تۇرۇشقا ئەۋەتتى. «يېڭىدىن
تەسلىم بولغانلارنى ئەمىن تاپقۇزۇش» ئۈچۈن⑧ جەنۇبى شىن-
جاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغىمۇ نەچچە مىڭ چاقار، سولۇن،
ئويرات لەشكەرلىرىنى ئەۋەتتى.

چيەنلۇڭنىڭ 25- يىلى (مىلادى 1760- يىلى)ئىلىدىكى مان-
جۇ ، سولۇن ، چاقار لەشكەرلىرى 800 گە يەتتى . ئىككىن-
چى يىلى جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملىشىپ، كۆپ ئەس-

گەر تۇرۇشىنىڭ ھاجىتى قالمىغاشقا ئىلىنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىد-
نى كۈچەيتىش ئۈچۈن ، جەنۇبى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق چاقار
لەشكەرلىرىدىن 200 نەپەر ، سولۇن لەشكەرلىرىدىن 100 نەپەر
مانجۇ لەشكەرلىرىدىن 40 نەپەرنى ئىلىغا يۆتكىدى ، چيەن
لۇڭنىڭ 36 - يىلى (1761 يىلى) تارباغاتاينىڭ مەسلىھەتچى
ئامبالى ئاگۈي تارباغاتايدىن ئىلى چېگراسىغا قەدەر 17 ئورۇن-
دا، ئىلى دەرياسى بويىدا 4 ئورۇندا قورۇل تەسىس قىلدى.⑨ بۇ
قورۇللارنى چاقار، ئويرات، سولۇن، مانجۇ يىلىك لەشكەرلىرى
نۆۋەت بىلەن ساقلىدى.

چيەنلۇڭنىڭ 27- يىلى ( مىلادى 1762- يىلى) چىڭ ھۆ-
كۈمىتى ئىلىدا جياڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، مىڭ رۇينى
1- نۆۋەتلىك ئىلى جياڭجۈنلىكىگە تەيىنلەپ، جەنۇبى ۋە شىما-
لى شىنجاڭنىڭ ھەربى ۋە مەمۇرى ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك باش-
قۇرۇشقا بەلگىلىدى. مىڭ رۇي ۋەزىپىگە ئولتارغاندىن كېيىن ،
ئىلى رايونىنىڭ مۇداپىئە لەشكەرلىرى ئاز ، مۇداپىئە
ئىشلىرى ئاجىز ، دەپ ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ
قىلدى. پادىشاھ چيەنلۇڭ ئۇنىڭ تەلىۋىنى ماقۇللاپ، ھەم ئى-
لىغا 3 يىلدا بىر قېتىمدىن لەشكەر يۆتكەپ ئالماشتۇرغاندىن
كۆرە ، خىل لەشكەرلەردىن تاللاپ ئائىلە- تەۋەلىرى بىلەن
موقىم ئولتۇراقلىشىشقا ئەۋەتكەن تۈزۈك دەپ قاراپ، جاڭجياكۇ،
لياڭجۇ، جۇاڭلىياڭ قاتارلىق جايلاردىن چاقار، سولۇن، مانجۇ
شىۋە ئەمەلدار- لەشكەرلىرىدىن 5 مىڭنى، ئائىلە- تەۋەلىرى بىلەن
قوشۇپ جەمئى 20 مىڭ نوپۇسنى كەينى- كەينىدىن ئىلى

قاتارلىق جايلارغا يۆتكەش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. بۇلار ئىچىدە چاقار ئەمەلدار- لەشكەرلەر مىڭ نەپەر بولۇپ، 500 نەپىرى يەر كۆكەرگەندە يولغا چىقتى، كېيىندىن ئۇلارنىڭ ئائىلە- تەۋەلىرىنى ئېلىپ 500 لەشكەر يولغا چىقتى. ⑩

چيەنلۇڭنىڭ 28- يىلى (مىلادى 1763 - يىلى) ئەتىيازدا بىرىنچى تۈركۈمدىكى 500 نەپەر چاقار ئەمەلدار- لەشكەرلەر خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جاڭجياكۇدىن يولغا چىقىپ، ئانا تۇپراقتىن ئايرىلىپ، غەربكە سەپەر قىلدى. يۇرتتا قالغان جامائەت ئۆز ئىختىيارى بىلەن 200 تۇياق تۆگە، مىڭ تۇياق ئات ئىئانە قىلىپ، ياقا يۇرتقا قاراپ سەپەرگە چىققان چاقار قېرىنداشلىرىغا تەقدىم قىلدى.

بىر قانچە ئاي ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، شۇ يىلى كۈزدە بىرىنچى تۈركۈمدىكى چاقار ئەمەلدار- لەشكەرلىرى ئىلىغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىككىنچى تۈركۈمدىكى چاقار ئەمەلدار- لەشكەرلىرى ئالدىدا كەتكەن 500 نەپەر ئەمەلدار- لەشكەرلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى ئېلىپ جاڭجياكۇدىن ھەيۋەتلىك قوشۇن تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئىككىنچى يىلى-ئايدا ئىلىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئايرىم- ئايرىم ھالدا بورتالا، قاپتۇتاي، سايرام قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چيەنلۇڭنىڭ 28 - يىلى (1763 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى (كۈرە) دە چاقار لەشكەر بېشى ئامبىلى تەسىس قىلدى. ئۇدەي تۇنجى نۆۋەتلىك لەشكىرى بېشى



ئامباللىققا تەيىنلىنىپ، چاقارلارنىڭ لەشكىرى ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇردى.

چيەنلۇڭنىڭ 32- يىلى (1767-يىلى) بورتالادىكى چاقارلارنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ 7417 كىشىگە يەتتى. ⑪ بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەمەلدار- لەشكەرلەر سانى 1800 نەچچە كىشىگە كۆپەيدى. ئەسلىدە تەسىس قىلىنغان زەڭگە (سومۇل) نىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى بەك چوڭ بولۇپ كەتكەچكە، ئىلى جياڭجۈنى مىڭرۇي پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ، چاقارلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا سومۇللارنى كۆپەيتىشنى بەلگىلىدى. چاقارلار ئوڭ- سول ئىككى قاناتقا ئايرىلىپ، ھەر بىر قاناتتا توت تۇغ تەسىس قىلىندى. ھەر بىر تۇغدا ئىككىدىن سومۇل ئايرىلىپ، جەمى سەككىز تۇغ، 16 سومۇل تەسىس قىلىندى. چاقارلار كۆۋە شار، غولشار، كۆۋە چاغان، غول چاغان، ئىككى كۆك، باقكۆك، كۆۋەتۇلان ۋە غولتۇلان قاتارلىق سەككىز تۇغقا بۆلۈنۈپ، سول قانات بۈگۈنكى ئاردىشاڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە، ئوڭ قانات بۈگۈنكى بورتالا شەھىرى تەۋەسىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئىككى قاناتنىڭ ھەر- بىرسىدە 922 ئەمەلدار- لەشكەر بولۇپ، بىر نەپەر ئوگۇرداي (ئامبال)، بىر نەپەر ئىلگىداي، سەككىز نەپەر زەڭگە، سەككىز نەپەر چەۋەندازلار باشلىقى، ئۈچ نەپەر خابىن، بىر نەپەر پۈتۈكچى، 32 نەپەر بوشقا، 868 نەپەر لەشكەر بار ئىدى. ⑫ بورتالا رايونىدا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان 200 نەپەر ئۆيرات موڭغۇللىرىمۇ چاقارلارنىڭ ئىككى قانىتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، چاقار موڭغۇللى-

رىنىڭ سوۋۇرغال يەرلەردە ئولتۇراقلاشتى. ⑬

چيەنلۇڭنىڭ 38- يىلىدىن 55 - يىلىغا قەدەر ( مىلادى 1773 - يىلىدىن 1790 - يىلىغىچە ) چاقار يېڭى تەۋەسىدە بىكارچى ياشلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، لەشكەرلەرنى تولۇقلاش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا ، چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلگىرى- ئاخىرى ئۈچ قېتىم ئويرات يېڭى (چيەنلۇڭ يىللىرى رېخەدىن ئىلى تېكەسىنىڭ غەربىي چېگراسىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار) دىن 420 نوپۇسنى چاقارلار تۇرۇشلۇق جايغا كۆچۈرۈپ ، چاقارلارنىڭ لەشكەر مەنبەسىنى كۆپەيتتى ⑭

چاقار ئەمەلدار-لەشكەرلىرى بورتالاغا كەلگەندىن كېيىن 21 قورۇلنى مۇداپىئە قىلىپ ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇلار تۆۋەندىكىچە: ئۇلانبۇرا قورۇلى، دادمىتۇ قورۇلى، زاقمىن ئۇبا قورۇلى ، قاپتۇقاي قورۇلى ، ئۇككۆك قورۇلى، چىندالان قورۇلى، سودا باساقان قورۇلى، چوكىكۇك قورۇلى، كۆكتوم قورۇلى، غانجۇغا بولاق ئەندالا قورۇلى، زۇلۇنفۇر قورۇلى ، ئېبىنۇردىن قورۇلى ، قارا ئۇجۇر قورۇلى، ئارچىتىغا مىر قورۇلى، مۇلۇ قورۇلى، ساربولاق قورۇلى، ساجىرتىنىڭ قورۇلى چاغانئوسۇ قورۇلى ، ياماتۇ قورۇلى، ئوتتۇكسار ئەندىلا قورۇلى ۋە شۆرتە قورۇلى. ⑮ بۇ قورۇللار ئۈچ خىلغا بۆلىنىدۇ : تارىختىن بۇيان ئورنى ئۆزگەرمەي مۇقىم بولغانلار دائىملىق قورۇل دېيىلىدۇ؛ قورۇل لەشكەرلىرى بەزىدە بۇ يەرگە ، بەزىدە ئۇ يەرگە يۆتكەلگەن ياكى كۆكلەم-كۈزەكلەرگە يۆتكىلىپ تۇرغانلىرى كۆچمە قورۇل دېيىلىدۇ؛ قورۇلنىڭ ئورنى



ئار لىكىن بەزىدە لەشكەر تۇرۇپ، بەزىدە لەشكەر تۇرمىغانلىرى ۋاقىتلىق قورۇل دەپ ئاتىلىدۇ. ⑯ ھەر بىر قورۇلدا كۆپ بولغاندا 30 نەپەر، ئاز بولغاندا 8-9 نەپەر لەشكەر تۇرۇپ، ھەر ئايدا بىر قېتىم ئالمىشىدۇ. چاقارلارنىڭ ئوگورداي، ئىلگىداي، زەڭگىلىرى ھەر ئايدا ئۆزلىرىگە تەۋە قورۇلنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ . چاقار يېڭى لەشكەر بېشى ئامبىلى ھەر يىلى كۆكلەم ۋە كۈزەكتە قورۇللارنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ.

قورۇلدا تۇرغان ئەمەلدار - لەشكەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى : بىرىنچىدىن، رۇسلارنىڭ چېگرىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش، ( قورۇل چېگرا بەلگىسى ئەمەس، ئومۇمەن چېگرادىن مەلۇم يىراقلىقتا قورۇلغان ) ؛ ئىككىنچىدىن ، قاچقۇنلارنىڭ چەتكە قېچىشىنى توسۇش؛ ئۈچىنچىدىن، چارۋىچىلىقنى باشقۇرۇپ، ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئارا پاسىلىدىن ئۆتۈپ چارۋا بېقىشىنى توسۇش. بەزى قورۇللار ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىنى يەتكۈزۈپ تارقىتىش، ئولپانلارنى يەتكۈزۈش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۈستىگە ئالغان.

چاقار قوشۇنلىرى ئاساسەن ساداق، قىلىچ، نەيزە، ئوتلۇق قاتارلىق قوراللار بىلەن قوراللانغان، يەنى 1937 دانە ساداق، 1837 دانە قىلىچ، 837 دانە نەيزە، 347 دانە ئوتلۇق قاتارلىق قوراللىرى بولغان. ⑰ چيەنلۇڭنىڭ 55 - يىلى (مىلادى 1790- يىلى)دىن باشلاپ چاقارلار ئوقيالارنى ئۆزلىرى ياسايدىغان بولدى.

چاقار قوشۇنلىرى چارلاش-مۇداپىئە ئىشلىرىنى قىلىشتىن باشقا دېھقانچىلىق ھەم چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللاندى.

دېھقانچىلىق قىلغانلار بورتالا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئولتۇراقلاشتى. دەريانىڭ شىمالىدا تۇرغانلار قاراسۇ بىلەن دېھقانچىلىق قىلدى، دەريانىڭ جەنۇبىدا تۇرغانلار دەريا سۈيى بىلەن دېھقانچىلىق قىلدى. تونجىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، گۇاڭشۈنىڭ باشلىرى (1874 - يىلدىن 1882 - يىللىرىغا قەدەر) شىۋە يىڭىنىڭ ئامبىلى قارماقا ھەربىي ئاشلىق زاكتوپ قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە يۈز شىۋە لەشكەرلىرىنى باشلاپ، چاقارلار تۇرغان جايغا كېلىپ قارار گاھ قۇرۇپ (دايىڭپەن، بۈگۈنكى بورتالا شەھىرى تۇرۇشلۇق ئورۇن)، بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلدى. چاقار لەشكەر-خەلقى بىلەن بىرلىكتە قارابۇقا ئۆستىڭى (بۈگۈنكى ئارىشاڭ تەۋەسىدىكى قارابۇقا ئۆستىڭى) ۋەشاڭگىمبۇقا ئۆستىڭى (بۈگۈنكى بورتالا بازاردىكى يارتوغان) نى قېزىپ پۈتتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئاشلىقتا ئۇدا بىر قانچە يىل مول ھوسۇل ئالدى. قارماقا ئاشلىق تېرىپ خىزمەت كۆرسىتىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپ قېتىم مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

گۇاڭشۈنىڭ 4- يىلى (1878- يىلى) چىڭ خاندانلىقى قارماقىدىكى شىۋە يىڭىنىڭ ئامبىلى ۋە چاقار ⑱ يىڭىنىڭ مۇۋەققەت لەشكەر بېشى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى. گۇاڭشۈنىڭ 7-يىلى (1881-يىلى) رەسمىي ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. ئىلى جياڭجۈنى پادىشاھقا مەلۇمات يوللاپ چاقار يىڭى لەشكەر بېشى ئامبى-



لىقىغا تامغا ئويدۇرۇپ بەردى.

چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى (1760-يىلى)دىن باشلاپ ئىلىدا بىر قىسىم چارۋا مەيدانلار قۇرۇلدى. شىۋە، سولون، ئۆيرات ۋە چاقار يىڭلىرى چارۋا باقتى. بۇ چارۋىلار ھۆكۈمەت چارۋىسى بولۇپ كىرىمىنى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت ئالاتتى. ھەر يىلى 4-5-ئاي كۆكلەم مەزگىلىدە ئىلى جياڭجۈنى چاقار قاتارلىق يىڭلارغا بېرىپ ھۆكۈمەت چارۋىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كۆچۈرەتتى. مال-چارۋىلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى، چىقىم بەلگىلەنگەن سان ئىچىدە چەكلەنگەن بولسا، لەشكەر بېشى ئامبىلى ۋە چارۋا باققان لەشكەرلەر مۇكاپاتلىناتتى. چارۋىنىڭ ئەھۋالى ناچار، چىقىم كۆپ بولسا چارۋا باققان لەشكەرلەر جازالىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا، شەخسى مالمۇ بار ئىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى ھەر بىر ئائىلىگە 25 تۇياق قوي، 2-3 ئائىلىگە بىر تۇياق كالا تارقىتىپ بەرگەن ئىدى. چاقار لەشكەرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ھۆكۈمەت بەرگەن ئاز-تولا تۇرمۇش ياردەم پۇلىدىن باشقا، ئاساسەن مۇشۇ شەخسى چارۋىلار ئارقىلىق قامدىلاتتى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا-چيەنلۇڭنىڭ 55-يىلى (1790-يىلى) چاقار يىڭىنىڭ قويى 54287 تۇياققا، كالىسى 3458 تۇياققا، مۈزىيى 808 تۇياققا، ئېتى 10613 تۇياققا، تېيى 68 تۇياققا يەتكەن.⑲

شەخسى چارۋىمۇ پۈتۈنلەي شەخسكە تەۋەئەمەس ئىدى، ھەر يىلى ھۆكۈمەتكە مەلۇم مىقداردا چارۋا بېجى تاپشۇراتتى. يەنى، ھەر يىلى 10 تۇياق قويىدىن ئۈچ تۆلىنى، 10 تۇياق كالىدىن ئىككى تۆلىنى ھۆكۈمەتكە باج ھېسابىدا تاپشۇراتتى. ھەر يىلى 4-5-

ئايلاردا كۆپلىگەن ياخشى ئاتلار بورتالادىن سىرت جايلارغا يۆتكەلەتتى.

چاقار موڭغۇللىرى بورتالاغا كەلگەن دەسلەپكى 20-30-يىللىرى دۆلەتنىڭ راسا گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، چاقارلار سىياسىي ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ناھايىتى زور رونۇاق تاپتى. لېكىن، چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، مال-چارۋىلار كۆپلەپ قىرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ ھۆكۈمىتى لەشكەر ۋە ئالۋاڭنى ھەددەپ توختاتماي ئالغانلىقتىن، ئەزەلدىن قۇدرەتلىك ئاتىلىپ كەلگەن چاقار خوشۇنلىرىنى بىر مەزگىل خاراپچىلىق باستى. چيەنلۇڭنىڭ 59-يىلى (1794-يىلى) ئىلى جياڭجۈنى باۋنىڭنىڭ قايتا ئىلتىماس قىلىشى بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتى شەنشى دۆلەت غەزىنىسىدىن 64800 سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ، چاقار قوشۇنلىرىغا ياردەم قىلدى.⑳

داۋگۇاڭنىڭ 17-يىلى (1833-يىلى) قىشتا چاقار يېڭى قار ئاپىتىگە ئۇچراپ، 20 مىڭدىن ئارتۇق چارۋىسى ئۆلۈپ كەتتى. چىڭ ھۆكۈمىتى قۇتقۇزۇش تەدبىرى قوللىنىپ، ئىككىنچى يىلى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تۆل بېجىدىن 3143 تۇياق ئاتنى، 575 تۇياق كالىنى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە تارقىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ھالىدىن كەتكەن چاقار چارۋىچىلىقىغا دەرمان بولمىدى. بۇ قېتىمقى قۇتقۇزۇش چىقىمىنىڭ پەقەت 10-20% گە توغرا كەلگەچكە ھىچنېمىگە دال بولمىدى.㉑

توڭجى، گۇاڭشۈ يىللىرى (1862-يىلىدىن 1908-يىلىغا قەدەر) دۆلەت بارغانسېرى خاراپلاشتى. شىنجاڭدا ئۇرۇش كۆپىيىپ-



ۋەزىيەتتە داۋالغۇش بولدى. دەسلەپتە قوقانلىق ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا بېسىپ كىردى. كېيىن چار رۇسىيە ئىلىنى ئىگەللىۋېلىپ بورتالا، جىڭ قاتارلىق جايلارغا دائىم پاراكەندىچىلىك سالدى. «نوپۇسنى تېزىملاش دەپتىرى»㉒ دىكى ئاھالىلەر سانىغا ئاساسەن، ئۆلۈپ كەتكەن ۋە يۆتكىلىپ كەتكەنلەرنىمۇ قوشۇپ ھېسابلاپ، قاقتى-سوقتى قىلىپ كۆپلەپ كۈمۈچ پۇل يۇنىۋالدى. «چاقار قاتارلىق يېڭىلارنىڭ ئاشلىق، مال-چارۋىلىرى پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ ئېلىۋېلىندى»㉓

ھۆكۈمەت ۋە شەخسى چارۋا ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ ھۆكۈمىتى دۆلەت غەزىنىسىنى تولۇقلاش مەقسىتىدە ئالۋاڭ-سېلىقنى يەنىلا ۋەھشىلەرچە كۆپلەپ سالدى. تارىخىي كىتاپلاردا خاتىرىلىنىشىچە گۇاڭشۈنىڭ 31-يىلى (1905-يىلى) چاقار قوشۇنى ۋە خەلقىنىڭ تاپشۇرىدىغان تۆل قويلىرى بولمىغاچقا، قويلارنى نىسبەت بويىچە باھاغا سۇندۇرۇپ تاپشۇرغان.㉔ چاقارلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا يەتكەن.

چاقارلارنىڭ يېڭىلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىمۇ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. گۇاڭشۈنىڭ 16-يىلى (1888-يىلى) چاقار يېڭىنىڭ لەشكەر-ئەمەلدارلىرى 1300 چە قالدى. ئايلىقىنى ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن چاقار يېڭىنىڭ 16 سۇمۇلىدىن 4 ى قىسقارتىلدى. گۇاڭشۈنىڭ 21-يىلى (1895-يىلى) چاقار لەشكەرلىرىدىن 300 نەپىرى قىسقارتىلدى. پۈتۈن ئىلى بويىچە 1700 دىن ئارتۇق لەشكەر قىسقارتىلدى. ئىلى جياڭجۈنلىـ

گەگە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ماگرالىق ۋەزىپىگە ئولتارغاندىن كېيىن، ئىلى رايونى زوراۋان خوشنىلارغا تۇتاشقان، يەر مەيدانى كەڭ، چېگرا لىنىيەسى ئۇزۇن، بۇنداق ئەھۋالدا كۆپلەپ لەشكەر قىسقارتىلسا، چېگرا مۇداپىئە كۈچى ئاجىزلىشىپ، يۇرت ۋە ۋەتەننى قوغداشقا زىيان يېتىدۇ، دەپ قاراپ، چىڭ خاندانلىقىغا مەلۇم قىلىپ، گۇاڭشۈنىڭ 29-يىلى (1903-يىلى) ئەسلى قىسقارتىلغان لەشكەرلەر ئىچىدىن ياش ۋە قاۋۇللىرىنى تاللاپ يەنە لەشكەرلىككە ئالدى. چاقار يىڭى قايتىدىن 150 نەپەر لەشكەر ئالدى. بۇنىڭ بىلەن چاقار يىڭىنىڭ لەشكەرلىرى 1150 نەپەرگە يەتتى. ئۇلار يەنىلا كونا تۈزۈم بويىچە ھەر قايسى قورۇللارنى ساقلىدى. ㉕ (بۇ ۋاقىتتا چېگرا پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن. بورتالا، ئارشاڭنىڭ غەربىي ۋە شىمالىدىكى كەڭ زېمىنلار ۋە قىسمەن چاقار قورۇللىرى 1881-يىلى «جۇڭگو-روسىيە كېلىشىمى» تۈزۈلگەندىن كېيىن چار روسىيىگە تەۋە بولۇپ كەتكەن)

گۇاڭشۈنىڭ 22-يىلى (1896-يىلى) چاقار يىڭىنىڭ لەشكەر بېشى ئامبىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىدىن بورتالاغا يۆتكەلدى. ㉖

مىنگونىڭ 3-يىلى (1914-يىلى) 1-ئاينىڭ 24-كۈنى چاقار يىڭىنىڭ لەشكەر بېشى ئامبىلى، لەشكەر بېشى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، قارىمىقىدىكى ئوگۇرداي، ئىلىگداي، زەڭگە قاتارلىق ئەمەللەر پۈتۈنلەي بىكار قىلىندى. ㉗

مىنگونىڭ 20-يىلى (1931-يىلى) چاقار يىڭىدا ئاران 192 نەپەر ئەمەلدار-لەشكەر قالدى. بۇلار ئىچىدە لەشكەر بېشى بىر



نەپەر، قورۇل باشقۇرغۇچىسى ئىككى نەپەر، قورۇل باقاۋۇلى 13 نەپەر، ئارخىپچى-تىلماچ 12 نەپەر، پىرتۇكچى بىر نەپەر، خەتتات ئۈچ نەپەر، قوغدىغۇچى سەككىز نەپەر، قورۇل لەشكىرى 150 نەپەر ㉘ بولۇپ، ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

مىنگونىڭ 27-يىلى (1938-يىلى) 2-ئاينىڭ 1-كۈنى چاقار يىڭى بۇيرۇققا بىنائەن ئارىشاڭ شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ئاخىرقى لەشكەر بېشى بولغۇن ۋە مۇئاۋىن لەشكەر بېشى لىۋەنچىن ئارىشاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. ㉙ سابىق چاقار يىڭىنىڭ ئوڭ-سول ئىككى قانىتى ئارىشاڭ شۆبىسىنىڭ 1-ۋە 2-رايونىغا ئۆزگەرتىلدى. ھەربىر رايون سەككىز جاڭزىغا بۆلۈندى. ㉚ شۇنىڭ بىلەن چاقارلارنىڭ ھەربىي تۈزۈلمىسى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەرلىك مەمۇرىي ئىشتاتقا كىرگۈزۈلدى. ئەمەلدار-لەشكەرلەرنىڭ قوراللىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مىنگونىڭ 31-، 32-، 33-يىللىرى يىغىۋېلىندى.

مىنگونىڭ 28-يىلى (1939-يىلى) 3-ئاينىڭ 24-كۈنى ئارىشاڭ شۆبىسىنىڭ 2-رايونىدىكى (شويىكېن رايونى، سابىق چاقارلارنىڭ ئوڭ قانىتى) ھەر قايسى جاڭزا باشلىقلىرى بورتالاغا يېقىن ئولتۇراقلاشقانلىقلىرىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىپ، بۇ رايوننى بورتالا ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئىلى ۋالىيى مەھكىمىسىنىڭ قوللىشى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئارىشاڭ شۆبىسىنىڭ 2-رايونى بورتالا ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈلدى. ㉛

چاقارلارنىڭ نوپۇسى: چيەنلۇڭنىڭ 32-يىلى (1767-يىلى) 7417 كىشى بولۇپ، جيا چىڭ يىللىرى (1796-يىلدىن 1820-يىلىغا قەدەر) كۆپىيىپ 11700 نەچچە كىشىگە يەتتى.[32] مىنگونىڭ 1-يىلى (1912-يىلى) 300 نەچچە ئائىلىك چاقارلار ئۆلەلاۋۇرنىڭ قوماندانلىقىدا كۆكتاۋدىن ئېشىپ رۇسىيە چېگرىسى ئارقىلىق تاشقى موڭغۇلغا كۆچۈپ كەتتى. مىنگونىڭ 19-يىلى (1930 يىلى) چاقار سول قانىتىنىڭ نوپۇسى 4500 نەچچە كىشى، ئوڭ قانىتىنىڭ نوپۇسى 3200 نەچچە كىشى بولۇپ، جەمئىي 8000 كىشىگە يەتمىگەن.[33] مىنگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) نوپۇسى كۆپىيىپ، 8104 كىشىگە يەتتى. 1949-يىلى ئازىيىپ، 7187 كىشىگە چۈشۈپ قالدى. بۇلار ئاساسەن ئارىشاڭ، بورتالادا ئولتۇراقلاشقان. 1985-يىلى يىل ئاخىرىدا ئارىشاڭ، بورتالادىكى موڭغۇللار نوپۇسى 17614 كىشىگە يەتكەن. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چاقار موڭغۇللىرىنىڭ ئەۋلادلىرى.

**قوشۇمچە:**

تارىختا ئۆتكەن چاقار يىڭى لەشكەر بېشى ئامباللىرى

ئودەي: چيەنلۇڭنىڭ 28-يىلى (1763-يىلى) ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، 30-يىلى (1765-يىلى) يۆتكەلدى.

لېك: چيەنلۇڭنىڭ 30-يىلى (1765-يىلى) 5-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، 34-يىلى (1769-يىلى) يۆتكەلدى.

ناۋاڭ: چيەنلۇڭنىڭ 34-يىلى (1769-يىلى) 6-ئايدا ئۆگۈردايلىقتىن ئۆستۈرۈلۈپ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، 51-يىلى (1786-يىلى) يۆتكەلدى.



نايەن: چيەنلۇڭنىڭ 52-يىلى (1787-يىلى) ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، 55-يىلى (1790-يىلى) يۆتكەلدى.

نايىن: چيەنلۇڭنىڭ 55-يىلى (1790-يىلى) ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، شۇ يىلى 11-ئايدا يۆتكەلدى.

دىمىڭا: چيەنلۇڭنىڭ 55-يىلى (1790-يىلى) 11-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، 59-يىلى (1794-يىلى) كېسەل بىلەن قازا تاپتى.

جۇرخاگا: چيەنلۇڭنىڭ 59-يىلى (1794-يىلى) 7-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن، جياچىڭنىڭ 5-يىلى (1800-يىلى) يۆتكەلدى.

سۇڭجۇن: جياچىڭنىڭ 5-يىلى (1800-يىلى) 8-ئايدا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان، 7-يىلى (1802-يىلى) 2-ئايدا ئىلى جياڭجۈنلىكىگە تەيىنلىنىپ يۆتكەلدى.

تۇيىنتاي: جياچىڭنىڭ 7-يىلى (1802-يىلى) 6-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن، 11-يىلى (1806-يىلى) 7-ئايدا يۆتكەلدى.

سېرگىن: جياچىڭنىڭ 11-يىلى (1806-يىلى) 7-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، (1809-يىلى) 10-ئايدا بېيجىڭگە يۆتكىلىپ كەتتى.

جۇجاپ: جياچىڭنىڭ 14-يىلى (1809-يىلى) 10-ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن، قاچان يۆتكەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

ئولۇڭا: ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، تۇڭجىنىڭ 3-يىلى 5-ئايدا (1864-يىلى 6-ئاينىڭ 6-كۈنى) يۆتكەلدى.

مۇكدېڭا: تۇڭجىنىڭ 3-يىلى 6-ئايدا (1864-يىلى 7-ئاينىڭ 12-كۈنى) ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن، يۆتكەلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

شىلىڭا: تۇڭجىنىڭ 3-يىلى 12-ئايدا (1865-يىلى 1-ئاينىڭ

24-كۈنى) ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن، يۆتكەلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

قارماقا: گۇاڭشۈنىڭ 4-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى (1878-يىلى 2-ئاينىڭ 16-كۈنى) شىۋە يېڭى ئامباللىقىدىن چاقار يېڭى مۇۋەققەت لەشكەر بېشى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى. گۇاڭشۈنىڭ 7-يىلى (1881-يىلى) 3-ئايدا رەسمىي تەيىنلىنىپ، 8-يىلى 8-ئايدا (1882-يىلى 10-ئايدا) زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قازا تاپتى.

شۇاڭچۈەن: گۇاڭشۈنىڭ 13-يىلى 2-ئاينىڭ 9-كۈنى (1887-يىلى 3-ئاينىڭ 3-كۈنى) ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن. يۆتكەلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

خېنمىڭ: گۇاڭشۈنىڭ 14-يىلى 8-ئاينىڭ 28-كۈنى (1888-يىلى 10-ئاينىڭ 3-كۈنى) ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن، يۆتكەلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

چۇنمەن: گۇاڭشۈنىڭ 19-يىلى 2-ئاينىڭ 8-كۈنى (1893-يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنى) ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن. يۆتكەلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

دىڭجىنباۋ: ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. گۇاڭشۈنىڭ 20-يىلى 10-ئاينىڭ 15-كۈنى (1894-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى) يۆتكەلدى.

ئىڭشياڭ: گۇاڭشۈنىڭ 23-يىلى 10-ئاينىڭ 8-كۈنى (1897-يىلى 11-ئاينىڭ 2-كۈنى) ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، 32-يىلى 3-ئاينىڭ 26-كۈنى (1906-يىلى 4-ئاينىڭ 20-كۈنى) كېسەل بىلەن قازا بولدى.

جۇنچاڭ: گۇاڭشۈنىڭ 32-يىلى 4-ئاينىڭ 19-كۈنى



(1906-يىلى 6-ئاينىڭ 10-كۈنى) ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، 33-يىلى 11-ئايدا (1908-يىلى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى) ۋەزىپىدىن بوشىتىلدى.

بوكۈي: گۇاڭشۈنىڭ 33-يىلى 11-ئاينىڭ 30-كۈنى (1908-يىلى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى) ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن، يۆتكەلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

كۈندۈر؟

فىڭگىتاي: لەشكەر بېشى، مىنگونىڭ 19-يىلى (1930-يىلى 12-ئايدا) ۋەزىپىدە تۇرغان. قاچان تەيىنلەنگەنلىكى ۋە يۆتكەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

لىيۇلىن: مۇئاۋىن لەشكەر بېشى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. مىنگونىڭ 24-يىلى (1935-يىلى) پەرمانغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ ۋەزىپىدىن بوشىتىلغان.

بولغۇن: ئەڭ ئاخىرقى لەشكەر بېشى، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. مىنگونىڭ 27-يىلى (1938-يىلى) 1-ئايدا ئاردىشاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

لىۋەنچىڭ: ئەڭ ئاخىرقى مۇئاۋىن لەشكەر بېشى، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، مىنگونىڭ 27-يىلى (1938-يىلى) 1-ئايدا ئاردىشاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

ئىزاھات:

① 1934-يىلى نەشر قىلىنغان «يېڭى ئاسىيا»نىڭ 8-تومى.

② «مىڭ سۇلالىسى تارىخنامىسى» 372-جىلت، 8478-بەت.

③ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 81- جىلد، 2479- بەت.

④ «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى»

⑤ «چىڭشىزۇ ھەققىدە چىن خاتىرە»، 145- جىلد، 10-بەت.

⑥ «چىڭشى ھەققىدە چىن خاتىرە»، 24-جىلد، 10- بەت.

⑦ جاۋ لەن: «شاۋتىڭ ھەققىدە خاتىرە»، 3-جىلد.

⑧ «چىڭ گاۋزۇڭ ھەققىدە چىن خاتىرە»، 601 جىلد، 26-بە

⑨ يۇقىرىدىكى كىتاب، 663- جىلد، 5- بەت.

⑩ يۇقىرىدىكى كىتاب، 677- جىلد، 17- بەت.

بۇنىڭدىن باشقا سۇڭجۈننىڭ «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە چ
شەنچە» دېگەن كىتابىنىڭ 5- جىلدىدە «چيەنلۇڭنىڭ 29- يىلى جاڭ
• جياڭجۈننىڭ سىرتىدىن 1837 نەپەر چاقار يۆتكىلىپ كەلگەن» دې
خاتىرىلەنگەن.

⑪ يۈڭ باۋ: «ئىلىدىكى ۋەقەلەر ھەققىدە»

⑫ سۇڭجۈن: «غەربىي چېگرىنى باشقۇرۇش ھەققىدە قىسقىچە
بايان»، 4- جىلد.

⑬ يۈەن داخۋا، ۋاڭ شۇدەن: «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكى
سى»، 500-جىلد.

⑭ يۈڭ باۋ: «ئىلىدىكى ۋەقەلەر ھەققىدە»

سۇڭ جۈن: «غەربىي چېگرىنى باشقۇرۇش ھەققىدە قىسقىچە بايان
4- جىلد.

⑮ سۇڭجۈن: «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە»

⑯ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.



⑰ سۇڭجۈن: «غەربىي چېگرىنى باشقۇرۇش ھەققىدە قىسقىچە
بايان»، 6- جىلد.

⑱ «چىڭ دېزۇڭ ھەققىدە چىن خاتىرە»، 65- جىلد، 11-بەت.

⑲ يۈەن باۋ: «ئىلىدىكى ۋەقەلەر ھەققىدە».

⑳ «چىڭ گاۋزۇڭ ھەققىدە چىن خاتىرە»، 1444-جىلد، 90- بەت.

㉑ «چىڭ شۈەنزۇڭ ھەققىدە چىن خاتىرە»، 312- جىلد، 19-بەت.

㉒ «چېگرا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانلىرى»، 86-جىلد،
38-بەت.

㉓ يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ 89- جىلد، 22- بەت.

㉔ «چىڭ دېزۇڭ ھەققىدە چىن خاتىرە»، 551- جىلد، 10-بەت.

㉕ «ئىلى جياڭجۈنى ما لياڭ، گۇاڭفۇلارنىڭ پادىشاھقا يوللىغان
مەكتۇبى».

㉖ «چىن دېزۇڭ ھەققىدە چىن خاتىرە»، 385- جىلد، 1- بۆلۈم، 19-بەت.

㉗ «بوگوزەي كىتابخانا خاتىرىلىرى» 3-قىسىم، 1- بۆلۈم، 19-بەت.

㉘ «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 20- يىللىق دۆلەت چىقىم ھېساۋاتى»

㉙ «ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى» ئارخىپىنىڭ 108 جىلد، 5-3-بېتى

㉚ يۇقىرىدىكى ئارخىپ، 160-جىلد، 41-47 بەت.

㉛ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

㉜ سۇڭجۈن: «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە»، 4- جىلد.

㉝ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاخباراتى»، 71-68-بەت.

# يات ئەللەردە يۈرگەننى سېغىندۇرار ئانا يەر

## تورغاۋۇتلارنىڭ جەڭگە كېلىپ ئورۇنلىشىشى

خۇبۇشىلىڭ

مىلادى 1771- يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 36- يىلى) 1- ئاينىڭ 5- كۈنى ۋولگا دەرياسى بويىدىكى يايلاقتا تارىختا كەم ئۇچرايدىغان قەبىلە- مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈش ۋەقەسى يۈز بەردى. 170مىڭغا يېقىن كىشى ۋولگادەرياسى بويىدىن قوزغىلىپ، يىراقتىكى جۇڭگوغا قاراپ ھەيۋەت بىلەن يولغا چىقتى. مانا بۇ غەربتە قالماق دەپ ئاتالغان، جۇڭگودا تورغاۋۇت دەپ ئاتىلىدىغان خەلقنىڭ دۇنياغا مەشھۇر شەرققە قايتىش ۋەقەسىدۇر. بۇلار ئىچىدىكى بىرقىسىم كىشىلەر كېيىن شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى جىڭ ناھىيىسى تەۋەسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

تورغاۋۇتلار ئەسلىدە ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، جۇڭغار، دوربۇت، خوشۇت قەبىلىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تۆت چوڭ قەبىلە دەپ ئاتىلاتتى. ئويراتلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە "ئويرا" دەپ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە "ۋالا" دەپ ئاتىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ "ئويرات" دەپ ئاتالغان.

تەخمىنەن مىلادى 16- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئويرات موڭغۇللىرى تۆت چوڭ قەبىلىگە بۆلۈنۈپ، تۆت قەبىلىدىن تەركىب



تاپقان قەبىلە ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. لېكىن، بۇ تۆت قەبىلىنىڭ سۇيۇرغال قىلىنغان يېرى ۋە قەبىلە باشلىقلىرى ئايرىم بولۇپ، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى، ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبى، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىندا چارۋىچىلىق قىلاتتى، تورغاۋۇتلار يار (بۈگۈنكى چۆچەك) رايونلىرىدا چارۋىچىلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلىرى غەربتىكى ئېرتىش دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ ئىككى قىرغىقىچە باراتتى.

17- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ئويرات تۆت قەبىلىسى تۆرىلىك تالاشتى، جۇڭغار تەيجىسى باتۇرخۇن "كۆچىگە تايىنىپ، ئويراتلارنى بوزەك قىلىپ" ① تورغاۋۇت قەبىلىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالماقچى بولدى. تورغاۋۇتلارنىڭ باشلىقى خو ئۇرلۇك "جۇڭغار يەرلىك بەگلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش- تارتىشقا نارازى بولدى" ② جۇڭغارلارغا بوي سۇنۇشنى تېخىمۇ خالىمىدى. 1628- يىلى (مىڭ سۇلالىسى جۇڭجېننىڭ 1- يىلى) ھەرقايسى قەبىلىلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئىككىنچى يىلى ئايرىلىپ چىقىپ كەتمەكچى" ③ بولدى. تورغاۋۇتلارنىڭ بۇجايدىن ئايرىلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئۇلارغا چار رۇسىيىدىن تەھدىت يەتتى. ئەينى چاغدا چار رۇسىيىنىڭ كۈچى سىبىرىيىگىچە كېڭىيىپ، تورغاۋۇت قاتارلىق ئويرات موڭغۇللىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىدى. چار رۇسىيە ئويرات موڭغۇل قەبىلىلىرىنى ۋە چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونلىرىنى يۇتۇۋېلىش، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىدە، بىرقاتار قوراللىق تاجاۋۇزچىلىق قى-

لىش ۋەسىياسىي جەھەتتىن تەھدىت سېلىش ۋاسىتىلىرىنى قوللاندى. 1607-يىلى (مىڭ سۇلالىسى ۋەنلىنىڭ 35-يىلى) ئىلا باشلىرىدا تارادا تۇرۇشلۇق گېنېرال گاگالىن چارروسىيە پادىشاھىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، بىر «دىپلوماتىك ۋەكىللەر ئۆمىكى» ئەۋەتىپ، تاراغا يېقىن جايدا ئولتۇراقلاشقان ئويرات قەبىلىلىرىگە «روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈش» ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن. ④ شۇ يىلى 9-ئايدا گاگالىن «روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتمىدى» دەپ تورغاۋۇتلارنىڭ ئېرتىش دەرياسى بويلىرىدا چارۋىچىلىق قىلىشىنى مەنئىي قىلىپ، خوشۇرلۇققا تەھدىت سالدى.⑤ 1609-يىلى (مىڭ سولالىسى ۋەنلىنىڭ 37-يىلى) چارروسىيىنىڭ تارادىكى يەرلىك دائىرىلىرى يەنە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، ئويرات قەبىلە باشلىقلىرىدىن «چارپادىشاھقا سادىق بولۇشقا قەسەم بېرىش، مۇناسىپ كېلىشىم ئىمزالاش»نى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرى بىردەك قارشى تۇردى.⑥ تورغاۋۇت قەبىلىسى گەرچە روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرالىغان بولسىمۇ، بىرتەرەپتىن جۇڭغارلار بىلەن بولغان توقۇنۇشىدىن خالى بولۇش، يەنەبىر تەرەپتىن چارروسىيىنىڭ داۋاملىق پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، 1616-يىلى (مىڭ سۇلالىسى ۋەنلىنىڭ 44-يىلى) ئوپچۆرىسىدە ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن ئۆتۈپ، غەربىي جەنۇپ تەرەپكە قاراپ كۆچتى. تورغاۋۇتلار غەربكە كۆچۈش سەپىرى ئۈستىدە ئالدىنى توسقان نوغايلارنى مەغلۇپ قىلىپ، قازاق ئوتلاقلىرىدىن ئۆلار دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ 10 نەچچە يىلدىن



كېيىن 1630-يىلى (مىڭ سۇلالىسى چۇڭجېننىڭ 3-يىلى) ئەتراپىدا چارروسىيەتېخى كونترول قىلمىغان، ئاھالىسى شالاڭ ئېدىل دەرياسى (ۋولگا دەرياسى)نىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا يېتىپ باردى.

تورغاۋۇتلار ۋولگا دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ يەرنى كۆڭۈلدىكىدەك ئوتلاقكەن دەپ يارىتىپ قالدى. خوشۇرلۇك ئوردا گاھنى ۋولگا دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىمى ئاقتۆبە دەرياسى بويىغا قۇردى. لېكىن چارروسىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭ بىلەن تورغاۋۇتلارنى يۈتەۋېلىش ھەرىكەتلىرىنى توختاتمىدى. چار روسىيە بىر تەرەپتىن ۋولگا دەرياسى ۋە دون دەرياسى بويلىرىغا قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن تورغاۋۇتلار بىلەن جۇڭغارلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، 1642-يىلى (مىڭ سولالىسى چۇڭجېننىڭ 15-يىلى) جۇڭغارلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، باتۇر خۇنتەيجىنى چارروسىيە قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە تورغاۋۇتلارغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى. لېكىن باتۇر خۇنتەيجى بۇنى رەت قىلدى. تورغاۋۇتلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى خوشۇرلۇك تاجاۋۇزچىلارنىڭ تەھدىدىن قورقمىدى ھەم «روسىيىگە تەۋە بولۇش قەسىمىنى بەرمىدى.»⑦ بەلكى، چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن باتۇرلارچە كۈرەش قىلدى. روسىيىگە يېقىن كاسپىي دېڭىز بويىدىكى مۇھىم بازار ئاستىراخانغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىدا خوشۇرلۇك باتۇرلارچە قۇربان بولدى.

خوشۇرلۇك جەڭدە قازا بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغ-

لى سۈكۈر دەيچىن دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ تور-
غاۋۇتلارنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىنمۇ چاررۇسىيىنىڭ بېسىمى-
غا تىز پۈكمەي،چار رۇسىيىگە باشتىن-ئاخىرى «دۈشمەنلىك قاراشتا
بولدى».⑧ ھەم «بىز مەڭگۈ ھېچكىمنىڭ قۇلى بولمايمىز» دەپ
ئاشكارە جاكارلىدى.⑨ 1646-يىلى (چىڭ سۇلالىسى شۈنجى-
نىڭ 3-يىلى) سۈكۈر دەيچىن شىزاڭغا دالاي لامىنىڭ ئالدىغا
بېرىپ ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. سۈكۈر دەيچىن شىزاڭغا
كەتكەن مەزگىلدە ئاز ساندىكى بەگ-تۆرىلەر چاررۇسىيىنىڭ
قايمۇقتۇرۇشى بىلەن سۈكۈر دەيچىننىڭ نامىنى سېتىپ چار رۇ-
سىيە ھۆكۈمىتىدىن پاناھلىق تەلەپ قىلغان. سۈكۈر دەيچىن شى-
زاڭدىن قايتىپ كېلىپلا بۇنى كەسكىن رەت قىلدى، ھەم1655-يى-
لى (چىڭ سولالىسى شۈنجىنىڭ 12-يىلى) ۋەتەنگە ئەلچى ئە-
ۋەتىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ سۇنۇپ ۋە ئولپان تەقدىم قى-
لىپ⑩ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبا-
رەن «مەلۇمات ۋە ئولپاننى ئۈزۈلدۈرمەي يوللاپ تۇردى».

چاررۇسىيە قورال كۈچى ۋە ئالداش ۋاستىلىرىنى ئىشلە-
تا سېلىپ تورغاۋۇتلارنى باش ئەگدۈرۈش مەقسىدىنى ئىشقا ئا-
شۇرالمىغاندىن كېيىن، دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش چارىسىنى
ئىشقا سېلىپ، تورغاۋۇتلارنى كونترول قىلماقچى بولدى. چار
رۇسىيە ھۆكۈمىتى لاما دىنىغا (سېرىق دىن) ئېتىقاد قىلى-
دىغان تورغاۋۇتلارنى پراۋۇسلاۋىيە دىنى (كاتولىك دىنىنىڭ
بىر مەزھىبى)گە ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى. بۇ، تورغاۋۇتلار-
نىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى



18-ئەسىرنىڭ باشلىرى، چار رۇسىيە ھەددەپ كېڭەيمىچى-
لىك قىلىپ، شۋېتسارىيە ۋە تۈركىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇ
ئۇرۇش ئۆز ئىلىدىكى خەلققە قارىتا ئىقتىسادى زۇلۇم ۋەھەر-
بىي سېلىقنى ئېغىرلاشتۇرۇپلا قالماي، تورغاۋۇتلارغىمۇ بالا-قازا
ئېلىپ كەلدى. زور تۈركۈمدىكى تورغاۋۇتلار لەشكەرلىككە ئې-
لىنىپ، چاررۇسىيىنىڭ سىرتقا قارىتا قىلغان كېڭەيمىچىلىك ئۇ-
رۇشىدا بىكارغا جېنىدىن ئايرىلدى. بۇنىڭ بىلەن تورغاۋۇتلارنىڭ
ئەمەلىي كۈچى ئېغىر ھالدا ئاجىزلاشتى. شۇ چاغدا غالدانغا ۋا-
رىسلىق قىلغان جۇڭغار خانى چېۋان ئارىپتىڭ ئاسىيلىق قىلىپ،
ئۇرۇش ئوتىنى يەنە تۇتاشتۇرۇپ، ئىلى رايونلىرىدا تەپرىقىچى-
لىقنى يولغا قويدى ھەم تورغاۋۇت خانى (تورغاۋۇتلارنىڭ باش-
لىقى ئايۇكى خان دەپ ئاتالغان ئىدى) ئايۇكى ئاتا-بالا ئوت-
تۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئايۇكىنىڭ ئوغلى سەنزاپنىڭ قا-
رمىقىدىكى 15 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ،
تورغاۋۇتلار بىلەن جۇڭغارلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يەنىمۇ
كەسكىنلەشتۈرۈپ، تورغاۋۇتلار بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

1712-يىلى (كاڭشىنىڭ 51-يىلى) ئايۇكى خان سامىتون
قاتارلىقلارنى چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار
سىبىرىيە يولى بىلەن ئىككى يىلدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، بېي-
جىڭغا كېلىپ، كاڭشى پادىشاھقا مەكتۇپ بىلەن ئولپان تەقدى-
م قىلدى. تورغاۋۇتلارنىڭ ۋەتەنگە بولغان سەمىمىي-ساداقەتمەنلى-
كى كاڭشى پادىشاھنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. شۇ يىلى چىڭ ھۆ-

كۆممىتى ئۇردا پەرمانچىسى تۇلىچىننى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشـ-
لاپ، ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى مۇساپىر ۋەتەنپەر-
زەنتلەردىن ھال سوراشقا ئەۋەتتى.

1712- يىلى 6- ئاينىڭ 23- كۈنى (كاڭشىنىڭ 51- يىلى
5- ئاينىڭ 20- كۈنى) تۇلىچىن قاتارلىق كىشىلەر بېيجىڭدىن
يولغا چىقىپ، جاڭجياكۇدىن ئۆتۈپ، شەرققە مېڭىپ چاقار موڭ-
غۇللىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قالقا موڭغۇللىرى، سوكبەشىن (شوشى-
نسكى) ئارقىلىق سىبىرىيىگە كىردى. رۇسىيە ھۆكۈمىتى ھەرتە-
رەپلەپ توسقۇنلۇق قىلغانلىقتىن تۇلىچىنلار 1713- يىلى 12- ئاي-
نىڭ 8- كۈنى ئاران ۋولگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى قا-
زان شەھىرىگە يېتىپ باردى. ئايۇكى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ
ھەر قايسى قەبىلىلەرگە كىگىز ئۆي-چېدىرلارنى تەييارلاپ، ياخشى
تەييارلىق كۆرۈپ، ۋەتەندىن كەلگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋې-
لىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى.

1714- يىلى 4- ئاينىڭ 12- كۈنى تۇلىچىن قاتارلىق
كىشىلەر ئايۇكى ئولتۇرغان مانۇخا ئەتراپىدا تەنتەنىلىك كۈت-
ۋېلىندى. تۇلىچىن ئايۇكىغا پادىشاھ كاڭشىنىڭ پەرمانىنى ئوقۇپ
بەردى ھەم پادىشاھ كاڭشىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. ئايۇكى
ۋەتىنىنىڭ سىياسى - ئىقتىسادى ئەھۋاللىرىنى تەپسىلى سوراپ،
مانجۇ د موڭغۇللارنىڭ ئۆرۈپى بىر، ھەممىز بىر ۋەتەننىڭ پەر-
زەنتلىرى، "كىيىم-كېچەكلىرىمىز جۇڭگولۇقلارنىڭكىگە ئوخشاش
رۇسلار بولسا كىيىم - كېچەك ۋە تىلى باشقىچە بولغان بىر ئەل
ئۇنى جۇڭگوغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ" دېگەن. ⑪



1756- يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 21- يىلى) تورغاۋۇت خانى
دونخۇ باراش (ئايۇكىنىڭ نەۋرىسى) چۇجاپ قاتارلىق ئەلچىلەر-
نى بېيجىڭغا ئەۋەتتى. ئۇلار رۇسىيە ئارقىلىق ئۈچ يىل مېڭىپ
مەكتۇپ بىلەن ئولپاننى بېيجىڭغا يەتكۈزدى. پادىشاھ چيەن-
لۇڭ ئۇلارنى قىزغىن كۈتىۋالدى. چۇجاپ تورغاۋۇت خانى نامە-
دا پادىشاھ چيەنلۇڭغا تەقدىم قىلغان ئوقيا ئوقدانى بۈگۈنكى كۈنگە
قەدەر جۇڭگو تارىخ مۇزېخانىسىدا ساقلانماقتا. دونخۇ باراش 1761-
يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 26- يىلى) قازا تېپىپ، ئەندىلا 17- ياشقا
كىرگەن ئۇ باش دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. بۇ چاغ
رۇسىيە ئايال پادىشاھى يېكاتېرىنا II ھۆكۈمرانلىق قىلغان
دەۋر بولۇپ، ئۇ پېتىر I دىن بۇيانقى تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمە -
چىلىك سىياسىتىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلغان ئىدى. چاررۇسىيە
ئىستامبۇل ۋە قارا دېڭىز بوغۇزىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن
1768- يىلدىن 1769- يىلغا قەدەر (چيەنلۇڭنىڭ 33- يىلدىن
34- يىلغىچە) تۈركىيىگە قارشى يەنە بىر قېتىم زور كۆلەم-
لىك ئۇرۇش قوزغىدى. چاررۇسىيە تورغاۋۇتلاردىن كۆپ قېتىم
لەشكەر ئېلىپ ئۇلاردىن 70 - 80 مىڭ كىشىنى چىقىمغا ئۇچ-
راتتى. «بۇ نۆۋەت يەنە تورغاۋۇتلاردىن 16 ياشتىن يۇ-
قىرىلارنىڭ ھەممىسىنى لەشكەرلىككە مەجبۇرلاپ، جەڭگە ئاتلىنىشقا پەرمان
چۈشۈردى»، «بۇنى ئاڭلىغان ھەممە ئائىلە پەر-
ياد ئورۇپ، ۋەس-ۋەسىدە قالدى» ⑫ مىللەت ۋە ئورۇقنى
قۇرۇتىدىغان بۇ بالايى ئاپەت تورغاۋۇتلارنىڭ بېشىغا چۈشۈپ
كىشىلەر ساراسىمىگە پاتقان بۇ ھايات - ماماتلىق جىددىي پەيت-

تە ئۇ باش تېخىمۇ غەمگە پېتىپ ئىچى ئۆرتەندى، مابادا بۇ ۋاقىتتا ۋەتەنگە بولغان سېغىنىش ۋە كۈچلۈك ۋەتەنگە قايتىش ئارزۇسى ھەر بىر تورغاۋۇتنىڭ قەلبىدە يەنىمۇ ئۇلغايدى.

ئۇ باش تورغاۋۇتلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىش ماھىللىقىنى كۆرۈپ، ئەمدى پەيىت يېتىپ كەلدى، دەپ قارىدى. ئەمما چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىگە تورغاۋۇتلارنىڭ مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇ باش ئۆزى بىۋاستە قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، تۈركىيەگە ئۇرۇشقا باردى. 1770 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 35 - يىلى) ئۇ باش تۈركىيە ئۇرۇش مەيدانىدىن قايتىپ كېلىپلا دەرھال ھەر قايسى قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ مەخپىي يىغىنىنى ئېچىپ، ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ چوڭ-كىچىك كاتتىۋاشلىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ۋولگا دەرياسىدا مۇز قاتقاندىن كېيىن، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، سول قىرغاقىدىكى 10 نەچچە مىڭ ئائىلىنى بىرگە ئېلىپ ۋەتەنگە قايتىشنى پىلانلىدى، لېكىن، شۇ يىلى ھاۋا ئىسسىق بولغانلىقتىن، دەريانىڭ مۇز توڭۇش ۋاقتى كېچىكىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىر ئاشكارىلىنىپ قالغاچقا، ئۇ باش كۈتۈپ تۇرالماي مۇددەتتىن بۇرۇن ھەرىكەتلەندى. شۇنىڭ بىلەن ۋولگا دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدا ئولتۇراقلاشقان 10 نەچچە مىڭ ئائىلىلىك تورغاۋۇتلار ۋەتەنگە قايتىش ئارزۇسىغا يېتەلمىدى.

1771 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 36 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۇ باشخان ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى بارلىق تورغاۋۇت جامائىتىنى يىغىپ: رۇسىيە ئايال پادىشاھىنىڭ ئوغلۇمىزنى كۆ



رۈگە پېتىرگىراتقا ئاپىرىپ قويۇش ھەم تورغاۋۇتلاردىن 10 مىڭ ئاتلىق لەشكەر ئېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى، بىزدە باشقا چىقىش يولى قالمىدى، پەقەت، قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ چاررۇسىيەدىن قۇتۇلۇشىمىز كېرەك، دەپ چاقىرىق قىلدى. يوقۇرى تەبىقە باشلىقى سىبىك دورجى ئۇنىڭ سۆزىنى ياقلاپ، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى بىزنىڭ دىنىمىزنى خارلىدى، بىزنى ئۆزلىرىنىڭ قۇلى قىلماقچى بولىۋاتىدۇ، بىز ئۇلارغا قارشى تۇرۇپ، رۇسىيەدىن قۇتۇلمايدىغان بولساق، ئۇزاق ئۆتمەي «قۇل بولغان مىللەت» بولۇپ قالىمىز» دېدى. ⑬ ئۇلارنىڭ سۆزلىرى تورغاۋۇت قوشۇنى ۋە خەلقىنىڭ چاررۇسىيەگە بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. «بارلىق قەبىلىلەر بىر ئېغىزدىن: بىزنىڭ پۇشتىمىز مەڭگۈ قۇل بولمايدۇ. قوياش چىققان جايغا بارىمىز، دېگەن شوئارلارنى ياڭراتتى» ⑭

7171 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 27 ياشلىق ئۇباشىخان تورغاۋۇت قەبىلىسىنىڭ 33 مىڭ نەچچە يۈز ئائىلىسى، 170 مىڭغا يېقىن ئاھالىسىنى باشلاپ، بىر يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت تۇرغان ۋولگا دەرياسى بويىدىكى ئوتلاقلار بىلەن خوشلىشىپ، ئون مىڭ لىلىق ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىنى باشلىدى. چوڭ قوشۇن يولغا چىققاندىن كېيىن، 10 مىڭچە قاۋۇل لەشكەرلەر ئارقىدا قېلىپ سەپەرنىڭ قويرۇقىنى ئۈزدى. ئېلىپ ماڭالمىغان نەرسە - كېرەكلەرنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇباش ئۆزى ئولتۇرغان ياغاچتىن ياسالغان ئورداگاھنى ئۆز قولى بىلەن كۆيدۈرۈۋەتتى.

تورغاۋۇتلارنىڭ شەرققە قايتقان خەۋىرى رۇسىيە خا
سارىيىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئايال پادىشاھ يېكاتېرىنا ئ
تايىن غەزەپلىنىپ، ۋەزىر-ۋۇزرالىرىنى كېرەككە كەلمەيدىغا
ئەقىلسىزلار، دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغان ھەم قورشاپ
سۇش ئۈچۈن زور تۈركۈمدىكى كازاك لەشكەرلىرىنى چىقارغا
ئۇداش بىر يۈزلۈك قوراللىق قىسىمنى ئالدىدا يول ئېچىپ، كازا
لەشكەرلىرىنىڭ توسىقىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. قىرى
چۆرى، ئايال-بالىلارنىڭ ئىككى قانىتىغا ئاتلىق لەشكەرل
ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنى ئارىغا ئېلىپ قوغداپ ماڭدى. ئۆز
20 مىڭ لەشكەرگە قوماندانلىق قىلىپ كەينىدىن قوغداپ ماڭدى
ئۇلار بىر تەرەپتىن سەپەر قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇ
قىلدى، ئۆلگەنلەر ۋە يارلانغانلار ناھايىتى كۆپ بولدى. تو
غاۋۇتلار تىرىشىپ-تىرمىشىپ ۋولگا دەرياسى بىلەن ئورال دەريا
ئارلىقىدىكى ئوتلاققا يېتىپ كېلىپ كازاك لەشكەرلىرىنىڭ قو
لاپ زەربە بېرىشىدىن ئاساسەن قۇتۇلغاندا، شەرققە يۈرۈش قى
غان تورغاۋۇتلارغا توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن رۇسىيە ئور
بورگىنىڭ گوبېرناتورى بەش مىڭ خىل لەشكەرنى باشلاپ ئو
سىك قەلئەسىدىن ھوجۇمغا ئاتلاندى ھەم قازاق ئاتامانى نۇ
غالىغا باشچىرنىڭ 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن بىرلەش
شەرققە يۈرۈش قىلغان تورغاۋۇت قوشۇنلىرىغا قوغلاپ زەربە ب
رىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. بۇ ۋاقىت 6-ئاينىڭ تونۇر
ئىسسىق تومۇز ۋاقتى ئىدى. تورغاۋۇتلار يول بويى ھەرتەرەپ
يوپۇرۇلغان قوشۇنلار بىلەن جەڭ قىلىپلا قالماي، كېيەل



ئاچارچىلىقنىڭ ئازاۋىنى يەتكىچە تارتتى، ئادەملىرى كۆپلەپ
ئازىيىپ كەتتى. ھەتتاكىيا ئۆلمىگەن چۆل بىياۋان سارىبىلىنىڭ شى-
مالى چېگرىسىدىن ئۆتكەندە ئۇسساپ كەتكەن تورغاۋۇتلار ئات-
كالا قېنىنى ئىچتى. لېكىن بۇ مۇشەققەتلەرنىڭ ھەممىسى تور-
غاۋۇتلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىش ئىرادىسىنى قىلچىمۇ تەۋرىتەلمى-
دى. ئۇلار جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كۆچۈرۈپ، قاتمۇ-قات
قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاخىرى 1771-
يىلى 6-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، 7-ئاينىڭ باشلىرى جۇڭگو چېگرا-
سى ئىچىگە يېتىپ كېلىپ، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ۋەتەننىڭ
قوينىغا قايتىپ كېلىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى.

تورغاۋۇتلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ
ئىچكى قىسمىدا ئۇلار ھەققىدە تالاش-تارتىش پەيدا بولدى.
بۇ تالاش-تارتىش قايتىپ كەلگەن تورغاۋۇت قەبىلە باشلىقلىرى
ئىچىدىكى شېلىن دېگەن كىشىنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولغان
ئىدى. بۇ كىشى ئەسلىدە خودۇرلۇكنىڭ تاغىسى ئۇيغۇن چاپ-
چاچىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى خو-
دۇرلۇك ئادەملىرىنى باشلاپ غەربكە كۆچكەندە بىر قىسىم تور-
غاۋۇتلار بىرگە ماڭالماي، ئىلى رايونى تەۋەسىدە جۇڭغارلارنىڭ
قارىمىقىدا چارۋىچىلىق قىلىپ، كېيىن داۋاچى ۋە
ئامۇرسانانىڭ ئاسىيلىق توپىلىڭىغا قاتناشقان ئىدى. چىڭ ھۆكۈ-
مىتى جۇڭغار توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن شېلىن ئىككى مىڭ
ئادەمنى باشلاپ رۇسىيەگە قېچىپ كېتىپ، ۋولگا دەرياسى بويىدى-
كى تورغاۋۇتلارغا قوشۇلغان ئىدى. بۇ نۆۋەت شېلىن ئۇباش

بىلەن بىرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بەزىلەر شىلىن جىنايە

بىلەن قاچقان ئادەم، بۇنىڭدا چوقۇم نەيرەڭ بار، ئىشەنچىلىك

قىلماي بولمايدۇ، دەپ قارىدى. ھەتتا بەزىلەر چېگرادا چاتاق

چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاسىنى قوبۇل قىلماسلىق كېرەك

دېدى. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا «بەس-مۇنازىرە بول

ۋاتقاندا، تورغاۋۇتلارمۇ قايتىپ «كەلگەنلىكىنى قانداق چۈش

دۈرۈش» ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي ئارسالدى بولۇپ قا

غان ئىدى. ئۇباش ھەر قايسى قەبىلە باشلىقلىرىنى چاقىر

«ئالتە-يەتتە كۈن ئەقىلدىشىپ، بۈيۈك پادشاھقا تەۋە بولۇ

دېگەن سۆزىنى قولىنىشنى توغرا تاپقان» ⑮ تورغاۋۇتلار قا

تىپ كەلگەندىن كېيىن، پادشاھ چيەنلۇڭبۇ ھەقتە ھۆكۈم چ

قىرىپ، «ئۇباش ئەسلى گۇناسىز ئادەم، شۇڭا، سادىقلىق بىلە

ھەقىقەتكە قايتقانلىقىدا شەك يوق. شىلىن يېتىم قالماسلىق ئ

چۈن بىرگە كەلگەن، بۇمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش» ⑯، «ئى

ئەت قىلغانلىقى توققۇز ئۆلۈش، ھېلە- نەيرەڭى بىر ئۆلۈ

بولۇشى مۇمكىن»، ⑰ دەپ باشقىلارنىڭ ئەندىشىنى تۈگەت

ھەم ئىلىگە تورغاۋۇتلارنى كۈتىۋېلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇ

قا ۋەزىر ئەۋەتتى. ئۇباش ئۆزى ئېلىپ كەلگەن داڭقان، قا

تېشىدىن ياسالغان بۇيۇملار، پار-پۇر قاچا-قۇچا، ئۇ ھىلتى

لاكۇرتاۋدىقى قاتارلىق سوۋغات بۇيۇملىرىنى ھەم چىڭ

لالىسى يۇڭلىنىڭ 8-يىلى ئاتا-بوۋىلىرىغا مىڭ سۇلالىسى

رىيەدىن بېرىلگەن ئونۋان ئويۇلغان قاش تاش تامغىنى

جياڭجۇڭگە تەقدىم قىلدى. پادشاھ چيەنلۇڭ ئىلى جياڭجۇنىغا



مەلۇمات مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، «ئىلى جياڭجۇنىنىڭ تورغا-

ۋۇت خانى ئۇباشنىڭ پۈتۈن قەبىلە بويىچە تەۋە بولغانلىق

مەلۇماتىنى خاتىرىلەش نەزمىسى» نى يېزىپ قالدۇردى:

ئايۇكى خان ئىدى تورغاۋۇت خانلىقىدا ئىلگىرى،

ھازىرقى خانى ئۇباش رۇسىيەدىن يۈز ئۆرىدى.

كاتتا ئىنئاملارنى بېرىشكە ئەرزىدۇ ئاكا،

ئۆز ۋەتىنىگە تەلپۈنگەچ، ئىختىيار ئەيلەپ قەلبى.

شىلىن قاچقان ئىلگىرى قايتتى ئەندى ئىلگە،

قىلمىش كېرەك ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات.

ئويراتلار ئىلگىرى ئىچكى جەھەتتە زىتلىشىپ،

كەتكەن ئىدى يىراققا قېرىنداشلار بولۇپ يات.

قايتىپ كەلدى ئاخىرى يىراقلارغا كەتكەنلەر،

يات ئەللەردە يۈرگەننى سېغىندۇرار ئانا يەر. ⑱

تورغاۋۇتلار ۋولگا دەرياسىدىن جەمى 169 مىڭدىن ئار-

تۇق كىشى يولغا چىققان ئىدى، قىسقىغىنە بىر نەچچە ئاي

ئىچىدە ئادەملىرىنىڭ يېرىمى سەپەر ئۈستىدە قازا تېپىپ ئاران

80–90 مىڭچە ئادەم ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ كىيىم-

كېچەكلىرى جۇلجۇل بولۇپ، ھالى خاراپلىشىپ كەتكەن ئىدى،

ھەتتا بەزىلەر كىيىم-كېچەكسىز قالغان ئىدى. تۆگە، ئات، كالا-

قويلىرى پۈتۈنلەي دېگىدەك قىرىلىپ تۈگىگەن ئىدى. چىڭ

ئىلھۆكۈمىتى ۋاقتىنچە بورتالادا ⑲ تۇرغۇزۇپ ماددى ئەشيالەر

بىلەن قۇتقۇزۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. شەنشى غەزنىسىدىن

2 مىليون سەر كۈمۈچ ئاجرىتىپ، شىنجاڭ، گەنسۇ، شەنشى
نىڭشا ۋە ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلاردىن 200 مىڭدىن ئا
تۇق چارۋا، 20 مىڭ تايدىن ئارتۇق چاي، 41 مىڭ دادە
ئارتۇق ئاشلىق، 51 مىڭ دانىدىن ئارتۇق جۇگا، 61 مىڭ
ئارتۇق ماتا، 59 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق پاختا ۋە نۇرغۇنلىغ
كىگىز ئۆيلەرنى سېتىۋېلىپ، ⑳ تورغاۋۇتلارغا تارقىتىپ بەر
كېيىن، ئەسلىدە يېرىم باھاغا سۇندۇرۇپ تارقىتىپ بەرگ
ماللاردىن ئېلىنىدىغان تۆل بېجىمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدى. ㉑

تورغاۋۇتلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى مۇكاپاتلاپ، چ
ھۆكۈمىتى ئۇباشقا زورۇكتۇرخان (قەيسەر، باتۇرخان دېگە
مەنانى بىلدۈرىدۇ) دېگەن نامنى، سەبېك دورجىغا بۇيۇنتۇ
چىڭۋاڭ دېگەن نامنى، شېلىنغا بىلىكتۇجۇنۋاڭ دېگەن نا
ئىنئام قىلدى، چوڭ-كىچىك قەبىلە باشلىقلىرىغىمۇ نام-ئە
ئىنئام قىلدى. ئۇباشىنىڭ قەبىلىسى خوئۇرلۇكنىڭ ئەۋلا
ئىدى. ئۇنىڭ قەبىلىسى ئۇنۇڭ سۇجۇقتۇ كونا تورغاۋۇت قەب
-سى دەپ ئاتىلىپ، ئوباش باش بولىدى. قەبىلە شەرق
غەرب، جەنۇب، شىمال تۆت يول، 10 تۇغقا (خوشۇن) بۆلۈن
ئايرىم-ئايرىم ھالدا كۇرخارئۇسۇ (شىخۇ)، قارا شەھەر، ج
ۋە قوبۇقسار قاتارلىق جايلاردا چارۋىچىلىق قىلدى، ئىلى جيا
جۈننىڭ قارىمىقىدا بولدى. شېلىن تارماقى خوئۇرلۇكنىڭ تا
-سى ئويغۇن جاپچاپنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرى بولغاچقا چ
تېچىلىتۇيېڭى تورغاۋۇت قەبىلىسى دەپ ئاتىلىپ، ئىككى تۇغقا (خوش
بۆلۈنۈپ، شېلىن باش بولدى. ئۇلار قوبدۇ رايونىدا چارۋ



لىق قىلىپ، قوبدۇ ئامبىلىنىڭ تەۋەلىكىدە، چېگرانى قەنچىلاندۇ-
رۇش سول قول مۇئاۋىن جياڭجۈننىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

بىرگە قايتىپ كەلگەن خوشۇت قەبىلىسى بوستەن كۆلى
بويىدا چارۋىچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارغا كۆنگە
باش بولدى. تۆت تۇغقا (خوشۇن) بۆلۈنۈپ، قارا شەھەر ئام-
بىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

غەربىي يولىدىكى بىر تۇغ (خوشۇن) بىر ئايماققا
ئۆزگەرتىلدى. ئۇلار خوئۇرلۇكنىڭ ئوغلى، سۇكۇر دەيچىننىڭ
ئىنىسى لوپسەننىڭ ئەۋلاتلىرى بولۇپ، ئۇلارغا ئۇباشىنىڭ كىچىك
دادىسى مومەت باش بولدى. 1771-يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 36-يىلى)
مومەتقا چىڭ ھۆكۈمىتى دوربېل دېگەن ئۇنۋاننى ئاتا قىلىپ،
چىرغىلاڭ دەپ نام بېرىپ ياساقلىققا (خوشۇن باشلىقى) تەيىنلە-
دى. 1775-يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 40-يىلى) ئايماق باشلىقلىقىغا
تەيىنلەپ، جىڭ رايونىدا چارۋىچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى
ھەم «ئۇنۇڭ سۇجۇقتۇ كونا تورغاۋۇتلارنىڭ غەربىي قەبىلىسى»
دېگەن خەتلەر ئويۇلغان تامغا (ئۇنۇڭ سۇجۇقتۇ دېگەن سۆز
ساداقەتمەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.) ئىنئام قىلىندى. 1783-
يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 48-يىلى) پادىشاھ مومەتقا چىرغىلاڭ بېلىسى
مەنسۈپىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قىلىش ھەققىدە ئەمىر چۈ-
شۈردى. مىنگو يىللىرىغا قەدەر بېلى (جۈنۋاڭ) لىق ئورنىغا
ئالتە ئەۋلات، 12 كىشى ئولتۇرۇلدى. (ئاخىرىدىكى نەسەبنامىگە
قارالسۇن)

كونا تورغاۋۇت غەربىي قەبىلىسىدە ئايماق باشلىقىدىن بىر

كىشى، 2-دەرىجىلىك تەيجىدىن ئىككى كىشى، توغ باشقۇرغۇ ئەمەلداردىن بىر كىشى (مەمۇرى ئەمەلدار)، مېيرىن ئە داردىن بىر كىشى (لەشكىرى ئىشلار ئەمەلدارى)، مەسلى چىدىن بىر كىشى، زەڭگىدىن تۆت كىشى، چەۋەنداز باشلىق تۆت كىشى قويۇلغان. تۆۋەندە خۇرا، بەرگىس، بوس، جاتىن دېگەن سۇمۇل تەسىس قىلىنغان. تەۋەلىكىدە 700 نەچچە ئائىلە ئىدى. ㉒ ئۇلارنىڭ ئولتۇرغىنىنىڭ شەرقى تەرىپى جىڭنىڭ تې يەرلىرىگىچە، جەنۇبى تەرىپى قاش تېغىنىڭ تېرىسكەي (بۆ كى بولۇتنۇر تاغلىرى) تەرەپلىرىگىچە، غەربى تەرىپى ئۆتەيكى شىمالى تەرىپى ئېبىنۇر كۆلىگىچە باراتتى.

جىڭ رايونىنىڭ يەر تۈزۈلۈش تەكشى، تۇپرىقى بەت، سۇيى مول بولۇپ، دېھقانچىلىق ھەم چارۋىچىلىق قىلى باپ كېلەتتى. غەربىي يول تورغاۋۇتلىرى بۇ يەرگە ماكانلاشقا دىن كېيىن، بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق، يەنە بىر تەرەپتىن چارۋى چىلىق قىلىپ ئىقتىسادىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلدى.

تورغاۋۇتلارنىڭ ھەر قايسى ئايماق، خوشۇنلىرىنىڭ ۋا بەگلىرى، بېيلى، تەيجى قاتارلىق ئەمەلدارلىرى ھەر يىلى كى دە ئورۇمچى، قۇمۇل، سۇجۇ، لياڭجۇ قاتارلىق جايلارنى بې ئۆتۈپ چىڭدې ئىسترا ھەتگاھىغا بېرىپ، پادىشاھقا سالام بېر پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلاتتى. ئىلگىرى بېيجىڭغا بار غانلارنىڭ خىراجىتىنى ئورۇمچىگە بارغىچە ئۆزلىرى چىقىر ئۇنىڭ ئۇياقىدىكى يول خىراجىتىنى ھۆكۈمەت چىقىراتتى. 786 يىلىدىن باشلاپ (چيەنلۇڭنىڭ 51-يىلى) ھەر قايسى قەبىلىلە



نىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشىلانغاندا قۇمۇلدىن باشلاپ ھۆكۈمەت خىراجەت چىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى. ㉓ 1884-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 10-يىلى) شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلۇپ ھەر قايسى جايلاردا ئايماق، مەھكىمە، تىڭ، ئوبلاست، ناھىيە قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر قۇرۇلدى ھەم تورغاۋۇتلارنىڭ ئايماق، خوشۇنلىرى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى. 1888-يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 14-يىلى) جىڭ نازارەتچى سىلاۋچىتىڭ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي يول تورغاۋۇتلىرى جىڭ تىڭ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى. ㉔

1913-يىلى (مىنگونىڭ 2-يىلى) 2-ئاينىڭ 28-كۈنى مىنگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى جىڭ تورغاۋۇتلىرىنىڭ غەربىي قەبىلىسىنىڭ بېلىسى نورۇپپىزامبىلگە ۋاڭلىق مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلدى. ㉕ 1917-يىلى (مىنگونىڭ 6-يىلى) 5-ئاينىڭ 23-كۈنى نورۇپپىزامبىل كېسەل بىلەن قازا تاپتى. ئىككىنچى يىلى 5-ئاينىڭ 17-كۈنى نورۇپپىزامبىلنىڭ 2-ئوغلى داش ۋاڭلىققا ئولتۇردى. ㉖ داش جىڭ تورغاۋۇتلىرى غەربىي قەبىلىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاڭى بولدى.

غەربىي يول تورغاۋۇت موڭغۇللىرى ئاساسەن بۈگۈنكى جىڭ ناھىيىسى ۋە بورتالا شەھىرىنىڭ دالېتى يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقان. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بۇ ئىككى ئورۇندىكى موڭغۇللار ئاھالىسى 4730 كىشىگە يەتكەن. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تورغاۋۇتلارنىڭ ئەۋلادلىرى.

## قوشۇمچە: غەربىي يول كونا تورغاۋۇت ياساقلىرىنىڭ ۋارىسلىق نەسەبنامىسى

| ئىسىم فامىلىسى | سەلتەنەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى | ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى | [illegible] |
| --- | --- | --- | --- |
| مومەت | 1771-يىلى ياساقلىققا تەيىنلەندى، 1775-يىلى ئايماق باشلىقلىققا تەيىنلەندى. 1783-يىلى پادىشاھ ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. 1799-يىلى قازا تاپتى. | ئوباشىنىڭ تاغىسى | 1 |
| ئېردىنى | 1799 — 1802 | مومەتنىڭ چوڭ ئوغلى | 2 |
| كۆكە | 1802 — 1810 | ئېردىنىنىڭ ئىنىسى | |
| بادىچىرغىل | 1810 — 1811 | كۆكەنىڭ 2-ئوغلى | 3 |
| بادكىشىك | 1811 — 1816 | بادىچىرغىلنىڭ ئىنىسى | |
| بادناسىن | 1816 — 1846 | بادكىشىكنىڭ ئىنىسى | |
| خاتناسىن | 1846 — 1851 | بادناسىننىڭ چوڭ ئوغلى | 4 |
| ئوچۇر | 1851 — 1873 | خاتناسىننىڭ ئىنىسى | |
| ساڭغاجىر | 1875 — 1892 | ئوچۇرنىڭ ئىنىسى. | |
| بادمىزال | 1892 — 1900 | ساڭغاجىرنىڭ ئوغلى | 5 |
| نورۇپپىزامبىل 1913-يىلى ۋاكالىق مەنسىۋى بېرىلدى. | 1902 — 1917 | بادمىزالنىڭ بىرنەۋرە ئىنىسى | |
| داش | 1918 — 1952 | نورۇپپىزامبىلنىڭ 2-ئوغلى | 6 |



ئىزاھات:

(1) جاڭ مۇ: «موڭغۇللارنىڭ كۆچمە چارۋىچىلىق تارىخى»، 14-جىلد.

(2) خەيشىشىن: «موڭغۇللار تارىخى ۋە مەدەنىيىتى»، 79-بەت.

(3) زلاتكىن: «جاقار خانلىقىنىڭ تارىخى»، 39-بەت.

(4) يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ 124-بېتى

(5) يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ 126-بېتى.

(6) يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ 127-بېتى.

(7) باكمان: «تورغاۋۇتلارنىڭ رۇسىيەدىن جۇڭگوغا قايتىش خاتىرىسى» دىن.

(8) نى داجىن: «غەربىي موڭغۇللار ۋە مانجۇلار»، 27-بەت.

(9) پارىلىۋا: «قالماقلارنىڭ رۇسىيەدە تۇرغان مەزگىلىدىكى تارىخىدىن تېزىسلار»، 16-بەت.

(10) جاڭمۇ: «موڭغۇللارنىڭ كۆچمە چارۋىچىلىق تارىخى»، 14-جىلد.

(11) تولىچىن: «غەربىي دىيار خاتىرىسى»، 3-توم.

(12) جۇڭ يۈەن: «غەربىي رايوندا كۆرگەن-بىلگەنلىرىم» دىن.

(13) سۈن.خېيدىن: «رىخى.پادىشاھ شەھىرى»، 36-بەت.

(14) يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ 31 بېتى.

(15) جۇڭ يۈەن: «غەربىي رايوندا كۆرگەن-بىلگەنلىرىم» دىن

(16) «چىڭ گاۋزۇڭ ھەققىدە چىن خاتىرە»، 887-جىلد، 5-ب

(17) چيەنلۇڭ: «تورغاۋۇتلارنىڭ تەۋە بولۇش خاتىرىسى»، ئا
ئابىدىگە يېزىلغان خەت.

(18) جۇشۈەن: «جۇڭغار تارىخى ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلار ت
لىمى»، 2-توپلام، 370-بەت.

(19) «چىڭ گاۋزۇڭ ھەققىدە چىن خاتىرە»، 887-جىلد، 14-بەت.

(20) چيەنلۇڭ: «تورغاۋۇتلارغا نەپىقە بېرىش خاتىرىسى»، ئا
ئابىدىگە يېزىلغان خەت.

(21) «چىڭ گاۋزۇڭ ھەققىدە چىن خاتىرە»، 957-جىلد، 23-بەت.

(22) «لىيۇشاڭچىنىڭ پادىشاھقا يوللىغان مەكتۇپلىرى»، 12-جىل

(23) يۇڭباۋ: «ئىلىدىكى ۋەقەلەر ھەققىدە».

(24) «چىڭ گاۋزۇڭ ھەققىدە چىن خاتىرە»، 1243-جىلد، 11-10-بەت

(25) جاڭداجۈن: «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلار»، 2-قىسىم، 690-بەت

(26) يۇقىرىدىكى كىتابقا ئوخشاش.




# جىڭ ناھىيىسىدىكى تورغاۋۇتلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى

س. مەنجىن، جۇخۇڭ

تورغاۋۇت — موڭغۇل مىللىتىنىڭ قەدىمىي قەبىلىسى. جەسۇر-باتۇر كەلگەن تورغاۋۇتلار ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى ۋە چېگرىنى قوغداش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئويناپ، مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇلار ئات مىنىش، ئو ئوۋلاش ۋە چارۋا بېقىشقا ماھىر. ئادەملىرى كۈچلۈك - قاۋۇل كېلىدۇ. ناخشا-ئۇسسۇلنى ياخشى كۆرىدۇ. ئازاتلىقتىن بۇرۇن ئۇلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشاپ كەلگەچكە مەدەنىيىتى بىر قەدەر قالاق ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، كەسىپ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت، سودا، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ قاتارلىق ھەرقايسى سەپلەردە ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشتى. مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرى ئومۇملىشىپ تەرەققىي قىلدى. تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، پۈتكۈل مىللەت گۈللىنىپ روناق تاپتى.

## 1. جىڭدىكى موڭغۇل مىللىتى تورغاۋۇت قەبىلىسىنىڭ كېلىش مەنبەسى

تورغاۋۇت — «ئويرات» موڭغۇللىرى تۆت چوڭ قەبىلىسىنىڭ

بىرىسى، يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تورغاۋۇت «ئويرا
موڭغۇللىرىنىڭ تەركىۋى قىسمى.

ئېلىمىزنىڭ تارىخى كىتابلىرىدا يۈەن سۇلالىسىدىن با
لاپ «ئويرات» توغرىسىدىكى خاتىرىلەر يېزىلغان. مىڭ سۇلا
سى، چىڭ سۇلالىسى قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان تارىخى
ۋرلەردە «ئويرات» دېگەن سۆز ئاھاكى ئاساسىدا ھەر خى
خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلىپ كەلگەن. چەت ئەل ئالىملى
بۇ مىللەتنى كۆپ ھاللاردا «قالماق» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ با
لىرى «ئويرات»-«جۇڭغار»، «خوشۇت»، «توربۇت» ۋە «تورغاۋۇ
دەپ تۆت چوڭ قەبىلىگە بۆلۈنگەن. ئۇلار ئاساسەن تەڭرى تې
نىڭ شىمالىدىكى كەڭ زېمىندا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلە
شۇغۇللانغان. جۇڭغارلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا، خوشۇتلار ئۈ
رۈمچى رايونىدا، توربۇتلار ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغ
قىدا، تورغاۋۇتلار تارباغاتاي ۋە ئۇنىڭ شىمالى رايونلىرى
كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شەرقى موڭغۇللار
لەن ئۇرۇش كۆپ بولغانلىقتىن تورغاۋۇتلار ۋە توربۇتلار تەدرى
جى ئېشىم دەرياسى بىلەن توبۇل دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، يوقۇرى
ۋادىلىرىغىچە كېڭىيىپ، سىبىرىيە خاندانلىقىنىڭ تالاس ئەتراپى
يېقىنلاشقان، ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بالقاش كۆلىنى
شەرقىدىن جەنۇبىغىچە بولغان بىپايان زېمىن جۇڭغارلار
تورغاۋۇتلار كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان جايلار ئىدى. شۇچا
تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى



جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىنلار «ئىلىتىبالىق» دەپ
ئاتىلىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى.

جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ كۈچى غەربى شىمالى رايوندا تەدرىجى
كۈچىيىپ، بارغانسىرى قۇدرەت تاپقاچقا، ئويراتنىڭ باشقا ئۈچ
قەبىلىسىگە كەمسىتىش ۋە چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە چار رۇسىيە ھەربى كېڭەيمىچىلىكىنى يولغا قويۇپ،
جەنۇپقا قاراپ تاجاۋۇزچىلىق قىلغانلىقتىن ئويراتنىڭ ھەر
قايسى قەبىلىلىرى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى. تورغاۋۇتلار ئۆز-
لىرىگە بولغان چەتكە قېقىش ۋە كونتىرول قىلىشقا نارازى بو-
لۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى يەنى چۇڭچېننىڭ ئىككىن-
چى يىلى (1629-يىل) ئەسلىدىكى ئوتلاقلىرىدىن ئايرىلىپ، غەر-
بكە كۆچۈشكە باشلىغان. ئۇلار ئېشىم دەرياسى ۋە توبۇل دەرياسىنى
بويلاپ قازاق ئوتلاقلىرىدىن ئۆتۈپ، 1630-يىلى ھازىرقى سوۋېت
ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىكى ۋولگا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى ۋە
دون بىلەن ئۇلار دەريالىرىنىڭ ئارلىقىدىكى جايلارغا يېتىپ بې-
رىپ، 140 نەچچە يىل چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

تورغاۋۇتلار چاررۇسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بىر يېرىم ئەسىر
ياشاپ، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمى، ئانى قىلىشى ۋەكەم-
سىتىشكە يەتكىچە ئۇچرىدى. مەسلەن: چاررۇسىيە ئۇلارنى دىنى
ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە، 16 ياشتىن ئاشقان يىگىتلىرىنى ئەس-
كەر بولۇشقا، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىگە ئات، تۆگە، مال-مۈلۈك
ۋە ھەر خىل سېلىق-باجلارنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىغان. تاقەت
قىلىپ تۇرۇشقا ئامال قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ باش خان

باشچىلىقىدا سىبىرىك دورجى قاتارلىق ئالتە نەپەر يۇقۇر تەبى- زاتلىرىدىن تەشكىللەنگەن رەھبەرلىك گورۇھ مەسلىھەتلىشىپ، ئىلى- گە يەنى ۋەتىنىنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى قارار قىلغان.

1770-يىلى قىشتا ھاۋا بىر قەدەر ئىسسىق بولغانلىقتىن ۋولگا دەرياسىدا مۇز توڭلىماي، شىمالىي قىرغاقتىكى تورغاۋۇتلار جەنۇبىي قىرغاقتىكى تورغاۋۇتلار بىلەن ئەسلىدىكى ۋەدىلەشكەن پىلان بويىچە بىرلىشەلمىگەن. ئۇ باش كۆتۈرۈپ تۇرالماي، جەنۇبىي قىرغاقتىكى خەلققە چاقىرىق قىلىپ ھەم ئۇلارنى باشلاپ دەرھال شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ۋەتەنگە قايتقان. ئۇ «ئەۋلاتلىرىمىز مەڭگۈ قۇل بولمىسۇن، قۇياش كۆتۈرۈلگەن جايغا يۈرۈيلى» دېگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ باش 33 تۈتۈن، 17 تۈمەن تورغاۋۇت ۋە قىسمەن خوشۇتلارنى باشلاپ بىر يېرىم ئەسىرگە يېقىن ياشىغان زېمىنىدىن ئايرىلىپ، 1771-يىل 1-ئايدا ئىنتايىن جاپا-مۇشەققەتلىك بولغان ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىنى باشلىغان.

چار روسىيىنىڭ ئايال پادىشاھى يېكاتېرىنا تورغاۋۇتلارنىڭ شەرققە قايتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، بۇ ئىش «رومانوپ جەمەتىگە ۋە بېشىغا بۈيۈك پېتىرنىڭ خا- تاجىسى كەيدۈرۈلگەن قوغدىغۇچى ئىلاھ بۇركىتىگە ئۆچمەس داغ كەلتۈردى» دەپ قاراپ، ئارقىدىن قوغلاپ زەربە بېرىشكە دەرھال قوشۇن چىقاردى.

ئۇ باش باشچىلىقىدىكى كىشىلەر ۋەتەنگە قايتىش يول- چار روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىگە داۋاملـ



ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچارچىلىق ۋە ئاغرىق-سىلاقنىڭ ئازاۋىنى يەتكىچە تارتىپ، تۈرلۈك مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەي، قەيسەرلىك بىلەن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن. يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەپەر قىلىش ئارقىلىق ئۇلار ئاخىرى چيەنلۇڭنىڭ 36-يىلى (1771-يىلى) 6-ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى چىڭ سۇلالىسى قورۇلىنىڭ يېنىدىكى تامغا دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىۋالغان.

ئۇزاق مۇساپىلىق سەپەردە جەڭ، ئاچارچىلىق ۋە كېسەل سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن 100 مىڭچە ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلىپ، ئاران 70 مىڭچە ئادەم قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئۈستى-بېشىدىكى كىيىم-كېچەكلىرى جۇل-جۇل بولۇپ تىتىلىپ، ئادەملىرى بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان. مال-چارۋىلىرىمۇ پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگىگەن.

چىڭ خاندانلىقى تورغاۋۇتلارنىڭ ۋەتەنگە قايتقانلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلى جياڭجۈنىگە ئۇلارغا قۇتقۇزۇش بېرىش ۋە ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە دەرھال پەرمان چۈشۈرگەن. ھەم جاڭ جياكۇدىكى دۇتۇڭ ۋە شەنشى، گەنسۇ زۇڭدۇسىنى چارۋا مال، چاي قاتارلىق بۇيۇملارنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نىڭشا ۋە ئىچكى موڭغۇلدىكى قېرىنداش مىللەتلەرمۇ تورغاۋۇتلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، زور تۈركۈمدىكى ماددى بۇيۇملارنى ياردەم قىلغان. يەنى: جەمئى 200 مىڭ تۇياق ئات-كالا-قوي، 40 مىڭ

دادەندىن ئارتۇق ئاشلىق، 20 مىڭ تايدىن ئارتۇق چاي،
مىڭدىن ئارتۇق جۇۋا، 60 نەچچە مىڭ ماتا، 60 مىڭ جىڭ
پاختا، 40 نەچچە مىڭ دانە كىگىز ئۆي ياردەم قىلغان.

ئۇلار قايتىپ كەلگەن يىلى كۈزدە چىيەنلۇڭ پادىشاھى
دېدىكى ئىستىراھەتگاھىدا ئۇ باش قاتارلىق كىشىلەرنى قوبۇل
قىلىپ، ئۇلارنىڭ زوراۋانلىققا باش ئەگمەي دۆلەت ۋەتەن
ئۈچۈن ياراتقان تۆھپىسىنى مەدھىيىلىدى. چىيەنلۇڭنىڭ 40-يىلى
(1775-يىلى) ئۇباشقا "كونا تورغاۋۇتلارنىڭ ساداقەتمەن باش
خانى" دېگەن مانجۇچە خەت ئويۇلغان بىر دانە كۈمۈچ تامغا
ئىنئام قىلدى. كېيىن يەنە چىڭدې بۇتخانىسىدا "تورغاۋۇتلارنىڭ ۋەتەنگە تولۇق قايتىپ كېلىش خاتىرىسى" ۋە "تورغاۋۇتلارغا نەپىقە بېرىش
خاتىرىسى" دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن ئىككى تاش ئابىدە تۇرغۇزۇل
ئۇباش ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن قەبىلىلەرنىڭ زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش روھى
تەقدىرلەندى. ئۇباش، سەبىڭ دورجى قاتارلىق كىشىلەرگە ۋە ھەرقايسى
قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىغا خان، چىڭۋاڭ، جۈنۋاڭ، بېيلى، بېي
تىنجىتقىش بېگى، ياردىۋۆلەك بېگى دېگەنگە ئوخشاش ۋارىس
ئۇنۋانلىرىنى بەرگەن ھەم ئايرىم-ئايرىم ياساق تەيىنلەپ با
گەن.

تورغاۋۇتلار ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۇرمۇش
ھەقتىن قۇتقۇزۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىلىپلا قالماي
موقۇم ئولتۇراقلاشمىدىغان ئورنىمۇ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان.
باشنىڭ كونا تورغاۋۇت قەبىلىسى ئونۈك سۇجۇقتۇ ئايما
كونا تورغاۋۇت قەبىلىسى دەپ ئاتالغان، ھەم شەرق، غەر



جەنۇپ، شىمال تۆت يولغا بۆلۈنۈپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا كور-
خار ئوسۇ (بۈگۈنكى شىخۇ)، قارا شەھەر (بۈگۈنكى يەنجى، خې-
جىڭ)، قوبۇقسار، جىڭ قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ،
ئىلى جياڭجۇنىنىڭ قوماندانلىققا تەۋە قىلىنغان. شىلىنىڭ يېڭى
تورغاۋۇت قەبىلىسى چىنسە تېچىلىكتۇ ئايمىغى يېڭى تورغاۋۇت
قەبىلىسى دەپ ئاتىلىپ، قوبدۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى (بۈگۈن-
كى ئالتاي) رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، قوبدۇ ئامبىلىنىڭ قو-
شۇمچە باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىنغان.

جىڭ تورغاۋۇتلىرى غەربىي يول كونا تورغاۋۇتلىرى دەپمۇ
ئاتىلىدۇ. بىر خوشۇن بىر ئايماققا ئۆزگەرتىلگەن.
قارىمىغىدا خورا، بەرگىس، بوس ۋە جاتىن دېگەن 4 سۇمۇل، 400
تۈتۈن، 3000 گە يېقىن ئادىمى بولۇپ، مۇمىت قوماندانلىق
قىلغان. مۇمىت ئۇباشنىڭ بىر جەمەت تاغىسى بولۇپ، چىيەنلۇڭ-
نىڭ 36-يىلى دوربېيلى ئونۋانى بېرىلىپ، جىرغىلاڭ دەپ
ئاتالغان، ھەم ياساق مەنسىۋى بېرىلگەن. بىر تىنىچلاندۇرۇش
بېگى، بىريار-يۆلەك بېگى، ئىككىنچى دەرىجىلىك تەيجىدىن ئىك-
كى كىشى، تۇغ ئەمەلداردىن بىر كىشى، مېيىرىن جياڭجۇندىن
بىر كىشى، تۆت زەڭگە، تۆت چەۋەنداز ئەمەلدارى قويۇلغان.

دورجىرغىلاڭ بېلگەچىيەنلۇڭنىڭ 40-يىلى (1775-يىلى) تامغا
ئىنئام قىلىنغان. 48-يىلى پادىشاھ نەھەلگە ۋارىسلىق قىلىش
ھەققىدە ئەمرى چۈشۈرگەن. ۋارىسلىق قىلىش چىڭ سۇلالىسى-
نىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا قەدەر داۋاملاشقان. بېل مەنسىپىگە
ئىلگىرى-ئاخىرى مۇمىت، ئېردىنى، كۆكە، بادجىرغىل، بادكىشىك،

باد ناسىن، خاتتاسىن، ئۈچۈر، ساغفاجىر، بادەمزال ۋەئورۇپىل
بېل قاتارلىقجەمئى بەش ئەۋلات 11 كەنتتە ئولتۇرغان. تورۇن
مېيل ئاخىرقى ئەۋرىدە جۇڭۋاڭلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشك
ئۇ مىنگونىڭ 6 - يىلى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى (1917 - يىل
كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا تاپقان. شۇ چاغدا ئۇنىڭ چوڭ ئ
لى ئۆلۈمچى ئىردە 13 ياشتا بولۇپ، كىچىككىدىلا لامالىققا
تەۋەتكەنلىكتىن ۋارىسلىق قىلالمىدى. ئىككىنچى ئوغلى دا
ۋياشتا بولۇپ، مىنگونىڭ 7 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (1918 يىل
جۇڭۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىپ، «داشۋاڭ» دەپ ئاتالغان. ئالتىن
ئەۋلاتنىڭ 12 - بېيلى (ياكى خانى) داش نورۇپچىمچە داۋاملى
شىنجاڭ ئازات بولغانغا قەدەر ھوكۇم سۈرگەن.

جىڭ تورغاۋۇتلىرىنىڭ ئەينى زاماندىكى چارۋىچىلىق قىلى
رايونلىرى شەرقى تەرەپتە جىڭنىڭ تېرىم رايونلىرى ئۆل
باشلىنىپ، جەنۇپ تەرىپى قاش تېغى تېرىسكەي ئىلى ئونلائىش
لىرغىچە، غەربى تەرىپى توخۇمتۇتەي، بۆلمىنىڭ چاقار چارۋ
لىق رايونلىرىغىچە، شىمال تەرىپى ئېپنۇر كۆلىگىچە بولغان كەڭ
يونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

## 2. جىڭ تورغاۋۇتلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى

### (1) دىنىي ئېتىقادى

جىڭ تورغاۋۇتلىرى لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. لاما
نى جۇڭگو بۇددا دىنىنىڭ بىر مەزھىپى. «لاما» دې
سۆز تىبەتچە سۆز بولۇپ، «پىرىم» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ



دىنى سېرىق، قىزىل، ئاق، ئالا قاتارلىق مەزھەپلەرگە بۆلۈنىدۇ. سېرىق مەزھەپ لاما دىنىنىڭ ئاساسىي مەزھىپى بولۇپ، موڭغۇللار ئىچىدە كەڭ تارقالغان. تورغاۋۇتلار بۇ دىننى قوبۇل قىلغان ھەم ئۇنىڭ سادىق مۇرىتى بولغان.

لاما دىنىمۇ بۇددا دىنىغا ئوخشاش تەكرىنىڭ ھوكۈمىگە ئېتىقاد قىلىپ، بۇ ئالەمدە بۇتقا چوقۇنۇپ، ساخاۋەتلىك ئۆتكەنلەر ئۆلگەندىن كېيىن «جەننەت»كە كىرىدۇ، تەكرىگە ئېتىقات قىلىپ تەقدىرگە تەن بېرىپ، بۇ ئالەمدىكى كۈلپەتلەرگە بەرداشلىق بەرگەندىلا باقىي ئالەمدە ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، باقىي ئالەمدە «جىن-شەيتان ۋە ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىدۇ» ھەتتا مەڭگۈ «دوزاق» ئازابىنى تارتىدۇ، دېگەنلەرنى تەرغىپ قىلىدۇ. كۆچۈش-قونۇش، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم، تۇغۇلغان بالىلارغا ئات قويۇش قاتارلىق تۇرمۇش ئىشلىرىدا لامالارنى چاقىرىپ ئايەت ئوقۇتۇپ، پال سالغۇزۇپ، نەزىر-چىراق قىلىدۇ.

لاما دىنىنىڭ مۇرىتلىرى ئائىلىسىدە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئوغلى بولسا چوقۇم بىر ئوغلىنى سومەگە لاما قىلىپ ئەۋەتىدۇ. لامالارنىڭ توي قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ھەر قانداق باج-سېلىق، ئالۋاڭ، مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. كىشىلەر لاما بولۇشنى شەرەپ دەپ بىلگەچكە، لامالار سانى بارغانسىرى كۆپەيگەن. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن، بۇ مىللەتنىڭ كۆپىيىشىگە چوڭ تەسىر يېتىپ، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. موڭغۇل رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى چېكىنىپ،

مەدەنىيىتى ئارقىدا قېلىپ، خەلق تۇرمۇشى نامرات ھالەتتە
شۇپ قالغان.

جەڭدىكى تورغاۋۇتلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بار-
غان ئەڭ چوڭ بۇتخانىسى «ئاق بۇت» ئىدى. ئاق بۇت م-
قى بورتالا ناھىيىسى دالتى يېزىسى باغبۇرا كەنتىدە ئىدى.
خانىنىڭ كۆلىمى چوڭ بولۇپلا قالماي، نەقىش-بېزەكلىرىمۇ
ھايىتى نەپىس ئىدى. بۇتخانىغا شاگىجىمانى، زۇڭقابا قاتار
ئەۋلىيالارنىڭ مىس ھەيكەللىرى قويۇلغان، دالاي، بەنچەنلەر
رەسىملىرى چاپلانغانئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل تام رەسىملىرى
رەڭدار نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن ئىدى. بۇتقا چوقۇنۇشتا ئىشلىتىلىدىغان
چىراق، قوڭغۇراق، ئىسرىقدان قاتارلىق نەرسە-كېرەكلەر تولا
ئىدى. بۇ بۇيۇملار ئىنتايىن نەپىس ھەم مىللىي ئالاھىدىلىككە
ئىگە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى بولۇپ، موڭغۇل-تىبەت مەدەنىـ
يىتىنىڭ ئۆز-ئارا ئالمىشىشى ۋە موڭغۇل خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىـ
راسىتىنى تولۇق نامايەن قىلاتتى.

بۇتخانىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي پائالىيەتلەر ناھايىتى
كۆپ بولۇپ، قەمەرىيە 1-ئاينىڭ 15-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان
خانا سەيلىسى» ئەڭ كاتتا پائالىيەت ئىدى. ھەر قايسى
خانىلاردىكى لامالار يىل بويى ئۆز پائالىيىتىنى ئېلىپ بار-
دىن باشقا، 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئاق بۇتنىڭ
كى تەرىپىدىكى راھىپ ئۆيلىرىگە يىغىلىپ، 40 كۈن «گەنجۇر»
نى ئوقۇيدۇ. قىش پەسلىدە «مەدىر نوم»نى ئوقۇشنى باش-
ياندۇرقى يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بۇ كۈنى



خۇللارنىڭ ئاق سۆڭەكلىرى، بايلىرى ۋە نامرات پۇقرالىرى تە-
رەپ-تەرەپتىن ئاق بۇتقا يىغىلىپ، ئىسرىق سېلىپ، تالاۋەت قى-
لىپ، ئىبادەت قىلىدۇ. پائالىيەتلەر ئىنتايىن تەنتەنىلىك ھەم
قىزغىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى ئېلىم-
سېتىم سودا پائالىيەتلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئاق بۇت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا «سولچىل»
خاتالىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئىسيانچىلار تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلدى.

تورغاۋۇتلارنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك قويۇق دىنىي تۈس ئالغان
پائالىيىتى دۆۋىلەنگەن ئۇۋادا نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش پائالىيىتى. بۇ
ئەنئەنىۋى پائالىيەت تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. «ئۇۋا»
دېگەن سۆز موڭغۇلچە سۆنىمي ئاساسىدا دۆۋىلەنگەن تاش دۆۋە
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تاش دۆۋىلەر بىر خىل بولماستىن
چوڭ-كىچىك ھەر خىل بولىدۇ. بەزى تاش دۆۋىلەرنىڭ ئوتتۇ-
رىسىغا دەرەخ شېخى قادىلىپ، شاخقا ھەر خىل لاتىلار باغلاپ
قويۇلىدۇ. ئۇۋا ئەسلىدە يول كۆرسىتىش ياكى چېگرانىڭ پاسىل
بەلگىسى قىلىش ۋە ياكى بىر قىسىم چوڭ پائالىيەتلەرنى خا-
تىرىلەش ئۈچۈن دۆۋىلەنگەن تاش دۆۋە بولۇپ، ئەيدە دېگەن
مەنانى ئۇختۇراتتى. كېيىن، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە
ئۇچراپ، ئۇۋانىڭ ئۇقۇمى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، مۇقەددەس نەر-
سىگە ئايلىنىپ، دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنغا ئاي-
لىنىپ قالدى. سەپەردە ئۇۋانىڭ يېنىدىن ئۆتكەنلەر ئاتتىن چۈ-
شۈپ، ئۇۋانىڭ ئۈستىگە يېمەكلىك چاچىدۇ ياكى بىرەر تاش
قويۇپ قويىدۇ. ھەر يىلى ئۇۋادا بىر قېتىم نەزىر-چىراق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئوت-چۆپ يېتىلگەن، مال-چارۋا سەمىرىگەن 7-8-ئايلا
ئوۋادا نەزىر چىراق ئۆتكۈزىلىدۇ. نەزىر كۈنى يۇقىرىس
غۇللارنىڭ ۋاكىللىرىدىن تۆۋىنى ئاۋام-پۇقرالىرىغىچە بەلگ
گەن ئوۋانىڭ ئەتراپىغا يىغىلىدۇ. ئالدى بىلەن لامالار ئۇس
سىلىپ، ئايەت ئوقۇيدۇ. ئاندىن كۆپچىلىك سولدىن ئوڭغا
ۋانى چۆرىدەپ ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ، تەڭرىدىن بەخت تىل
نەزىر-چىراقنىڭ مۇراسىملىرى ئوت، هاراق، قان بىلەن نا
بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

ئوت بىلەن نەزىر بېرىش: ئوۋانىڭ يېنىغا گۈلخان
دۇرۇلۇپ، هەر بىر كىشى ئۆز ئىسمىنى ئاتاپ، گۈلخاننىڭ
نىغا كېلىپ، ئاتىغان نەزىر بۇيۇمىنى ئوتقا تاشلايدۇ. ئوت
چە ئۇلغىيىپ كۆيسە، شۇنچە خاسىيەتلىك دەپ قارايدۇ. م
غۇللار ئوت ئىلاھىغا چوقۇنىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئوتنىڭ مۇقەددە
نەرسە، كىشىلەرنى ھەممە يامانلىقلاردىن خالى قىلىدۇ دەپ قارا

هاراق بىلەن نەزىر بېرىش: سۈت هاراق، ئاق هاران
كى ئاق سۈتنى ئوۋانىڭ ئۈستىگە چېچىپ تەڭرىدىن ئامانل
ۋە بەخت ئاتا قىلىشنى تىلەيدۇ. بۇ خىل شەكىل بىر ق
ئومۇملاشقان بولۇپ، تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

قان ئاققۇزۇپ نەزىر بېرىش: يەنى تەڭرىگە ئاتاپ
سويۇپ قۇربانلىق قىلىدۇ. موڭغۇللار چارۋا ماللارنى تەڭرى
تا قىلغان دەپ قاراپ، تەڭرى ۋە ئوۋاغا نەزىر بەرگەندە
رىنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ئاتاپ مال سويىدۇ.

كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان ئوۋا نەزىر-چى



پائالىيىتى «ئوۋا تەكلىغىن» دەپ ئاتىلىدۇ. نەزىر-
كۈنى ئات بەيگىسى، چېلىشىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئوي-
ناش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن خەلق دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى سى-
ياسىتىدىن تولۇق بەھرىمان بولدى. پەن-مەدەنىيەت سەۋىيە-
سىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر ئارىسىدا دى-
نى كۆز قاراش بارغانسېرى ئاجىزلاشتى. زور كۆلەملىك «ئوۋا
تەكلىغىن» نەزىرى بېرىش پائالىيەتلىرى تەدرىجىي هالدا دىنى
تۈسنى يوقىتىپ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىلىدىغان مال ۋە مەدە
نىيەت ئالماشتۇرىدىغان، مىللىي ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش
پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان يايلاقتىكى كاتتا يىغىنغا
ئۆزگەردى. نامى «نادام» يىغىنى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

## (2) تىل-يېزىقى

جىڭ تورغاۋۇتلىرى موڭغۇل تىلىنىڭ ئويرات شېۋىسىنى
قوللىنىدۇ. بۇ تىل ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە
بولۇپ، سىنتاكسىس جەھەتتە كۆپ مىقتاردىكى سۆز تۈرلىنىش ۋە
سۆز ياساش قوشۇمچىلىرىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، گىرامماتىكا
جەھەتتە مۇكەممەل جۈملە قۇرۇلمىسىغا ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە
موڭغۇل تىلى گىرامماتىكىسى قانۇنىيەتلىرىدە ئاساسەن سۆزلەرنى
ئەركىن بىرىكتۈرگىلى بولىدۇ. لۇغەت تەركىبىمۇ ئىنتايىن مول.

بۇنىڭدىن باشقا غەربىي - شىمالدىكى هەر قايسى قېرىندا-
داش مىللەتلەر بىلەن تارىختىن بۇيان جاپا-ھالاۋەتتە بىرگە

ئېناق ياشاپ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت قاتار
جەھەتلەردە ئۆز-ئارا ئالماشتۇرۇش بىر قەدەر كۆپ بولغان
تىن قېرىنداش مىللەتلەر تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆ
مۇ ناھايىتى كۆپ.

موڭغۇل يېزىقى 13-ئەسىرنىڭ باشلىرى ئۇيغۇر يېزى
ئاساسىدا ئىجات قىلىنغان. 14-ئەسىرنىڭ باشلىرى موڭغۇل ئا
چۆجە ئوسۇر «ئۇيغۇرچىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن موڭغۇل يېزى
غا ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ ئۇنى موڭغۇل تىلىنىڭ ئالاھىدىلى
ماسلاشتۇرغان. مانا بۇ تا بۇ گۈنگە قەدەر ئېلىمىزدىكى مۇ
كۆپ ساندىكى موڭغۇللار ئورتاق ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان «خۇ
يېزىقى»دۇر. 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئويرات موڭغۇل ئا
زايا پەندىتا خۇدۇم يېزىقى ئاساسىدا ئويرات شېۋىسىدە يېز
تاۋۇشلارنى يەنىمۇ توغرا ئىپادىلەپ توت بىچىك يېزىقىنى
كى توت يېزىقىنى شەكىللەندۈردى. بۇ يېزىق ئويرات موڭ
لىرى ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلىپ تاكى بۈگۈنگىچە ئ
ئىشلىتىلمەكتە. تورغاۋۇتلار ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تەركىۋىدە
غانلىقتىن ئەۋەتتە توت يېزىقىنى ئىشلىتىپ كەلدى. ھالبۇ
شىنجاڭدىن باشقا جايلاردىكى موڭغۇللار يەنىلا خۇدۇم يېزى
ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. مانا بۇ ئېلىمىزدىكى موڭغۇللار ئا
بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئىككى خىل يېزىقنى قوللىنىش
سەۋەپتۇر.

توت موڭغۇل يېزىقىدا يەتتە سوزۇق تاۋۇش، 24 ئۈزۈ
تاۋۇش بولۇپ جەمئىي 31 ھەرپ بار. ھەرپلەر چوڭ



كى كىچىك شەكلى دەپ ئايرىلمايدۇ. ھەربىر ھەرپ باش، ئوتتۇرا ۋە ئاخىرىدا كېلىشىدىن قەتئىي نەزەر بىر خىل شەكىلدە يېزىلىدۇ. يېزىلىشتا ھەرپلەر يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ، سۆزلەرمۇ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ يېزىلىپ، قۇرلار ئوڭدىن سولغا قاراپ تېزىلىدۇ.

1981-يىل 7-ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك موڭغۇل تىل-يېزىق خىزمىتى يىغىنى موڭغۇل يېزىقىنى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، 1982-يىلىدىن 1990-يىللىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە موڭغۇللار ئىچىدە خۇدۇم يېزىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. ھازىر ناھىيە بويىچە موڭغۇل ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردە پۈتۈنلەي خۇدۇم يېزىقى بىلەن دەرس ئۆتۈلمەكتە.

## (3) ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى

موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئاساسەن ئات بەيگىسى، چېلىشىش ۋە ناخشا-ئۇسسۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئات بەيگىسى ۋە چېلىشىش ئاساسەن ئوت-چۆپلەر يېتىشكەن، مال چارۋىلار سەمىرىگەن، «ئوۋا تەكلىخەن» نەزىرچىراق مۇراسىمى بولغان ۋاقىتلاردا ئۆتكۈزۈلەتتى. ھازىر بولسا ھەر يىلىنىڭ 7-8-ئايلىرىدا يايلاقتا ئۆتكۈزۈلىدىغان نادام كاتىتا يىغىنلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

موڭغۇللار ناخشا ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇپ بايرام، يىغىلىش كۈنلىرى، توي-تۆكۈن ياكى ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋالغان شاتى-

## (4) تۈي-تۆكۈن ئىشلىرى

تۇرغاۋۇتلارنىڭ نىكا ئىشلىرى ئىلگىرى ئومومەن ئاتائانىلارنىڭ
قۇدىلىشىشى بىلەن بولاتتى. نىكا-تويى قائىدا-يوسۇنلىرى بىر قە-
دەر مۇرەككەپ ھەم قىزىقارلىق ئىدى. ئاساسەن تۆۋەندىكى يو-
سۇنلار بويىچە ئۆتكۈزۈلەتتى:

(1) قۇدا چۈشۈش: ئوغۇللارتوي قىلىش
يېشىغا يەتكەندە جۆرە تاللاشقا باشلايدۇ.
ئوغۇل تەرەپ ئالدى بىلەن مۇچەل بىلىدىغان لامالارنى چاقى-
رىپ ئوغۇل-قىزلارنىڭ مۇچىلىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مۇچىلى-
نىڭ بىر-بىرىگە توغرا كېلىدىغانلىقى ياكى توغرا كەلمەيدى-
غانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر مۇچىلى بىر-بىرىگە توغرا كەلسە
ئەر تەرەپ تويلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

كونكرېت ئۇسۇلى: ئوبىكتا بەلگىلەنگەندىن كېيىن ئومۇ-
مەن ئىككى خىل ئۇسۇل بويىچە قۇدىلىشىدۇ. يەنى، ئوغۇل تە-
رەپنىڭ ئاتا-ئانىلىرى قىزنىڭ ئاتا- ئانىلىرىنى ئۆيىگە مېھمان-
غا چاقىرىپ، قىز تەرەپتىن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياكى
ئوغۇل تەرەپنىڭ چوڭلىرى (ۋەكىللىرى)قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ
قۇدىلىشىشنى بىۋاستە تەلەپ قىلىدۇ. قودا چۈشۈشنى تەلەپ
قىلغاندا تۆۋەندىكى بېيىتلارنى ئوقۇيدۇ:

لىق كۈنلەردە ئەر-ئايال، ياش-قېرىلارنىڭ ھەممىسى ناخشا-ئۇسسۇل ئويناپ شات-خۇراملىقتا چۆمىدۇ.

تورغاۋۇتلارنىڭ ئىشلىتىدىغان چالغۇ ئەسۋابى «توپشۇر» بولۇپ، بۇ بىر خىل قۇرۇلمىسى ئاددى، ئىشلىتىشكە قولايلىق چالغۇ ئەسۋاب. توپشۇرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئائىت مۇنداق بىر رىۋايەت بار: بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىچى بالا بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ بىر تۈپ چوڭ تېرەكنىڭ ئاستىدا سايداۋېتىپ، دەرەخ شېخىدا ئېلىنىپ قالغان بىر تال ئات ياللىغىنىڭ شامال بىلەن تەۋرىنىپ، يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىۋاتقانلىقىنى تۇساتتىن ئاڭلاپ قىلىپ، بۇنىڭ ئىلھامى بىلەن تەۋرىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن توپشۇرنى ئىجات قىلغان ئىكەن.

توپشۇر قارىياغاچ، جىگدە قاتارلىقلارنىڭ ياغىچىدا ياسىلىپ، كۈزدىكى ئۆچكىنىڭ ئۈچەيى تارا قىلىنىدۇ. ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى 70-80 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ناخشا-ئۇسسۇللارغا ئومۇمەن توپشۇر تەڭكەش قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىشقا بەكمۇ باپ كېلىدۇ.

جىڭ ناھىيىسىدىكى تورغاۋۇتلار ئىچىدە «ساۋىردىن»، «چوراخار»، «بالجىنكىر» قاتارلىق ئۇسسۇللار كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ ئۇسسۇللارقويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۆگىنىۋېلىشقا ئاسان، بىر قانچە ياشلىق بالىلارمۇ مەيدانغا چۈشۈپ ئوينالايدۇ. ئاساسلىقى ئىككى قول، مۈرە ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ نەپىس ھەرىكەتلەر ئورۇنلىنىدۇ.

ئۆزىغاندا قولياغلىقتا بىر ئۇچۇم چاي ۋە قەن - گېزەكلەرنى ئوراپ سوۋغات قىلىدۇ. بۇ قىز تەرەپنىڭ قوشۇلغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر.

② چاي ئىچىش: چاي ئىچىش دېگەنلىك ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ توي ئىشىنى مۇقۇملاشتۇرۇش دېمەكتۇر. بۇ يوسۇن بېجىرىلىش بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ توي ئىشى بېكىتىلگەنلىكى ۋە باشقىلارنىڭ قول سېلىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقى جەمئىيەتكە جاكالىنىدۇ. چاي ئىچىشتىن بۇرۇن ئوغۇلنىڭ تاغىسى ياكى كىچىك دادىسى سوۋغا-سالاملار بىلەن قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، چاي ئىچىش كۈنىنى كېڭىشىپ بەلگىلەيدۇ. ئاندىن ئوغۇل تەرەپ بەلگىلەنگەن كۈندە قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، چاي ئىچىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزىدۇ.

چاي ئىچىش كۈنى ئوغۇل تەرەپتىن بەش كىشى بارىدۇ. بۇلارنى سۆزگە ۋە ناخشىغا ماھىر، توي ئىشلىرىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئوبدان بىلىدىغان كىشى باشلاپ بارىدۇ. ئۇلار ئادەتتە بىر قوينىڭ گۆشى، بىر چاي، ھاراق ۋە قەن-گېزەكلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. ئوغۇل تەرەپنى باشلاپ بارغان كىشى قىز تەرەپنىڭ چوڭلىرىدىن باشلاپ، ناسىۋال قوتىسىنى سۇنۇپ سالام بېرىدۇ ھەم ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى بېرىدۇ. ھاراق تۇتۇپ سۆز قىلىپ كۆپچىلىككە: «پالانچىنىڭ ئوغلى بىلەن پۆكۈنچىنىڭ قىزى ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە بالىلارنىڭ رازىلىقى بىلەن تويلاشتى، قىز-ئوغۇلنىڭ يىلىمدەك يەلىشىپ، ئىناق-ئە-

مېھرى ئىسسىق ئىككىنىڭ ئىنسانلار ئارا،
گۈل غۇنچىلار كۈلشەر تولۇپ ۋايىغا.

بەخت كۈلۈپ باقىدۇ قىز باققانلارغا،
قۇدىلىرى شاراپ تۇتار مېڭىشىپ تايىغا.

توي قىلىش پەرىز ئوغۇل چوڭ بولسا،
ئۆچۈرما بولۇر قىزلار يەتسەۋايىغا.

ئىككى ئائىلە قۇدىلىققا قول بېرىشتۇق،
قەلبىمىز بىر، زوكۇلىمىزنى بىر تۈگۈشتۇق.

چوڭقۇر سۆدا لازىم بولسا يەلكەن بولۇشارمىز،
كۆلپەت كەلسە باشلارغا دەرمان بولۇشارمىز.

قىزىل مەشۇتكە ئوتكۈزۈلدى بىر جۈپ مارجان،
تەقدىردىمىز پەقەت بىر، ئايرىلمايمىز ھەر زامان.

ئەر تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بېيىتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ھاراق تۇتىدۇ. قىز تەرەپ تەلەپنى قوبۇل قىلسا «ئائىلىمىزنىڭ قائىدە-نىزاملىرى بار، قىزىمىزنىڭ يېشى كىچىك، ئالدىرىماي كېڭىشىپ كۆرەيلى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىپ، ئەر تەرەپتىن كەلگەنلەرگە ھاراق تۇتىدۇ ھەم قىزغىن مېھمان قىلىدۇ. ئەر تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى

قىز تەرەپ قول ياغلىقنى چىگىدۇ. قىز-ئوغۇل ئىككى تەرەپنىڭ كىچىك ئاپىلىرى ياكى كېلىنلىرى قول ياغلىقلىرىنىڭ ئۇز-چىدىن تۇتىشىپ ئۆز-ئارا تارتىشىدۇ. بىردەم تارتىشقاندىن كېيىن قىز تەرەپ ئاتايىن قويۇپ بېرىپ، خادىك تارانى ئوغۇل تەرەپكە بېرىپ قويىدۇ. بۇ قىز تەرەپنىڭ قىزنى ئوغۇل تەرەپكە ياتلىق قىلىشقا قوشۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئارقىدىنلا قىز تەرەپنىڭ ۋەكىلى ئورۇنىدىن تۇرۇپ: «كېلەچەكتە قىزىمىز پەۋقۇلئاددە ھادىسىگە ئۇچراپ قالسا كىم ئىگە بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئوغۇلنىڭ ئاكىسى ياكى تاغىسى شۇھامان ئورنىدىن تۇ-تۇرۇپ «بىز ئىگە بولىمىز» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. سوئال-جاۋابلاردىن كېيىن قىز تەرەپ كۆپچىلىكنى مېھمان قىلىدۇ. ھەم ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەنلەرگە سوۋغات تەقدىم قىلىدۇ.

④ ئات سوۋغات قىلىش: ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپنىڭ ئىشەشلىك كاپالىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، قىز تەرەپكە ئات سوۋغات قىلىدۇ . بەش كىشى قوي گۆشى، قەن - كېزەك، ھاراق، چايلارنى ئېلىپ، ئاتنىڭ يالىسىغا ئاق قول ياغلىق باغلاپ، ئاتنى قىزنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ سوۋغات قىلىدۇ . قىزنىڭ ئۆيىدە ئەنئەنىۋى يوسۇنلار بويىچە سالاملاشقاندىن كېيىن، قىز تەرەپ كەلگەنلەرنى سەخەن چاي (سۈتلۈك چاي) بىلەن مېھمان قىلىدۇ . ئوغۇل تەرەپ ئالدى بىلەن تۆۋەندىكىچە مەزمۇندىكى تەبرىكنامىنى ئوقۇيدۇ :

جەل ئۆتۈپ، مەڭگۈلۈك ئەر-ئايال بولۇشىنى تىلەيمىز، بىز بۇ كۈنكى بۇ خاسىيەتلىك كۈننى رەسمىي تويلىشىپ، ئىككى ياشنىڭ ئۆمۈرۋايەتلىك چوڭ ئىشى ئۈستىدە كېڭەشمىدىغان كۈن قىلىپ تاللىۋالدۇق» دەپ ئېلان قىلىدۇ. سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ناخشا ئېيتىپ ياش تەرتىۋى بويىچە هاراق تۇتىدۇ. ئاخىرىدا ئوغۇل تەرەپنى باشلاپ كەلگەن كىشى قىز تەرەپتىن پەتە قىلىدىغان تۇققانلىرىنىڭ سانى ۋە ئىسمىلىكىنى سورايدۇ. قىز تەرەپ كېڭەشىپ ئىسمىلىكنى ئوغۇل تەرەپكە ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەنلەرگە هاراق تۇتۇپ ئۇزىتىدۇ.

③ «خادىك تارا» تاللىشىش: خادىك تارا تاللىشىش چاي ئىچىش مۇراسىمىدىكى قوشۇمچە يوسۇن بولۇپ، ئۇنى كەچىك ئويۇن ياكى كىچىك يوسۇن دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئوغۇل تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى قىزنىڭ ئۆيىگە چاي ئىچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بارغاندا، سوۋغا-سالاملىرىغا قوشۇپ بىر خادىك تارا (بۇغداي ۋە پۇل يۆگەلگەن قولياغلىق) نى ئېلىپ بارىدۇ. سوۋغا - سالام ۋە خادىك تارانى قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا تاپشۇرۇپ، قىزنىڭ ئۇرۇق تۇققانلىرىغا هاراق تۇتقاندىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغۇل تەرەپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغا-سالاملارنى تاۋاقتا ئېلىپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. خادىك تارانى يەنە بىر تاۋاقتا ئېلىپ قولياغلىقنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئاچىدۇ. ئەر تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئالدى بىلەن پۇل تاشلاپ، ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيدۇ. ئاندىن باشقا مېھمانلارمۇ پۇل تاشلاپ تىلەكلىرىنى تىلەيدۇ. ئاندىن كېيىن

قىلىپ، ئات سوۋغات قىلىش مۇراسىمىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

⑤ قىزنىڭ كىيىم- كېچەكلىرىنى ئاپىرىش: ئوغۇل تەرەپتىن بەشتىن يەتتىگە قەدەر كىشى (بولارنىڭ ئىچىدە ئۇچى ئايال) 1-2 قوي، سوۋغا - سالام بويۇملىرى ۋە قىزنىڭ كىيىم- كېچەكلىرىنى ئېلىپ پۈتۈشكەن كۈندە قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ئوغۇل تەرەپنى باشلاپ كەلگەن كىشى ئالدى بىلەن قىز تەرەپنىڭ چوڭلىرىغا سالام بېرىپ، ناخشا ئېيتىپ هاراق تۇتىدۇ. 4- 5 ناخشا ئېيتىلغاندىن كېيىن، قىزنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى چوڭ لىيگەنگە ئېلىپ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بىر رومكا هاراق بىلەن سۇنىدۇ. قىز تەرەپتىن بىر ئايال كىيىم - كېچەكلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن، ئارىدىن بىر قەدەر ياشانغان بىر كىشى تۆۋەندىكى مەزمۇندا باتا بېرىدۇ:

كىيىم - كىچەك توزىدۇ، ئەمما، ئىگىسى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ئامان بولسۇن، بالىلىرى شات-خورام ياشاپ، ئائىلىسى بەختلىك بولسۇن.

ئاندىن قىز تەرەپ كەلگەنلەرنى كاتتا مېهمان قىلىپ، كىيىم - كېچەك ئاپىرىش مۇراسىمىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

⑥ توي مەرىكىسى: موڭغۇللار توي مەرىكىسىنى بىر قەدەر ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزىدۇ. توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئوغۇل تەرەپ قىزنىڭ ئۆيىگە بىر ۋەكىل ئەۋەتىپ، توي مەرىكىسى ئىشلىرىنى كېڭىشىدۇ ھەم لاما چاقىرىپ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزىلىدىغان خاسىيەتلىك كۈننى تاللاپ، توي كۈنىنى بېكىتىدۇ.

تويىنىڭ هارپا كۈنى ئوغۇل تەرەپ ئوغلىغا يېڭى مۇڭ-

تۇلپار بولسا مېنىڭ ئېتىمنى ،
قىسقىرايدۇ سەپىرىمنىڭ.

ئوماق قىزىڭلار بولغاشقا ،
ئىككى ئائىلە بولۇشتۇق قۇدا.

خاسىيەتلىك كۈننى بەلگۈلەپ ،
شاتلىققا تولغان توينى ئۆتكۈزسەك .

قىزنىڭ ئاتا-ئانا ياكى ئاچا-سىڭىللىسى،
بۇ زىنىڭ تۇلپارغا مىنىپ ئۇچقۇسى.

تەبرىكنامىنى ئوقۇپ بولۇش بىلەن بىللەقىز تەرەپكە هاراق تۇتىدۇ. هاراق تۇتۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپنىڭ ۋەكىلى ئاتنى ئىشىك ئالدىغا يېتەكلەپ كېلىدۇ. قىزنىڭ ئىنىسى ياكى تۇققىنىنىڭ بالىسى سوۋغات قىلىنغان ئاتنى مىنىپ، موڭغۇل ئۆيىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىدۇ . ئۇندىن كېيىن قىز تەرەپنىڭ چوڭى سوۋغات قىلىنغان ئاتنى مۇنداق مەدھىلەيدۇ:
ناتونۇشنى قۇدا قىلغان قىزىمىز گۆھەر،
يىراق يوللارنى يېقىن قىلغان ئېتىمىز تولپار.
ئات قىزنىڭ ئىنىسىنىڭ مىنىشىگە بېرىلىدۇ. ئوغۇل تەرەپ ناخشىدىن ئىككىنى ئېيتىپ يەنە بىر قېتىم قىز تەرەپكە هاراق تۇتقاندىن كېيىن، قىز تەرەپ قىزغىن مېھمان قىلىپ، ئوغۇل تەرەپكە هاراق تۇتىدۇ. ئاخىرىدا ئوغۇل تەرەپكە سوۋغات تەقدىم

كەزى قىزىنىڭ ئاتا- ئانىسى ناخشا ئەيتىپ قىزىغا ئۇزىتىش ھارىغى توتىدۇ. قىزمۇ بارلىق ئۇرۇق - تۇققانلىرى ۋە چوڭلار- غا خوشلىشىش ھارىغى تۇتىدۇ. ئوغۇل تەرەپنىڭ ۋەكىلى تاۋاق- قا پىشۇرۇلغان گۆش ، ياغلىق ئۇچەي ۋە يەتتە دانەقويمايە- قىنى ئېلىپ قىز تەرەپنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ . يىگىت قېيىن ئاتىسى، قېيىن ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈكىنىپ تازىم قىلىدۇ ھەم بارلىق ئۇرۇق تۇققانلارغا ھاراق تۇتىدۇ.قېينى ئاپا يىگىتنىڭ بېلىگەن بىر كىيىملىك رەختىنى باغلاپ قويۇپ تۆ- ۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇيدۇ:

قەدىنى رۇسلاپ ، بەلنى چىڭ باغلاپ،
مال - مۈلۈككە ۋارىس بولۇڭلار.
ئۇنتۇلمىسا ئەجدات تەلىمى ،
يورۇق بولۇر ماڭغان يولۇڭلار .

بالايى ئاپەتكە تىسۇن يىراققا،
ماڭغان يوللار بولسۇن ئايدىڭ-ئاق.
پىتنە - پاسات جان ماقالمايدۇ،
ۋايىغا يەتسە گۈزەل ئەخلاق.

بولسا ھەركىمدە تىرىشچانلىق،
بولۇر تىزلا ماللىق ئائىلە.
ئەجدادلارمۇ تېنچ ياتىدۇ،
پەرزەنتلىر كۆرسە تەربىيە.

غول ئۆيى تىكىپ ، بىر قۇر قازان- قومۇچلارنى سەرەمجانلاش-
تۇرۇپ بېرىدۇ. ھەم يېڭى ئوچاق - قازان ئورنىتىمىش مۇراسى-
مى ئۆتكۈزىدۇ. يىگىتنىڭ ئاتا- ئانىسى ئالدى بىلەن يېڭى ئۆي-
گە كېرىپ ، بىر دانە ئاق قول ياغلىقنى چاڭگىراققا چىگىپ، باتا
بېرىپ سۆز قىلىدۇ. يىنىدا تۇرغان تۇققانلىرىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىدۇ.
ئاندىن بىر پارچە پىشۇرۇلغان تۆش گۆشنى ئەكىلىپ كۆپىچىلىك-
كە ئېغىز تەككۈزۈپ بولۇپ، ئاق تېۋىت يىپ بىلەن ئايلاندۇ-
رۇپ بىر قانچە قات ئوراپ، ئۈستىگە ماي چاچقاندىن كېيىن يىگىت
ئۇنى ئوچاققا سېلىپ ئۈستىگە بىر ئاز سېرىقماي قويۇپ ، ئوت
يېقىپ تۇتاشتۇرىدۇ. ئوت قانچە ئۇلغىيىپ كۆيسە شۇنچىلىك
تەلەيلىك بولۇشتىن ھەم گۈللەپ - ياشناشتىن دېرەك بېرىدۇ
دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا ئۇلاپ ئارىدىن بىر ياشانغان كىشى يې-
ڭى ئۆينىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۆيگە قويۇلغان سايمان- جابدۇق -
لارنى راسا ماختايدۇ. يىگىت كۆپچىلىككە ھاراق تۇتۇپ مىننەت-
دارلىق بىلدۇرىدۇ. ئورۇق - تۇققانلار ئىقتىسادى ئەھۋالىغا
قاراپ ئوغۇل تەرەپكە مال قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتىدا
قىزنى يۆتكەپ كېلىش ئىشلىرى ئۈستىدە كېڭەشىدۇ. شۇكۈنى
چۈشتىن كېيىن 10 نەچچە كىشى يىگىت بىلەن ھەمرا بولۇپ قىزنىڭ
ئۆيىگە بارىدۇ، شۇ كۈنى كەچتىن تاڭ ئاتقىچە توي مەرىكى-
سى باشلانغانلىقنى جاكالاش ، يىگىت قېيىن ئاتا - ئانىسىغا
باش قويۇپ ئالدىدىن ئۆتۈش، ناخشا ئېيتىپ ھاراق تۇتۇش،
تويلۇق كىيىم - كېچەكلەرنى قوبۇل قىلىش ، قىزنىڭ ئالدىغا
بېرىش قاتارلىق يوسۇنلار ئۆتكۈزۈلىدۇ. تاڭ سۈزۈلۈشتىن ئىل-

توي يۈتكەپ كېلىۋاتقانلار ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا ئوغۇل تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئالدىغا چىقىپ سالام بېردۇ. بۇلار ئىچىدىن بىر كىشى قىزغا چىمىلداق تەقدىم قىلىدۇ. يەنە بىر كىشى قول ياغلىق چىگىلگەن قوينىڭ يىلىك سۆڭىكىنى كۆرسىتىپ قويۇپلا كەينىگە قاراپ قاچىدۇ. توي يۈتكىگەنلەردىن بىر كىشى ئۇنى قوغلايدۇ. ناۋادا، تۇتۇق بەرمەي قول ياغلىق باغلانغان يىلىك سۆڭىكىنى ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن ئېتىپ كىرگۈزۈۋەتسە غەلىبە قازانغان بولىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن توي تارتىپ كەلگەن مېھمانلار قىزغىن كۈتۈۋېلىنىدۇ. قايتقاندا ھەر بىر كىشىگە بىردىن سوۋغات بېرىلىدۇ.

ياتلىق بولغان قىز ئۈچ كۈنگىچە چىمىلداق ئىچىدە ئولتۇرۇپ يۈز ئاچمايدۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قىزنىڭ ئانىسى ۋە ئاساسىي تۇققانلىرىدىن بولۇپ بەشتىن يەتتە كىشى ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، چىمىلداق ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. ئوغۇل تەرەپ ئۇرۇق-تۇققان، دوست بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىدۇ. چىمىلداق ئېچىش مۇراسىمى مۇنداق تەرتىپلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

قىزنىڭ قېيىن ئاتىسى ئالدى بىلەن ئاق قول ياغلىق چىگىلگەن ئوۋۇلتىقىنىڭ ئىستولى بىلەن چىمىلداقنى قايرىپ ئاچىدۇ. يەنە بىر ئاقساقال كىشى مۇنداق مەزمۇندىكى چىمىلداق ئېچىش بېيىتىنى ئوقۇيدۇ:

باتا بېرىپ بولغاندىن كېيىن كىيىم - كېچەكلەرنى قوبۇل قى-
لىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. يىگىتنىڭ يەڭگىسى ئالدى بىلەن
ئۆيىگە كىرىپ قىزنىڭ ئانىسىغا بىر قەدەھ هاراق تۇتۇپ، توي-
لۇق كىيىمنى سىلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . قىزنىڭ ئانى -
سى بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىپ، قولىغا بىر پىيالە سۈتنى تۇ -
تۇپ:

كىيىم - كېچەك توزىمىسۇن ، ئۆمۈر ئۇزۇن بولغاي،

كىيىم- كېچەك ئىگىسى بىلەن كەتسىمۇ، ئامەت ئۆيدە قالغاي.
دېگەن مەزمۇندىكى باتانى بېرىپ، كىيىملەر ئىچىدىن بىرنى ئې-
لىپ قىلىپ قالغىنىنى بىر- بىرلەپ يىگىتنىڭ يەڭگىسىگە ئۆت-
كۈزىدۇ. ئارقىدىنلا قىزنى يۆتكەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەر
تەرەپنىڭ ئايال ۋەكىلى بىر قانچە كىشىنى باشلاپ بىر توپ
قىز- چوكانلار ئورىۋالغان قىزنى توپنىڭ ئىچىدىن تارتىپ چى-
قىرىدۇ. قىزنىڭ يەڭگىسى ۋە ئوغۇلنىڭ يەڭگىسى ئۆز- ئاراما-
لىشىپ ، قىزنىڭ بېشىغا تاۋار ياپىدۇ . ئاندىن قىزنىڭ مۇچە-
لى بىلەن ئوخشاش مۇچەللىك بىر ئەر قىزنى كۆتۈرۈپ ئات
ئۈستىگە ئالىدۇ. ئات مۇچەلىك بىر ئەر ئاتقا مىنىپ قىزنى
ئالدىغا ئالىدۇ. قىزنىڭ يەڭگىسى ئاتنى يېتەكلەپ موڭغۇل ئۆي-
نى ئۈچ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن يولغا چىقىدۇ. يىگىت قىزنىڭ
كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ. قىزنى ئۇزاتقۇچىلار قىزنى ئېلىپ ماڭ-
غۇچىلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ شات- خورام ناخشىلارنى ياڭرىتىپ
قىزنى ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ.

لەن تارتىپ چىگىلىدۇ. كىگىز ئۆي يامغۇر، ئىسسىق-سوغۇقلارغا پانابولىدۇ. ئۆينىڭ ئىچىگە كىگىز سېلىنىدۇ. تۇرمۇشى باياشات كىشىلەر گىلەم سالىدۇ. بۇئۆيلەر ئارام-بەخىش ھەمكۆركەمبولىدۇ.

موڭغۇللار ئاساسەن كالا-قوي گۆشى، ئۇن، كالاسۈتى ۋەچاي قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىدۇ. چاي ئۇلارنىڭ كام بول-سا بولمايدىغان ئىستېمال بۇيۇمى، موڭغۇللار ھاراق ئىچىشنى ياخ-شى كۆرىدۇ. شۇڭا ھاراق ئۇلارنىڭ كەلدى - باردى ئىشلىرىدا ئا-ساسى سوۋغات بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ. موڭغۇل خەلقى مېھماندوست خەلق بولۇپ ئۇرۇق تۇغقانلىرى ۋە ئەزىز مېھمانلار كەلگەندە ئا-تاپ قوي سويۇپ مېھمان قىلىدۇ. ناتونۇش مېھمانلار كەلگەن تەق-دىردىمۇ قىزغىن مېھمان قىلىپ قوندۇرۇپ قالىدۇ.

سۈت يېمەكلىكلىرى: موڭغۇللار قايماق، سېرىق ماي، پىشلاق، قۇ-رۇت، سۈت ھاراق قاتارلىق ھەرخىل سۈتتىن ياسالغان يېمەكلىكلەرنى پىش-شىقلاپ ئىشلەپچىقىرىشقا ماھىر كېلىدۇ. سۈت ھاراقنى ئىشلەش ئۇسۇلى خەنزۇلارنىڭ كۈنچە ھاراق ئىشلەش ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. پەقەت ئىشلەتكەن خام ئەشياسى ئوخشىمايدۇ. يەنى: ئېركەتتنى قارا قازاندا قاينىتىپ پارغا ئايلاندۇرۇپ ھاراق ئالىدۇ. سۈت ھاراقنىڭ گىرادۇسى ئومۇمەن ئون نەچچە گىرادۇستىن ئوتتۇز نەچچە گىرادۇسقىچە بولىدۇ. سۈت ھاراق ئىشلىنىپ بولغاندىن كېيىن قازاندىكى ئېركەتتنى سۈزۈپ قول بىلەن ھەرخىل شەكىلدە يۇملاپ قۇرۇت قىلىپ قۇرۇتىدۇ.

### (6) كىيىم- كېچەكلىرى

ئەر-ئايال موڭغۇللار ئوخشاشلا ئۇزۇن تون كىيىدۇ. لامالا-رى سېرىق (دىنى كىيىم)، پۇخرالىرى كۆك، ئاياللىرى قىزىل، يې-

يېيىلغان چىمىلداق ئېچىلىپ، كېلىن ئاشتى بەت،
يېڭى كېلىن ئەخلاقتا ۋارىس بولۇشى شەرت.
تېجەشلىك ئۆي تۇتۇڭلار قوتان تولسۇن چارۋىغا،
ھەر تەرەپكە تارالسۇن ياخشى ئاتلىق نامىڭلار،
بېشىڭلار ئاقارسۇن بىرلىكتە، ئىناق ئۆتۈپ،
ئۆمرۈڭلار ئۇزۇن بولسۇن ياخشى پەرزەنت كۆرۈپ.

بېيىت ئوقۇلغاندىن كېيىن قىزنىڭ ئانىسى ئاقلاتاباغ-لانغان چۆمۈشنى قىزغا بېرىدۇ. قىز بۇ چۆمۈش بىلەن كۆپچىلىككە چاي قۇيىدۇ. چايدىن كېيىن قىزنىڭ ئانىسى ئوغۇلنىڭ ئۆيى-دىكىلەرگە ناخشا ئېيتىپ ھاراق تۇتىدۇ. ئاخىرىدا ئوغۇل تەرەپ بارلىق مېھمانلارغا ناخشا ئېيتىپ ھاراق تۇتىدۇ.

چىمىلداق ئېچىش مۇراسىمى داۋامىدا ئوغۇلنىڭ دادىسى كېلىنگە يېڭىدىن ئىسىم قويىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن كېلىن يې-ڭى ئىسىم بويىچە ئاتىلىدۇ.

## (5) تورار ئۆيلىرى ۋە يېمەك-ئىچمەكلىرى

تورار ئۆيلىرى: كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتى-ياجىغا ئاساسەن ئۇلار ئوت - چۆپ ۋە سۇغا بېقىپ ئورۇنلىشىدۇ. كۆچۈش قونۇشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان موڭغۇللار كىگىز بىلەن ياسالغان موڭ-غۇل ئۆيلىرىدە ئولتۇرىدۇ. موڭغۇل ئۆيلەر دۈگىلەك شەكىللىك بولۇپ، رەڭگى ئاق بولىدۇ، ياغاچ ماتېرىياللىرى بىلەن جازا قو-رۇلۇپ ئۇنىڭ ئۈستى كىگىزلەر بىلەن ئورۇلۇپ، ئارقانلار بى-

ىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، باش ئېگىپ: «ئامان كەلدىڭلە» دەپ سالام بېرىدۇ. ئەمەلدار: «ناھايىتى ياخشى، ئامان بولغايسەن» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ.

لامالارغا سالام بەرگەندە، سالام بەرگۈچى چوقۇم لاماغا يې-قىنلىشىپ، ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ سۆكۈتتە تىك تۇرۇپ، ھۆر-مەتلەش ۋەسەپايە تەلەپپۇزدا: «ئاقساقال ئامان بولغايسىلە» دەپ سالام بېرىدۇ.

يىراق جايدىن مېھمان كەلگەندە، ئۆي ئىگىسى باش كېيىمىنى كېيىپ ئالدىغا چىقىپ سالام بېرىپ، ئېتىنى باغلاپ، ئۆيگە باشلاپ قىز-غىن مېھمان قىلىدۇ.

بالىلىرى سىرتتىن قايتىپ كېلىپ ئاتا-ئانىلىرىغا سالام بەرگەندە ئوغۇللىرى ئوڭ پۇتىنى ئالدىغا، سول پۇتىنى كەينىگە قىلىپ ئىككى تىزىنى يەرگە قويۇپ: «ياخشىمۇسىز دادا» دەپ سالام بېرىدۇ. قىزلىرى سول تىزىنى يەرگە قويۇپ يۈكۈنۈپ ئىككى قولىنى ئوڭ تىزىغا قويۇپ تۇرۇپ: «ياخشىمۇ سىز ئانا» دەپ سالام بېرىدۇ.

ئۇزاقتىچە كۆرۈشمىگەن چوڭلار بىلەن كۆرۈشكەندە، كى-چىكلەر ئالدى بىلەن سالام بېرىپ، ئاندىن قۇچاقلىشىپ يىغ-لىشىدۇ.

ئۇلار چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىدۇ. قانداق جايدا ئۇچرىشى-شىدىن قەتئىينەزەر، يېشى كىچىكلەر ئالدى بىلەن يېشى چوڭلارغا سالام بېرىدۇ.

شىل ياكى كۆك رەڭدىكى تونلارنى كىيىدۇ. ئەمەلدارلىرى ئۈستىگە
سېرىق رەڭدىكى ماگازا كىيىدۇ.

ئەرلىرى ئۇزۇن تون كىيىپ بېلىگە پوتا باغلايدۇ. يېنىغا
پىچاق ئېسىپ، بېشىغا قالپاق كىيىدۇ. قىش كۈنلىرى تۈلكە ۋە
قوي تېرىلىرىدىن تىكىلگەن قولاقچە كىيىدۇ. پۇتىغا كىگىز پايپاق
كىيىپ چورۇق تارتىدۇ، (ئۆزلىرى ئەيلىگەن تېرىدە ياسالغان ئا-
ياق) بەزىلەر لاتاخەيمۇ كىيىدۇ. تۇرمۇشى باياشات كىشىلەر ئۆتۈك
كىيىدۇ. كىيىمنىڭ ياقا-يەڭلىرىگە زىغزىق تۇتىدۇ.

ئاياللارمۇ ئۇزۇن تون كىيىپ بېلىگە پوتا باغلايدۇ. پۇتىغا
كىگىز پايپاق كىيىدۇ. ۋە چورۇق تارتىدۇ. بېشىغا بۆك كىيىپ، چې-
چىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالىدۇ. ياتلىق بولغاندىن كېيىن چې-
چىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرىدۇ. ئاياللار كىيىملىرىنىڭ ياقا يەڭ-
لىرىگە زىغزىق تۇتىدۇ. ئاياللار ئومۇمەن قولىقىغا هالقا، قولى-
غا بىلەيزۈك سالىدۇ. باي ئائىلىنىڭ ئاياللىرى ئالتۇن ئۈزۈك
سالىدۇ. ئاياللار ئومۇمەن ئۇپا-ئەڭلىك ئىشلەتمەيدۇ. ئاددى ۋە
سىپايە ياسىنىدۇ.

## (7) كۆرۈشۈش — سالام بېرىش

تورغاۋۇت موڭغۇللىرى ئەر - ئايال، چوڭ-كىچىك بولۇشى-
دىن قەتئىينەزەر هەممىسى ئەدەپ - يوسۇنلۇق كېلىدۇ. سالام
بېرىش يوسۇنلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ئە-
مەلدارلار بىلەن كۆرۈشكەندە ئوڭ تىزىنى يەرگە قويۇپ يۈكۈنۈپ
سول قولىنى سول پۇتىنىڭ تىزىغا قويۇپ، ئوڭ قولىنى سول قولى-

تېپىۋېتىپ ، قورسىقى تېخىمۇ قاتتىق ئاغرىپ كېتىدىكەن. پەرىشـ
تە ئاچچىقىغا چىدىماي : «تۇياقلىق هايۋانلار ئىچىدە قىچىر
مەڭگۈ تۇغماس هايۋان بولۇپ كەتكەي » دەپ قارغىۋېتىپتۇ.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قىچىر تۇغماس بولۇپ قالغانىكەن . پەرىشـ
تە بىر دالىدىغا مۆكۈنۈپ ئىبلىستىن بولغان بالىنى يەڭگىىپ
بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ- دە يولغا راۋان بوپتۇ . بۇ خەۋەر پوقرالار
ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ ، كىشىلەر بۇ پەرىشتەنىڭ پۇقرالار ئۈ-
چۈن ئىبلىسنى يوقاتقانلىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن هەر يىلى قە-
مەرىيە 12 - ئاينىڭ 30- كۈنى كېچىسى ئۇخلىماي تۈنەشنى
بەلگىلەپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۈنەش ئادەتكە ئايلىنىپتۇ.

چاغان پەتىسى قىلىش : يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى ئاق-
ساقاللار ياكى لامالارنىڭ باشچىلىقىدا كۆپچىلىك بىرلىكتە هاۋا
رايىنى كۆزىتىپ ، بەخت - سائادەت تىلىشىپ ، بىر - بىرى-
نىڭ هېيتىنى مۇبارەكلەيدۇ. ئاندىن ئۆيگە كىرىپ بۇتقا ئىبا-
دەت قىلىدۇ. بۇت تەكچىسىنىڭ ئالدىغا يەتتە دانە چىراقدانىنى
قويۇپ يورىتىدۇ . هارپا كۈنى كەشتە تەكچە ئالدىغا قويۇلغان
قوي بېشىنىڭ ئېڭىكىنى ئاجرىتىپ پىشانىسىگە كىرىس بەلگە-
سىنى سىزىپ، ئۈستىگە سېرىق ماي سۈرتىپ ئورنىغا قويۇپ
قويىدۇ. بەزى كىشىلەر خېمىرنى بەش خىل هايۋان شەكلىدە
تۈگۈپ تەكچىگە تىزىپ قويىدۇ ياكى قوۋۇرغا، سان گۆشلەرنى
تەكچىگە تىزىپ ئىسرىق شامنى ياندۇرۇپ ئىبادەت قىلىشىدۇ .

بۇتقا ئىبادەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئائىلە بويىچە
سىرتقا چىقىپ ، ئىگىز بىر جايغا ئوتتۇن دۆۋىلەپ ، ئەتراپىغا

## (8) چاغان بايرىمى

چاغان موڭغۇللارنىڭ ئەڭ چوڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى بولۇپ، ئادەت-يوسۇنلىرى ئاساسەن خەنزۇلارنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. چاغاندىن بۇرۇن ئۆيلەرنى تازىلاپ، كىيىم- كېچەكلەرنى يۇيۇپ- تازىلاپ بايراملىق يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى تەييارلايدۇ. هارپا كۈنى بۇت تەكچىسىگە چىراق ياندۇرۇپ، ئىسرىق سېلىپ، قوينىڭ بېشىنى قويۇپ قويىدۇ. موڭغۇللاردا چاغاننىڭ هارپىسىدا ئۆتكۈزىدىغان ئادەتلەرمۇ بار. بۇ ئادەت مۇنداق بىر رىۋايەت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنمىش:

بۇرۇنقى زاماندا كىشىلەر خاتىرجەم، بەختىيار ياشايدىكەن. غايىپتىن بىر ئىبلىس كېلىپ ئەل ئىچىگە پارا كەندىچىلىك سېلىپ، مال- مۈلۈكلىرىنى بولاپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمايدىكەن. كېيىن شامۇتۇن دەيدىغان بىر پەرىشتە پوقرالارنى ئىمەن تاپقۇزۇش ئۈچۈن بۇ ئىبلىسنى يوقىتىش مەخسىتىدە، ئۇنىڭغا خوتۇن بولىدىكەن. تويدىن كېيىن هەر ۋاقىت بۇ ئىبلىسنىڭ جىنىنى قويغان يېرىنى ئىزدەپ، بۇ ئىبلىسنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشىدىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ پەرىشتە هامىلدار بولۇپ قالىدىكەن. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئىبلىسنىڭ جىنىنى قويغان يېرىنى تېپىۋېلىپ ئىبلىسنى يوقۇتۇپ، قېچىرغا مىنىپ يۇرتىغا قايتىدىكەن. بۇ كۈن قەمەرىيە 12- ئاينىڭ 30- كۈنىگە توغرا كېلىدىكەن. يولدا ئۇنى قاتتىق تولغاق تۇتۇپ كېتىپ، قېچىردىن چۈشۈپ ئارام ئالماقچى بولغاندا، قېچىر ئۇنىڭ قورسىقىغا

لاپ، بارلىق ئۇرۇق - تۇققانلىرىنى قاتناشتۇرۇپ چاچ ئۆرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.

- بالىنىڭ دادىسى بىر تاۋاقنىڭ ئۈستىگە قەن - گېزەك ، پۇل، سۇتتەئەمشلەنگەن يېمەكلىك ۋە بىر قايچىنى ئېلىپ، ئۈستىنى خادا بىلەن يېپىپ قويىدۇ. مېھمانلار تولۇق كېلىپ بولغاندىن كېيىن ، چېچى ئۆرۈلىدىغان بالا تاۋاقنى كۆتۈرۈپ تاغىسىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. تاغىسى خادانى يىنىغا سېلىپ ، قايچىنى ئې - لىپ بالىنىڭ چېچىنى ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ قىرقىيدۇ (قىزبالا بولسا سول تەرىپىدىن باشلاپ قىرقىيدۇ.) مۇراسىمغا قاتناشقان باشقا تۇققانلىرىمۇ قىرقىيدۇ. پېشانىسىنىڭ ئۈستى ياكى بېش - نىڭ ئوڭ-سول ئىككى تەرىپىدىن بىر ئۇچۇم سىكىلەك قالدۇ - رۇپ قويىدۇ. ۋاقتىدا ئۆلگۈرۈپ كېلەلمىگەن تۇققانلار ئۈچۈن ئازىراق چاچنى ئالاھىدە قالدۇرۇپ قويىدۇ. چاچنى قىرقاپ بولـ غاندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى كەلگەنلەرنى قىزغىن مېھمان قىلىپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ .

چاچ قىرقىشقا قاتناشقان ھەربىر كىشى بالىغا بىردىن مال سوۋغات قىلىدۇ. لېكىن ئۈچىگە سوۋغات قىلىشقا بولمايدۇ. مۇراسىم ئۆتۈپ بىر مەزگىلدىن كېيىن بالا خادا ۋە سوۋغا- سالاملارنى ئېلىپ ئۇلارنى بىر - بىرلەپ پەتە قىلىپ، ئاتىغان ماللىرىنى يىغىپ كېلىدۇ.

## (10) دەپنە ئىشلىرى

تورغاۋۇت موڭغۇللىرى ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن لاما-لارنى چاقىرىپ ئىبادەت قىلغۇزىدۇ. دەپنە قىلىش ھەيئىتىنى دالىغا تاشـ

ئەرىق شامىنى سانجىپ، ئوتۇننىڭ ئۈستىگە ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى قويۇپ، ئوتۇننى تۇتاشتۇرۇپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قاراپ باش قويىدۇ. تەخىردىكە ئاتاپ ھاراق چاچىدۇ، ئاندىن ئوتنى 3 قېتىم ئايلىنىپ ئۆيىگە قايتىپ كېرىدۇ. ئۆيگە كىرىپ چوكىلار ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پەرزەنتلىرى چوكىلارغا باش قويۇپ چاغىنىنى مۇبارەكلايدۇ. ئەرلەر ئوڭ تىزىنى يەرگە قويۇپ يۈكۈنۈپ، ئوڭ ئالىقىنىنى پېشانىسىگە تەككۈزۈپ باش قويۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن ئىككى قولنى چوكىلارغا ئۇزىتىدۇ، چوكىلار ئۇلارنىڭ ئىككى ئالقىنىنى جۈپلاپ: «چاغىنىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن» دەيدۇ. يېقىن تۇققانلىرى بولسا، ئوڭ مەيدىگە سۆيۈپ قويىدۇ. ئاياللار سول تىزنى يەرگە قويۇپ يۈكۈنۈپ، چوكىلارغا باش قويۇپ سالام بېرىدۇ.

ئائىلە ئەزالىرى بىر-بىرىنىڭ چاغىنىنى مۇبارەكلەپ بولغاندىن كېيىن، ياشلار چوكىلارغا ھاراق تۇتىدۇ. ئائىلىنىڭ چوكى پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى: «100 يىل ياشاپ، 100 يىل چاغان ئويناپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ مەڭگۈ بەختلىك بولۇڭلار» دەپ تەبرىكلەيدۇ. بالىلارغا چاغانلىق پۇل بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، چاغان مەزگىلىدە خوشنىلار ۋە دوست بۇرادەرلەر قېن - كېزەك، ھاراقلارنى ئېلىپ بېرىپ ئۆز-ئارا پەتە قىلىپ، چاغانىنى شات - خۇراملىق بىلەن بىرگە ئۆتكۈزىدۇ.

## (9) ئۇزۇن چاچ قويۇش

بالىلار ئومۇمەن 5 ياشقا توشقاندا خاسىيەتلىك كۈننى تال-

چىپ ئۇستىگە مېيىتنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرىدۇ. لامالار بىر چەتتە تۇرۇپ ئايەت ئوقۇيدۇ. مېيىت كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن جەسەت كۈلىنى ئۇن بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كومىلاچ قىلىپ، بۇتخانىنىڭ جەسەت كۈلى قويىدىغان ھوجۇرىسىغا قويۇپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ ئەرشىگە چىقىپ ئەۋلىيا بولغانلىقىنى نامايەن قىلىدۇ.

يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئۆلگەن نامراتلارنىمۇ ئوتتا كۆيدۈرىدۇ. لېكىن يوسۇنى ئاددىي بولىدۇ. جەسەتنى كۆيدۈرۈپ، لامالار ئايەت ئوقۇپلا دەپنە مۇراسىمىنى تاماملايدۇ. جەسەت كۈلى ساقلانمايدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىگە ئارچا بىلەن ئىسرىق سېلىپ ۋابا ئىللاھىنى قوغلايدۇ.

يەرگە دەپنە قىلىش: بەزىلەر ياغاچ ساندۇق بىلەن دەپنە قىلىش دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇنىڭدا مېيىتنى پاكىز يۇيۇپ، تاراپ يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، ئاق رەخ بىلەن ئۈستىنى يېپىپ، جەسەتنى ياغاچ ساندۇققا سېلىپ يەرگە كۆمىدۇ. ياغاچ ساندۇققا سالغاندا ۋە يەرگە كۆمگەندە لامالارنى چاقىرىپ ئايەت ئوقۇتىدۇ. بۇ خىل دەپنە قىلىش شەكلى ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن ئومۇملاشتى.

تورغاۋۇت موڭغۇللىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. لېكىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۆرپ-ئادەتلىرى ئۆزگەرمەكتە ۋە ئىسلاھ قىلىنماقتا. مەسىلەن: توي ئىشلىرى، كېيىنىش، ئۆرمەچاچ قويۇش، دەپنە قىلىش ۋە دىنىي رەسمىيەت جەھەتلەردىكى قايدا يوسۇنلىرى

لاش، كۆيدۈرۈش ۋە يەرگە كۆمۈشتىنك 3 خىل بولىدۇ. (داڭغا تاشلاش ئەرشىگە دەپنە قىلىش دېمۇ ئاتىلىدۇ).

كۆچمەنچارۋىچىلىق تۇرمۇش شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈ-پەيلىدىن ئازادلىقتىن بۇرۇن موڭغۇللارمېيىتنى داڭغاتاشلاش ئادىتى بويىچىمۇ دەپنە قىلاتتى. يەنى: ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن مېيىتنى داكا بىلەن ئوراپ، لاما كۆرسەتكەن يەرگە ئېلىپ بېرىپ شۇ يەردىكى ئېگىز بىر جايغا مېيىتنى يالىڭاچ-لاپ قويۇپ، قاغا- قوزغۇنلارغا يەم قىلاتتى. 3 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بېرىپ قاراپباقاتتى، ئەگەر قاغا- قوزغۇنلار يەپ كەتكەن بولسا، ئۆلگۈچى ئەرشىگە چىقتى، بۇ كېيىنكىلەر ئۈچۈن بەخت-ئامەتنىڭ بېشارىتى دەپ قاراپ، هاراق زىياپىتى بېرىپ تەنتەنە قىلاتتى. ئەگەر مېيىتنى قاغا- قوزغۇن يېمەي ساق تۇرغان بولسا، ئۆل-گۈچىنىڭ گۇنايى تۈگىمەپتۇ، دەپ قاراپ لامىلارنى چاقىرىپ يەنە بىر قېتىم گۇناھىنى تىلەپ ئىبادەت قىلغۇزۇپ، مېيىتقا سېرىق ماي سۈركەپ، قاغا-قوزغۇنلارنىڭ بالدۇرراق يەپ كېتىشىنى تى-لەيتتى.

داڭغاتاشلاپ دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ پەرزەنت-لىرى 49 كۈنگىچە چاچ- ساقال ئالدۇرماي، هاراق ئىچىپ كوڭۈل ئاچماي، ماتەم تۇتىدۇ.

ئوتتا كۆيدۈرۈش: بۇ خىل دەپنە ئۇسۇلىنى يۇقىرى تەبىقە كى-شىلىرى ۋە بايلار قوللىنىدۇ. مېيىتنى پاكىز يۇيۇپ- تاراپ، ئاق داكىدا يۆ-گەيدۇ. ئېگىز يەرەك بىر جايغا ئوتۇننى تۆت چاسا دۆۋىلەپ سېرىق ماي چې-

# بورتالادىكى قورۇلار ھەققىدە

## تاڭزۇڭداۋ

«خارۇل»① مانجۇچە سۆزبولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇل-پوسالىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. مانجۇ-موڭغۇل تىللىرىدا بۇسۆزنىڭ ئاھاڭى ۋەمەنىسى ئوخشاپ كېتىدۇ. مانجۇچىدا «پەشتاق»، «پونكىت» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. كۆچمە مەنىدە «گۈزۈتمەش» دېگەن سۆزبولۇپمۇ كېلىدۇ، موڭغۇلچىدا «قاراۋۇلخانا»، «قاراۋۇل چازىسى»، «قاراۋۇل» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

«بۈيۈك چىڭ قامۇسى»دا «خارۇل» دېگەن سۆزگە «گۈزۈتۈش ئۈچۈن لەشكەر ئورۇنلاشتۇرغان مۇھىم جاي «خارۇل» دېيىلىدۇ». دەپ تەبىر بېرىلگەن . شۈسۈڭنىڭ «شىنجاڭ ھەققىدە» دېگەن كىتابىدا «چارلاش- مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن قوشۇن تۇرىدىغان جاي,خارول، دېيىلىدۇ». دەپتەبىر بېرىلگەن. خېڭچېۋتاۋنىڭ «شىمالىدىكى ئىشلار ھەققىدە ئەسلىمە» دېگەن كىتابىدا «نۆۋەتبىلەن گۈزەت قىلىدىغان جاي» دەپتەبىر بېرىلگەن ، سۇفاڭدىنىڭ « چيەنلۇڭ دەۋرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ تەزكىرىسى» (4-جىلىت)دە مۇنداق دېيىلگەن: «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي، جەنۇبىي ۋەشىمالىي ئۈچتەرىپى خىرشنا ئەللەر بىلەن تۇتاشقان. بۇجاي تىنجىتىلغان ئونىنچىچە يىلدىن بۇيان تىنچ بولۇپ،سودا

---

① خارۇل — قورۇل

ھەم كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ شەكىللىرى قاتارلىقلار ئازادلىقنىڭ بۇ-
رۇنقىسى بىلەن ئوخشىمايدۇ. بەزىلىرى ئەمەلدىن قالدى، بەزىلىرى
ئۆزگەردى، بەزىلىرى ئاددىيلاشتى. كېيىنىشمۇ پۇزۇرلاشتى. قىسقى-
قىسى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگەردى.

سىس قىلغان. ياپ- يېشىل ئوتلاقتىكى قورۇللار شۇندىن كې-
يىنكى 200نەچچە يىللىق تارىختىكى ئىس-تۈتەكلەردە باشتىن-
ئاخىر ئۈن-تىنسىز قەدكۆتىرىپ كەلدى.

## قورۇل تەسىس قىلىنىشتىكى ئارقا كۆرۈنۈش ۋە تارىخى دەۋرى

16- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرى-
لىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى ئويراتلار باش كۆتۈرۈپ روناق تاپ-
تى. ئويراتلار ئىچىدىكى جۇڭغارلار ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايون-
لىرىدا. ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ تورغاۋۇت ، خوشۇت، توربۇت قا
تارلىق قەبىلىلەرنى چەتكە قاقتى.

مىلادى 1671 -يىلى (كاڭشىنىڭ 10- يىلى) غالدان جۇڭ-
غار ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدە ئۇرۇش پەيدا بولغان پۇر-
سەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى چاڭ-
گىلىغا كىرگۈزىۋېلىپ ، تۆت تەرەپكە كېڭەيمىچىلىك قىلىپ ،
تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي يوللىرىنى ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇپ،
چىڭخەي، شىزاڭلارنى يىراقتىن كونتۇرول قىلىپ، ھەر مىللەت
خەلقىگە ئالۋاڭ-ياساقنى زورلۇق بىلەن كۆپلەپ سېلىپ، خەلق-
نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا ئېغىر پاراكەندىچىلىك كەلتۈر
دى. چاررۇسىيىنىڭ كۈشكۈرتىشى ۋە قوللىشى بىلەن ئاسىيلىق
قىلىپ، توپىلاڭ كۆتەردى. 1696 - يىلى كاڭشى ئۆزى بىۋاس-
تە غالداننى جازالاش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى، غالدان ئاخىرى
ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى. 1745- يىلى ( چيەنلۇڭنىڭ 10- يىلى )
جۇڭغار ئاق سۆڭەكلىرى ئوتتۇرىسىدا خانلىق تالىشىش ئۇرۇش-
لىرى باشلىنىپ، ئۆز - ئارا قىرغىنچىلىق قىلدى. بۇ مالىمان

يوللىرى راۋانلاشقان، لېكىن، يېقىندىن ئېچىلغان چېگرا رايون-
دائىمچىكى ۋە تاشقى ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كىرگەن چىققان-
لارنى تەكشۈرمەي بولمايدۇ. شۇڭا جياڭجۈن، گۇڭجاۋ ۋە ھەرقايسى جايلار-
دىكى پادىشاھ ئەۋەتكەن ئامباللار چەتئەل بىلەن تۇتىشىدىغان ئۆت-
چۆپى مول، سۈيى بار، مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جايلارغا قورۇل
تەسىس قىلدى. بۇ جايلارغا ياساۋۇللار ئەۋەتىلدى. بۇلار ئۇيغۇر
لەشكەرلىرىنى باشلاپ گۈزەت قىلدى. مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك
جايلاردا بىرقانچە كىچىك قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىندى. ئۇلار
كۈندۈزلىرى ئېگىزدە تۇرۇپ گۈزەت قىلدى. كېچىلىرى يوشۇرۇن
چارلاش ئېلىپ باردى ھەم ئىككى قورۇل ئوتتۇرىسىغا ياكى ئاچا
يوللارغا تاش دۆۋىلەپ بەلگە قىلىپ، ئىككى قاراۋۇلخانىنىڭ
قاراۋۇللۇق قىلىش دائىرىسى قىلىندى.» دېمەك مەنچىڭ دەۋر-
دىكى قورۇللار بىرتەرەپتىن ئىچكى ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش، يەنە بىر تەرەپتىن تاشقى دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش ۋەزى-
پىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان.

جاڭ داجۈننىڭ «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلار» دې-
گەن كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن: «چىڭ ھۆكۈمىتى يۇڭجېڭ-
نىڭ 5-يىلى (1727-يىلى) دىن باشلاپ قورۇل تەسىس قىلغان.
شىنجاڭدا تاڭنۇ ئۇرانخەي تىنجىتىلغاندىن كېيىن ئەڭ بۇرۇن قو-
بدۇدا قورۇل تەسىس قىلىنغان. جۇڭغارلار تىنجىتىلغاندىن كېيىن تار-
باغاتاي، ئىلى قاتارلىق جايلاردا قورۇل تەسىس قىلىنغان.» دېمەك
مەنچىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغارلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كې-
يىن ئىلى جياڭجۈنىگە تەۋە بورتالا رايونىدا قورۇل تە-

كۆچى ناچار بولغانلىقتىن چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداشتا قىيىنچىلىق كۆرۈلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلغان. چىڭ ھۆكۈمىتى مۇداپىئە قوشۇنىنى كۈچەيتىشكە قوشۇلۇپ، جاڭجىياكۇ، جۇاڭلاڭ، شىڭجىڭ قاتارلىق جايلاردىن مانجۇ، سولون، شىبە، چاقار لەشكەرلىرىنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرى بىلەن «مانجۇ يىڭى»، «سولون يىڭى»، «شىبە يىڭى» ۋە «چاقار يىڭى» نى تەشكىللەپ، ئىلى جياڭجۈنىنىڭ يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، قوماندانلىق قىلىشىغا ئەۋەتتى. ئەينى ۋاقىتتا «ئىلى تەۋەسىنىڭ شەرقى - شىمالى تەرىپىگە چاقار يىڭى، غەربى-شىمالى تەرىپىگە سولون يىڭى، غەربىي - جەنۇب تەرىپىگە شىبە يىڭى، غەربى-جەنۇبىدىن، شەرقى - جەنۇبىغا قەدەر ئويرات يىڭى قاتارلىق تۆت يىڭ ئايلىنىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ھەر قايسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم سۇ يۇرغال يېرى بار ئىدى، بىر-بىرىنىڭ يېرىدىن ئۆتۈپ كېتىش مەنئىي قىلىناتتى.» (سۇڭ جۈننىڭ «شىمەنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن كىتابىنىڭ 11-جىلدى) بۇنىڭدىن چاقار يىڭى بورتالاغا، سولون يىڭى قورغاسنىڭ غەربىي تەرىپىگە، شىبە يىڭى چاپچالغا، مانجۇ يىڭى ئوتتۇرىغا ئورۇنلاشقانلىقىنى ۋە ئويرات قەبىلىلىرى ئىلىنىڭ جەنۇبىي چېگراسىدا مۇداپىئەدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چاقارلار يۆتكىلىپ بورتالاغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئىلى جياڭجۈنىنىڭ تەستىقى بىلەن چېگرادىكى ئىستراتېگىيىلىك جايلاردا قاراۋۇل تەسىس قىلىندى. جى خۇاڭنىڭ «چىڭ سۇلالىسىگە ئائىت تارىخى ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن

ئۇرۇش 10 نەچچە يىل داۋاملىشىپ ، خەلق ئېغىر
زاپ - ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. 1755- يىلى(چىيەنلۇڭنىڭ
يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇن چىقىرىپ داۋاچى توپىلىڭى
تىنجىتتى. 1757- يىلدىن 1759 - يىلىغا قەدەر چىڭ ھۆكۈ
تى يەنە قوشۇن چىقىرىپ ئامۇر ساناتوپىلىڭىنى تىنجىتتى
چىڭ ھۆكۈمىتى كاڭشى ، يۇڭجىڭ ، چيەنلۇڭدىن ئىبارەت ئۈ
سۇلالە ، 70 نەچچە يىلدا ئاخىرى جۇڭغار يۇقۇرى تەبىقە ئاق
سۆڭەكلىرىنىڭ تەپرىقچىلىق كۈچلىرىنى تىنجىتىپ («بىرتاللانى
ئومۇمى ئەھۋالى » دېگەن كىتابىنىڭ 23- بېتى ) شىنجاڭن
بىرلىككە كەلتۈردى.

غەربى شىمالى رايوندا ، ئىچكى جەھەتتە باشقۇرۇشن
مەمۇرلاشتۇرۇش ۋە سىرتقا قارىتا ھەربىي ئىشلار جەھەت
مۇداپىيەلىنىشكە ھەقىقى تۈردە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن 1762
يىلى كۆرەدە ئىلى ۋە باشقا جايلارنى بىر تۇتاش ئىدارە ق
لىدىغان، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەڭ يۇقىرى ھەربى
ئىشلار ۋە مەمۇرىي ئىشلار ئەمەلدارى سۈپىتىدە جياڭجۈن تەي
يىن قىلىندى.

ئىلى جياڭجۈنىنىڭ قارمىقىدا دۇتۇڭ مەسلىھەتچى ئامبال، ئىش
باشقۇرغۇچى ئامبال ۋە لەشكەربېشى ئامبال تەيىن قىلىندى. ئامباللار
شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تۇرۇپ، ھەربىي-مەمۇرى ئىش-
لارنى باشقۇردى . شۇ يىلى، بىرىنچى قېتىم ئىلى جياڭجۈنلى-
كىگە تەيىنلەنگەن مىڭ رۈي چيەنلۇڭ پادىشاھىغا مەكتۇپ
يوللاپ، مۇداپىئە قوشۇنىنىڭ لەشكىرى كۆچى يېتەرسىز، قورال

ئۇل)، بارۇن چاقار (باشقۇرۇشقا مەسئۇل)، چاپسەن چاقار (مەخ-
سۇس ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل)، شەبىر چاقار (مەخسۇس دىنىي
ئىشلارغا مەسئۇل). 1635 - يىلى كېيىنكى جىنگە (چىڭ سۇ-
لالىسىنىڭ دەسلەپكە ئاتىلىشى) تەسلىم بولدى.

1675-يىلى پادىشاھ كاڭشى چاقارلارنى سەككىز تۇغقا ئۆزگەر-
تىپ رەتلەپ، ئوڭ-سول ئىككى قاناتقا ئايرىدى. چاقارلار چىڭ
خاندانلىقىنىڭ ئەڭ جەسۇر سەككىز خوشۇنىنىڭ بىرسى ئىدى.
1754-يىلى (چىيەنلۇڭنىڭ 19-يىلى) جۇڭغار ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ
تىزپىلىكىنى تىنجىتىش ئۇرۇشى باشلانغان مەزگىلدە چاقارلارنىڭ
بىر قىسمى چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە جازا يۈرۈشىگە
قاتنىشىپ، ئۇرۇشلاردا خىزمەت كۆرسەتتى. 1757-يىلى چاقارلار-
نىڭ سەككىز تۇغى يەنە جەڭگە ئاتلىنىپ بورتالاغا كېلىپ ئا-
مۇرسانا توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا قاتناشتى. 1758- يىلدىن باشلاپ
چاقار ئەمەلدار-لەشكەرلىرى بورتالادا مۇداپىئەدە تۇردى. 1762-
يىلدىن باشلاپ، بورتالادا نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدىغان
چاقارلار مۇقىم تۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. بۇ ۋاقىتتا قورۇل تېخى
قۇرۇلمىغان ئىدى. بۇ بىر قىسىم بۈگۈنكى ئارىشاڭ تەۋەسىدە مۇدا-
پىئەدە تۇرغان چاقارلار «خۇچىن ئەڭگى» دەپ ئاتالدى. (كونا 8
خوشۇن)

1763-يىلى چىيەنلۇڭ پادىشاھ مىڭ رۇينىڭ مەكتۇپىنى تەس-
تىقلىغاندىن كېيىن، بىرىنچى تۈركۈمدىكى چاقارلار بورتالاغا يې-
تىپ كەلدى. 1764-يىلى ئىككىنچى تۈركۈمدىكى چاقارلار بورتا-
لاغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئىككى تۈركۈمدىكى چاقارلار جەمئىي ۋە

كىتابىدا: «مۇداپىئەدە تۇرغان چاقار ئەمەلدار-لەشكەرلىرى جەمئى 800 ئائىلە، چيەنلۇڭنىڭ 28-29-يىللىرى سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى چاقارلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ئائىلە - تەۋەلىرى بىلەن بىرلىكتە يۆتكەپ كېلىنگەن». دەپ خاتىرىلەنگەن.

چىيۇنشىنىڭ «غەربىي چېگرا رايونلىرىدىكى مۇھىم ئىشلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن كىتابىدا «چيەنلۇڭنىڭ 28-يىلى جاڭجياكۇنىڭ سىرتىدىن چاقار سەككىز تۇغ ئەمەلدار-لەشكەرلىرى بولۇپ جەمئى 1800 ئائىلە ئىلىغا يۆتكىلىپ، بورتالا قاپتۇقاي، سايرام قاتارلىق جايلاردا چارۋىچىلىق قىلغان». دەپ خاتىرىلەنگەن.

سۇڭجۈننىڭ «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن كىتابىدا «چاقار يېڭى ئوڭ، سول ئىككى قاناتقا بۆلۈنگەن......چيەنلۇڭنىڭ 29-يىلى جاڭجياكۇنىڭ سىرتىدىن 1737 كىشى يۆتكەلگەن». دەپ خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىدىكىلەرگە ئاساسلانغاندا بورتالادا قورۇل تەسىس قىلىنغان ۋاقىتنى 1763-1764-يىللىرى دېيىش بىر قەدەر ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە.

## چاقارلار ۋە قورۇل

بورتالادىكى چاقارلارنى قورۇلدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. چاقار دېگەن بۇ سۆز موڭغۇلچىدا «چەت- ياقا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چاقار قەبىلىسى يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى چىڭگىزخاننىڭ بىۋاستە ئەۋلادى بولۇپ، كېيىن تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن. يەنى: جاتىن چاقار (مەخسۇس ئۇرۇش قىلىشقا مەس-

(ئىككىكىرەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چۆرىسىگە كۆك جىيەك تۇتۇلغان تۇغ)، غول كۆك (باغ كۆك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئوتتۇرىسى كۆك تۇغ).

چاقارلارنىڭ سەككىز خوشۇنى ئەينى چاغدا سايرام كۆلى، ئېبىنۇر كۆلى ۋە ئالگا تۇغۇل كۆلى(ھازىرقى سوۋېتكە تەۋە ئالا كۆل) ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ جايلارغا ئورۇنلاشقان. ئەينى زامانىدىكى قورۇلنى «دائىملىق قورۇل»، «كۆچمە قورۇل»، «ۋاقىتلىق قورۇل» دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. «ھەر يىلى ئورنى يۆتكەلمەي موقۇم بولغانلىرى دائىملىق قورۇل دېيىلىدۇ. كۈزدە، ئەتىيازدا ياكى ئەتىيازـقىشتا، ياكى ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرى ئورنى يۆتكىلىپ تۇرىدىغان قورۇللار كۆچمەقورۇل دېيىلىدۇ... بىر ئورۇندا قورۇل تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، بەزىدە لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بەزىدە لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان قورۇللار ۋاقىتلىق قورۇل دېيىلىدۇ. (سۇڭ جۈننىڭ «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن كىتابىنىڭ 10-جىلىت 1-6 بەتلەر) ئەينى چاغدىكى قورۇللاردا «ئورنىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە مۇھىملىقىغا قاراپ، مانجۇ، سولۇن، شىبە، چاقار، ئويرات لەشكەرلىرىدىن 10 دىن 32 كىچە ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەر- بىر دىگەياساۋۇل ياكى لەشكەر باشلىقلىرىدىن بىردىن ئىككى كىشى مەسئۇل بولغان. («جاڭ داجۈننىڭ «شىنجاڭدىكى بوران چاپقۇنلار» دېگەن كىتابىنىڭ 2-توم، 1134- بەتتى)

تارىخى خاتىرىلەرگە قارىغاندا بورتالا چاقار يېڭى لەشكەرلىرىنىڭ ئامبىلى باشقۇرغان قورۇل جەمئى 21 بولۇپ، «دائىملىق قو-

بورتالادا مۇداپىئەدە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇلار «شىبە
ئەنگگى» دەپ ئاتالدى. (يېڭى سەككىز خوشۇن)

1771-يىلى تورغاۋۇتلار ۋولگا دەرياسى بويىدىن قايتىپ كەل
گەندىن كېيىن بىر قىسمى جىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەسلىدە
جىڭدا تۇرۇشلۇق چاقار يېڭى سەككىز خوشۇنى بورتالاغا يۆتكەل
دى. بورتالادا تۇرۇشلۇق چاقار كونا سەككىز خوشۇنىنىڭ بىر
قىسمى ئارشاڭغا يۆتكەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېڭى ۋە كونا
سەككىز خوشۇن ئايرىم-ئايرىم ھالدا بورتالا ۋە ئارشاڭغا ئورۇن
لاشتى.

چاقار ئەمەلدار-لەشكەرلىرى بورتالاغا دەسلەپ كەلگەن مەز-
گىلدە «ئىككى ئەنگگى»، «12 سۇمۇل» تەسىس قىلىندى. (سۇمۇل ئەي
نى چاغدا نىلۇ دەپمۇ ئاتالغان) بۇلار ئوڭ-سول ئىككى قاناتقا
بۆلۈنۈپ، ھەر بىر قانات ئالتە سۇمۇلغا ئايرىلدى. ئۇزۇن ئۆت-
مەي نوپۇس كۆپەيگەنلىكتىن، 1767-يىلى ئىلى جياڭجۈنى مىڭ
رۇي ھەر بىر ئەنگگىگە ئىككى سۇمۇل قوشۇپ تەسىس قىل-
دى. مانجۇ لەشكەرلىرىنىڭ «سەككىز خوشۇن» لۇق تۈزۈلمىسى
تەقلىد قىلىنغان ئاساسىدا ھازىر ئاتىلىۋاتقان كونا-يېڭى ئىككى
ئەنگگى، 16 سۇمۇل بارلىققا كەلدى.

چاقارلارنىڭ سەككىز خوشۇنى: كۆۋەشار (چۆرىسىگە سېرىق
جىيەك تۇتۇلغان تۇغ)، غۇلشار (ئوتتۇرىسى سېرىق تۇغ)، كۆ-
ۋەتئولان (چۆرىسىگە قىزىل جىيەك تۇتۇلغان تۇغ)، غۇلئولان
(ئوتتۇرىسى قىزىل تۇغ)، كۆۋەتچاغان (چۆرىسىگە ئاق جىيەك
تۇتۇلغان تۇغ)، غول چاغان (ئوتتۇرىسى ئاق تۇغ)، كۆۋەتكوك

داردىمتو قورۇلى—بۇ كىچىك قورۇل، شەرقىي- شىمالدىكى زا-
قىن ئوبا قورۇلىدىن 80 چاقىرىم يىراق جايدا.
زاقىن ئوبا قورۇلى—بۇ كىچىك قورۇل، غەربىي- شىمالدىكى
قاپتوقاي قورۇلىدىن 80 چاقىرىم يىراق جايدا.
قاپتوقاي قورۇلى— شەرقىي- شىمالدىكى ئىپىنۇرىن قورۇلىدىن
40 چاقىرىم يىراق جايدا.
ئىپىنۇرىن قورۇلى—بۇ كىچىك قورۇل، غەرب تەرەپتىكى
ئۈككۆكدىن 60 چاقىرىم يىراق جايدا.
ئۈككۆك قورۇلى—بۇ كىچىك قورۇل، غەرب تەرەپتىكى چىنى-
دالاندىن 60 چاقىرىم يىراق جايدا.
چىندالان قورۇلى—غەرب تەرەپتىكى سودا باقاندىن 50 چاقى-
رىم يىراق جايدا.
سودا باقان قورۇلى— غەرب تەرەپتىكى چوككۆكدىن 40چاقى-
رىم يىراق جايدا.
چوككۆك قورۇلى—بۇ كىچىك قورۇل، غەرب تەرەپتىكى قارا
ئوجۇردىن 120 چاقىرىم يىراق جايدا.
قارا ئوجۇر قورۇلى—غەرب تەرەپتىكى ئارچىت قامۇردىن
40 چاقىرىم يىراق جايدا.
ئارچىت قامۇر قورۇلى—بۇ كىچىك قورۇل، غەرب تەرەپ-
تىكى مۇلۇدىن 40 چاقىرىم يىراق جايدا.
مۇلۇقورۇلى—بۇ كىچىك قورۇل، غەرب تەرەپتىكى ساربۇلاق-
تىن 30 چاقىرىم يىراق جايدا.
سار بۇلاق قورۇلى—بۇ كىچىك قورۇل، غەربىي-جەنۇبىي تە-

رۇل» دېن توققۇزى، «ۋاقىتلىق قورۇل» دىن ئۇن ئىككىسى بولغان «كۆچمە قورۇل» بولمىغان.

توققۇز دائىملىق قورۇل: ئۇلانبۇرا قورۇلى، داردىمتۇ قورۇلى، زاقمن ئوبا قورۇلى، قاپتوقاي قورۇلى، ئۆككۆك قورۇلى، چىمندالان قورۇلى، سودا باقان قورۇلى، چوككۆك قورۇلى، كۆكتۈم قورۇلى.

ئون ئىككى ۋاقىتلىق قورۇل: غانجۇغا بۇلاق ئەندالا قورۇلى، زولۇنخۇر قورۇلى، ئېبىنۇر دىن قورۇلى، قارا ئوجۇر قورۇلى، ئسارچمتقامۇر قورۇلى، مۇلۇ قورۇلى، ساربۇلاق قورۇلى، ساچمرتمنمك قورۇلى، چاغانئوسۇ قورۇلى، ياماتو قورۇلى، ئوتۇكار ئەندالا قورۇلى، شەۋىرت قورۇلى.

## قورۇللارنىڭ ئورنى ۋە ئەھۋالى

ۋۇ يەنشىنىڭ «شىنجاڭدىكى چوڭ ۋەقەلەرنىڭ تولۇقلىما خاتىرىسى» دېگەن كىتابىنىڭ «چاقار لەشكەر بىشىغا تەۋە قورۇللار» دېگەن بىرىنچى جىلتىدىكى خاتىرلەرگە قارىغاندا، بورتالا تەۋەسىدىكى 21 قورۇل تۆۋەندىكىدەك جايلاشقان:

غانجۇغا بۇلاق ئەندالا قورۇلى-كۇرە قەلئەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 290 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، شەرقىي-شىمالى تەرەپتىكى ئۇلانبۇرا قورۇلىدىن 70 چاقىرىم يىراپ جايدا.

ئۇلانبۇرا قورۇلى—شەرق تەرەپتىكى زولۇنخۇر قورۇلىدىن 1200 چاقىرىم يىراق جايدا.

زولۇنخۇر قورۇلى—شەرق تەرەپتىكى داردىمتۇ قورۇلىدىن 50 چاقىرىم يىراق جايدا.

داردىمتۇقورۇلى؛ چاقار يېڭىمدىن بىر باقا ۋۇل، 10 نەپەر لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

زاقمىن ئوبا قورۇلى: چاقار يىڭىمدىن بىر نەپەر باقاۋۇل، 15 نەپەر لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

قاپتوقاي قورۇلى: بىر نەپەر ياساۋۇل، بىر نەپەر چاقار يىلق ئەمەلدارى، 20 نەپەر لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئۆككۆك قورۇلى: چاقار يىڭىمدىن بىر نەپەر باقاۋۇل، 20 نەپەر لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

چىندالان قورۇلى: بىر نەپەر ياساۋۇل، چاقار يىڭىمدىن بىر نەر ئەمەلدار، 30 لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

سودا باقان قورۇلى: بىر نەپەر ياساۋۇل، چاقار يىڭىمدىن بىر نەپەر ئەمەلدار، 30 نەپەر لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ياز ۋە كۈز پەسلىدە كۆرە قەلئەسىدىن بىر نەپەر مانجۇ يىڭى ئەمەلدارى، بەش نەپەر ئاۋانگارات لەشكەر قوشۇپ ئەۋەتىلگەن.

چوڭكۆك قورۇلى: چاقار يىڭىمدىن بىر نەپەر باقاۋۇل، 20 نەپەر لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

كۆكتۇم قورۇلى: بىر نەپەر ياساۋۇل، 35 نەپەر چاقار يىڭى لەشكىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ياز ۋە كۈزدە كۆرە قەلئەسىدىن بىر نەپەر مانجۇ يىڭى ئەمەلدارى ۋە ئىككى نەپەر لەشكەر ئەۋەتىلگەن.

يۇقىرىدىكىلەر توققۇز دائىملىق قورۇلدا تۇرۇشلۇق خادىملار ئىشتاتى.

رەپتىكى ساچىرتىنىكىدىن 80 چاقىرىم يىراق جايدا.

ساچىرتىنىڭ قورۇلى—غەربىي-جەنۇبىي تەرەپتىكى كوكتۇمدىن 100 چاقىرىم يىراق جايدا.

كۆكتۇم قورۇلى—غەربىي-جەنۇبىي تەرەپتىكى چاغانئۇسۇدىن 80 چاقىرىم يىراق جايدا.

چاغانئۇسۇ قورۇلى—بۇ كىچىك قورۇل، شەرقىي-جەنۇبتىكى ياماتۇدىن 70 چاقىرىم يىراق جايدا.

ياماتۇ قورۇلى—بۇ كىچىك قورۇل، شەرق تەرەپتىكى ئۇتۇكسارئەندالادىن 140 چاقىرىم يىراق جايدا.

ئۇتۇكسار ئەندالا قورۇلى—شەرق تەرەپتىكى شەۋرىتتىن 40 چاقىرىم يىراق جايدا

شەۋرىت قورۇلى—شەرقىي-جەنۇبتىكى غانىبۇغا بولاق ئەندالادىن 60 چاقىرىم يىراق جايدا.

سۇڭ جۈننىڭ «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن كىتابىنىڭ «چاقار لەشكەر بېشى ئامبىلىغا تەۋە قورۇللاردىكى خادىملار سانى» دېگەن جىلتىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، 1821-يىللىرى 21 قورۇلدىكى خادىملارنىڭ ئىشتاتى تۆۋەندىكىچە بولغان:

ئۇلانبورا قورۇلى: بىر نەپەر ياساۋۇل، ئىككى نەپەر كۆرە قەلئەسىدىن كەلگەن مانجۇ يىڭى لەشكىرى، 10 نەپەر چاقار يىڭى لەشكىرى ئورۇنلاشتۇرغان. ياز ۋە كۈزدە كونا كۆرەدىن بىر نەپەر مانجۇ يىڭى ئەمەلدارى، ئالتە نەپەر لەشكەر، كۆرەدىن توققۇز نەپەر مانجۇ لەشكىرى قوشۇپ ئەۋەتىلگەن.

ساچىرتىنىڭ قورۇلى: ئەتىيازدا چىقىپ، قىشتا قايتىپ كېلىدۇ. بىر نەپەر چاقار يېڭى بوشقىسى، توققۇز نەپەر لەشكەر ئەۋەتىلگەن.

چاغاننۇسۇ قورۇلى: ئەتىيازدا چىقىپ، قىشتا قايتىپ كېلىدۇ. بىر نەپەر چاقار يېڭى ئەمەلدارى. 19 نەپەر لەشكەر ئەۋەتىلگەن.

ياماتو قورۇلى: ئەتىياردا چىقىپ، قىشتا قايتىپ كېلىدۇ. بىر نەپەر چاقار يېڭى ئەمەلدارى، 20 نەپەر لەشكەر ئەۋەتىلگەن.

ئوتۇكسار ئەندالا قورۇلى: ئەتىيازدا چىقىپ، قىشتا قايتىپ كېلىدۇ. كونا كۆرەدىن بىر نەپەر مانجۇ يېڭى ئەمەلدارى، ئىككى نەپەر لەشكەر، بىر نەپەر چاقار يېڭى ئەمەلدارى، 15 نەپەر لەشكەر ئەۋەتىلگەن.

شەۋىرت قورۇلى: ئەتىيازدا چىقىپ، قىشتا قايتىپ كېلىدۇ. بىر نەپەر قورۇل ياساۋۇلى، كۆرەدىن بىر نەپەر مانجۇ يېڭى ئەمەلدارى، 14 نەپەر لەشكەر، 11 نەپەر چاقار يېڭى لەشكىرى ئەۋەتىلگەن.

1876- يىلى ئىلى جياڭجۈنى چاقارلارنىڭ باشقۇرىشىدىكى قورۇللارنى 15 كە قىسقارتتى. يەنى: چاغاننۇسۇ، چاغانغول، قاراغول، قارا ئوجۇر، غانجۇغا، شىربولاق، كۆكتۇم، سوداباقان، چىندالان، قاپتوقاي، زاقىن ئوبا، مولو، ساچىرتىنىڭ، غوربىنىلىچىر، ئىككىنىشىر. شۇچاغدا «كونا 21 قورۇل، يېڭى 15 قورۇل»

12 ۋاقىتلىق قورۇلدا تۆۋەندىكىچە:

غانجۇغا بولاق ئەندالا قورۇلى: ئەتمىيازدا چىقىپ قىشتا قايتىپ كېلىدۇ. كونا كۆرەدىن بىر نەپەر مانجۇ يىگى ئەمەلدارى، ئىككى نەپەر لەشكەر، بىر نەپەر چاقار يىگى ئەمەلدارى، 15 نەپەر لەشكەر، ئۈچ نەپەر ئويرات لەشكەر ئەۋەتىلگەن.

زولۇنخۇر قورۇلى: ئەتمىيازدا چىقىپ، قىشتا قايتىپ كېلىدۇ. كۆرەدىن بىر نەپەر مانجۇ يىگى ئەمەلدارى، ئۈچ نەپەر لەشكەر، كونا كۆرەدىن ئىككى نەپەر مانجۇ لەشكەر، بەش نەپەر چاقار لەشكەر ئەۋەتىلگەن.

ئېبىنۇرىن قورۇلى: ئەتمىيازدا چىقىپ، قىشتا قايتىپ كېلىدۇ. بىر نەپەر چاقار يىلق ئەمەلدارى، 20 نەپەر لەشكەر ئەۋەتىلگەن.

قارا ئوجۇر قورۇلى: ئەتمىيازدىن كۈزگىچە چىقىپ قىشتا قايتىپ كېلىدۇ. بىر نەپەر چاقار يىگى بوشقىسى، توققۇز نەپەر لەشكەر ئەۋەتىلگەن.

ئارچىتقامۇر قورۇلى: ئەتمىيازدا چىقىپ، قىشتا قايتىپ كېلىدۇ. بىر نەپەر چاقار يىگى بوشقىسى، 19 نەپەر لەشكەر ئەۋەتىلگەن.

مۇلۇ قورۇلى: ئەتمىيازدا چىقىپ، قىشتا قايتىپ كېلىدۇ. بىر نەپەر چاقار يىگى ئەمەلدارى، 15 نەپەر لەشكەر ئەۋەتىلگەن.

سار بۇلاق قورۇلى: ئەتمىيازدا چىقىپ، قىشتا قايتىپ كېلىدۇ. بىر نەپەر چاقار يىگى بوشقىسى، توققۇز نەپەر لەشكەر ئەۋەتىلگەن.

يەتكۈزۈش. ئەينى ۋاقىتتىكى بورتالانىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قورۇللارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: چاقارلارنىڭ ئوتلاقلىرىنى كۆزەت قىلىش، ئۆز مال-چارۋىلىرىنىڭ قازاق، سولون، ئويراتلارنىڭ چارۋىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، بىر-بىرىنىڭ پاسىلىدىن ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قاچقۇنلارنى توسۇش، ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى ۋە ئولپانلارنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىلىرىمۇ ئۈستىگە ئالغان.

1860-يىلى جۇڭگو-رۇسىيە «بېيجىڭ شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، چاررۇسىيە شىنجاڭغا قەدەممۇ-قەدەم ئىلگىرىلەپ كىرىپ، زور كۆلەمدىكى زېمىنىمىزنى ئىگىلىۋالدى. 1864-يىلى «جۇڭگو-رۇسىيە غەربىي-شىمالىي چېگرىسى توغرىسىدىكى كېلىشىم» ئىمزالىنىپ، جۇڭگو 440 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى قولدىن كەتكۈزۈپ قويدى. ئەسلىدە چېگراغا يىراق بولغان بورتالا چاررۇسىيە بىلەن ئالاتاغنى چېگرا قىلىپ، چېگرا رايونى بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بىر قىسىم قورۇللار چېگرا رايون تەۋەسىدە بولۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ رولىمۇ ئۆزگەردى. ئاساسەن چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداپ، ئۆز ئالدىغا چېگرىدىن ئۆتۈشتىن ۋە ئوغرى-قاراقچىلاردىن مۇداپىئە كۆردى. (ئەينى چاغدا چېگرىدىن ئۆتۈپ مال-چارۋا ئوغرىلاش ئەھۋاللىرى كۆپ ئىدى). شۇ چاغدا "چېگرىنىڭ سىرتىدا شىمالىدىن غەربكىچە قازاقلار، غەربتىن جەنۇبقىچە ئويراتلار چېگرىداش ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قورۇل تەسىس قى-

دەپ ئاتالغان. (ۋۇتەڭشىنىڭ «شىنجاڭدىكى چوڭ ۋەقەلەرنىڭ تولۇقلىما خاتىرىسى» دېگەن كىتابىنىڭ 1- جىلدىتى)

## قورۇلىنىڭ رواي

قورۇلنى تەسىس قىلىشتىكى مەقسەت نېمە؟ بۇنى زامان ۋە ماكان بەلگىلىگەن. بورتالادىكى قورۇللا 1763 ـ ۋە 1764ـ يىللىرى تەسىس قىلىنغان، ئەينى زامانىدا مەنچىڭنىڭ غەربىي چېگراسى بالقاش كۆلى ۋە پامىركىچە بولۇپ، بورتالا ئىلى جياڭجۈنى قارمىقىدىكى چاقارلارنىڭ ئوتلىقى ئىدى. ئۇنىڭ شىمالى تەرىپى تارباغاتايغا، شەرقى تەرىپى كۈرخار ئۇسۇغا، غەربىي تەرىپى سولۇنلارنىڭ ئوتلاقلىرىغا، جەنۇبىي تەرىپى ئىلىدىكى مانجۇ يېڭىگە تەۋە جايلارغا چېگرادىش ئىدى. (قوشۇمچە خەرىتىگە قارالسۇن) شۇڭا، قورۇلنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىچكى جەھەتتە ئېھتىيات قىلىشتىن ئىبارەت. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا خاتىرىلىنىشچە، چېگرا ئىچىدە تەسىس قىلىنغان قورۇللار مۇنداق ئۈچ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان: 1- ئوتلاقلارنى باشقۇرۇش (قازاق، قىرغىزلار بىلەن چاقار، سولۇن، شىۋە ئويرات يىغىلىرىنىڭ ئوتلاق پاسىلىنى ئايرىپ، ئۆز-ئارا ئۆتۈپ كېتىشىتىن ساقلىنىش). 2- قاچقۇنلارنى تۇتۇش («شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە»دە ئىزاھات بېرىلىشچە ئىلىرايوندا ھۆكۈمەت ئىشلىتىۋاتقان سالچى، دېھقان، مىس زاۋۇت، قوغۇشۇن زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشچىلىرى سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچىلەر بولۇپ، قورۇللار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قېچىشىنى چەكلىگەن). 3- ھۆكۈمەت ئالاقىسى ۋە ئولپان بويۇملىرىنى

ئاش تارقىتىپ بېرەتتى. ھەر بىر كىشىگە 5 سەر كۆمۈچ، ئەمەلدارلارنىڭ مەنسەپنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ 1-، 2-، 3-دەرىجىگە ئايرىپ مۇئاش تارقىتىپ بېرىلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، كىيىم-كېچەك، قولاقچا، چاي، گەزمال تارقىتىپ بېرەتتى. لەشكەر بالا تاپسا كۆمۈچ تارقىتىپ بېرىلەتتى. 1808-يىلدىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى چېگرىدىكى لەشكەرلەردېھقانچىلىق قىلىش تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، مۇئاشنى تەدرىجى قىسقارتتى. پۇل تارقىتىپ بەرمەي، پەقەت ماددىي بۇيۇم تارقىتىپ بەردى. قورۇللارنىڭ خىراجەت ئىشلىرىگە سومۇللار مەسئۇل بولۇپ، بىر تەرەپتىن مۇداپىئەدە تۇرۇش، يەنە بىرتەرەپتىن دېھقانچىلىق قىلىشنى يولغا قويدى. قورۇلنى ساقلاش نۆۋىتى كىمگە كەلسە ئائىلە بويىچە كۆچۈپ بېرىپ، ئەرلىرى قورۇلنى ساقلىدى، ئاياللىرى چارۋا بېقىپ، ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بولدى. چىڭ ھۆكۈمىتى مۇئاش تارقىتىپ بەرمەيدىغان بولغاچقا، بۇ چېگرا مۇداپىئە لەشكەرلىرى ئەمەلىيەتتە خالىسانەچېگرا قوغدايدىغان خەلق لەشكەرلىرىبولۇپ قالدى. شىڭ شىسەي دەۋرىدە بۇۋۇت قوشۇن باشلاپ بورتالاغا كەلدى ھەم چاقارلاردىن لەشكەر قوبۇل قىلدى. بۇ يېڭى لەشكەرلەر ھەر قايسى قورۇللارغاتەقسىم قىلىنىپ، ئەسلىدىكى ئائىلىسى بويىچە قورۇلدا تۇرۇۋاتقانلار قايتۇرۇلدى. بۇ چېگرا مۇداپىئە لەشكەرلىرىگە ھەربىي كىيىم تارقىتىپ بەردى، قورۇلغا ئائىلىسىنى ئاپارمىدى. ھەر قايسى قورۇللارغا 5-7 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، لەشكەرلەرگە ئۈچ دەرىجە بويىچە مۇئاش تارقىتىپ بەردى (بۇنى شاۋىيىڭچەندىكى ئاربۇك سۆزلەپ بەرگەن. بۇ

ىلىنىپ، لەشكەرلەر چارلاش ئېلىپ بارغان ئىدى». (سۈكجۇننىڭ «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن كىتابىنىڭ 11-جىلتى) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «چەتئەل ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلىرى چېگرىدىن كىرگەندە ئالدى بىلەن قورۇل ياساۋۇلىغا مەلۇم قىلىپ، تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى لەشكەرلەر يالاپ ۋەلىيەدىكى ئامبالىلارنىڭ ئالدىغا ئاپىراتتى. ئۇلار ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يەنە شۇ قورۇلدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزەتتى». «مۇداپىئە-قوغداش ئىشلىرى ئىنتايىن قاتتىق ئىدى. قورۇلغا مەسئۇل لەشكەر بېشى ئامبىلىنىڭ ھەر يىلى «ئەتىياز ۋە كۈزدە ئۆزىنگە تەۋە قورۇللارنى بىر قېتىمدىن تەكشۈرۈپ تۇرۇشى بەلگىلەنگەن». (سۈكجۇننىڭ «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن كىتابىدىن)

قورۇلنىڭ ئورنى بويىچە قارىغاندا، بورتالا چېگرىسىدا جەمئىي 13 قورۇل بار ئىدى. بۇلار: ئېبىنۇرىن قورۇلى، قاپتوقاي قورۇلى، ئۆككۆك قورۇلى، چىندالان قورۇلى، سوداباقات قورۇلى، چوڭكۆك قورۇلى، قارائوجۇر قورۇلى، ئارچات قورۇلى، مۇلۇ قورۇلى، ساربۇلاق قورۇلى، ساچرتىنىك قورۇلى، كۆكتۇم قورۇلى، چاغانئۇسۇ قورۇلى قاتارلىقلار. بۇ قورۇللار ئەمەلىيەتتە «چېگرا مۇداپىئە پونكىتى»نىڭ خاراكتېرىنى ئالغان

## قورۇل توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ۋە قورۇلنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى

چاقارلارنىڭ سەككىز خوشۇنى بورتالاغا كىرىپ قورۇللارنى ساقلىغان دەسلەپكى مەزگىلدە لەشكەر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنغان ئىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى ھەر يېرىم يىلدا ئۇلارغا بىر قېتىم مۇ-

يىلى موڭغۇللار بىلەن قازاقلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ، سۈ-
مەنىڭ ئالدىغا مىيىتلار بەك كۆپ كۆمۈلگەنلىكتىن، خوچىن ئەگ-
گىلەر ئاتى جىياڭجۇنغا مەلۇم قىلىپ ھەم
شىزاڭنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، بۇ سۈمەنىڭ ئورنىنى چاغانتۇن-
گىگە يۆتكەپ، 1907- يىلىدىن 1909- يىلىغا قەدەر 3 يىل ۋاقىت
سەرىپ قىلىپ پۈتتۈرگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا «خەيرلىك ئىبادەت-
خانا» دەپ ئاتالغان. يەنە بىرى شىن ئەنگىلەرنىڭ سۈمەسى بو-
لۇپ «تۆپىشىت سۈمە» دەپ ئاتالغان، بۇ سۈمە 1886- يىلى ئا-
رالتۇقايدا سېلىنغان .

قورۇللارنىڭ قاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى توغرىسى-
دىكى قاراش ئوخشاش ئەمەس . بەزىلەر: «1934- يىلى ما-
جۇڭيىڭ توپىلىڭى ۋە قەشقەر ئۇرۇشى بولۇپ، چاقىرلار بويرۇق-
قا بىنائەن جازا يۈرۈشكە قاتناشقاندا قورۇل ئەمەلدىن
قالدۇرۇلغان» دەيدۇ. (ئارىپ سولۇ سوزلەپ بەرگەن، 66 ياشتا )
يەنە بەزىلەر: «1936- يىلى سۇرا ئامبال شېڭ شىسەي تەرىپى-
دىن تۇتۇپ كېتىلىپ . تۈرمىدا ئۆلگەن، شۇ چاغدا شېڭ شىسەي
بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دوست بولۇپ، چېگرادىكى قورۇللارنى
ئەمەلدىن قالدۇرغان» دەيدۇ. (بىموجاپ سۆزلەپ بەرگەن، 66 ياشتا)
بۇلارنىڭ ھەممىسى توغرا ئەمەس. كۆپلىگەن پىشقەدەملەر قورۇل-
لارنىڭ ئەمەلدىن قالغان ۋاقتى تەخمىنەن 1935- يىلدىن 1940 يىللارغىچە
بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بورتالادىكى 67 ياشقا كىرگەن ئارىپ
سولۇنىڭ ئەسلىشىچە، 1935 - يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت
بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، چاقارلار ھەر يىلى بىر قېتىم ھەربى

كېشى بۇ يىل 76 ياشتا بولۇپ، 1927-يىلدىن 1931-يىلغىچە قورۇل-
دا لەشكەر بولۇپ تۇرغان.)

1882-يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 8-يىلى) جۇڭگو-روسىيە «ئىلى چېگرىسى
كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، چېگرا بەلگىسى قىلىش مەقسىتىدە چېگرا
لىنىيىسىدە 33 ئوۋا قويۇلدى. بۇ 33 ئوۋا ئىلى تەۋەسىدىكى موڭغۇلكۈرە
ناھىيىسىدىكى نەرىنغاردىن تولى ناھىيىسىنىڭ داردۇنمۇل نەيۇراغىچە
قويۇرۇلغان بولۇپ، جۇڭگو-روسىيە ئىككى تەرەپ ھەر 3 يىلدا بىر
33 ئوۋانى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، مۇستەھكەملەپ تۇر-
دى. بۇلاردىن ئىلى تەۋەسىدە 7 ئوۋا بولۇپ، 26-نومۇردىن باشلىنىپ
رەت نومۇرى بويىچە كانگاداۋان، كۆكشۈن داۋان، دىمەك (دۇن-
دۇئوسۇ)، شارخان، چاغانئوسۇ، كونتۇم، سوغۇنداۋان قاتارلىق
ئوۋالار قويۇرۇلغان. 26-نومۇرلۇق ئوۋانىڭ ئالدىدىكى ئوۋالار
ئىلى تەۋەسىدە، 33-نومۇرلۇقتىن كېيىنكى ئوۋالار تارباغاتاينىڭ
تولى ناھىيىسىدە بولغان.

قورۇل، ئوۋالار بىلەن بىرلىكتە چېگرا رايونىدا قەد كۆتۈ-
رۈپ تۇرغان يەنە ئىككى چوڭ سۇمە بار ئىدى. بۇنىڭ بىرى
خۇچىن ئېگىنىڭ سۇمەسى بولۇپ، «كىشىكتە سۇمە» دەپ ئاتالغان.
بۇ سۇمەنى 1765-يىلدىن 1770-يىلغىچە جەمئىي 5 يىل ۋاقىت سەرپ
قىلىپ پۈتتۈرگەن. ئەسلى ئورنى چوڭ ئېگىز، مۇلۇ غوستەي،
چاغانسايلار تۇتاشقان يەردە بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ۋە نا-
مىنى خۇچىن ئېگىلەر ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىگە دوكلات قىلىپ،
ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى شىزاڭ لاسادىكى ئالىي دىنىي مەھ-
كىمىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، بەلگىلىگەن ئىدى. 1905-

# جىڭ تىڭ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە تارىخى

جۇ خۇڭ

1. جىڭ تىڭ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىشىدىن بۇرۇنقى تارىخقا نەزەر

(1) جىڭ دېگەن بۇ يەر نامىنىڭ كېلىش مەنبەسى

تارىخىي كىتابلارغا ئاساسلانغاندا، جىڭ خې (دەريانىڭ نامى) تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «شېچىخې» (تاشىر دەريا)، كېيىن «جىڭخې» (كىرىستال دەريا) دەپ ئاتىلىپ، ئاخىرى جىڭ خې دېگەن بۇ نام مۇقۇملاشقان. «جىڭ» دېگەن سۆز موڭغۇلچە سۆزنىڭ تاۋۇش تەرجىمىسى بولۇپ، «سالقىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «جىڭ تىڭ مەھكىمىسى» ۋە «جىڭ ناھىيىسى» دېگەن بۇناملار مۇشۇ دەريانىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. جىڭ رايونىدىن ئىبارەت بۇ قەدىمى ئوتلاقتا، ئوخشاش بولمىغان تىلدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئىلگىرى- ئاخىرى چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشاپ كەلگەن.

جىڭ - قەدىمقى «يىپەك يولى» ئۈستىدىكى بىر ئۆتەڭ ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئىككى يول ئېچىلغاندىن تاشقىرى، شەرقى خەن دەۋرلىرىدە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا «تېرە- يۇڭ يولى» دەيدىغان يېڭى بىر يول ئېچىلغان. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى جۇغراپىيەلىك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە بۇ يېڭى يول «...قاراسۇدىن

ئات ئاپىرىپ بېرىپ، مۇئاش ئەكىلىپ مۇداپىئەدە تۇرغان لەشكەر-
لەرگە تارقىتىپ بەرگەن . بۇنىڭدىن 1935- يىلى قورۇلنىڭ ئىچكى
مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۋالغىلى بولىدۇ. 1938- يىلدىن 1942 -
يىللىرىغىچە شېڭشىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دوست ئىدى. بورتالادىكى
86 ياشقا كىرگە بالا مەھەممەتتىنىڭ ئەسلىشىچە ، شۇ چاغدا سوۋېت ئىت-
تىپاقى ئارىشاڭنىڭ ئىلچىلىك دېگەن يېرىدە ۋولفرام كانى قازغان.
قوستاي ، ئاقساي قاتارلىق يەرلەردە 3 يىلدىن ئارتۇق ئادەم
ئىشلىگەن. قاتنىغان ئاپتوموبىللار ناھايىتى كۆپ بولغان. ئۇچاغ-
دا قورۇل ۋە مۇداپىئە لەشكەرلىرى يوق ئىكەن. 70 ياشتىن
ئاشقان ياشانغان كىشىلەرنى زىيارەت قىلىش نەتىجىسىدىن قارى-
غاندا ، قورۇل 1936 - يىلدىن 1940- يىللىرىغىچە بولغان ۋا-
قىتلاردا ئەمەلدىن قالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بورتالانىڭ چېگ-
رىسى خىلى ۋاقىتلارغىچە مۇداپىئەسىز ھالەتتە تۇرغان. قورۇل -
نىڭ خارابىسى تارىخنىڭ گۇۋاچىسى سۈپىتىدە، كىشىلەرگە چاقار-
لارنىڭ بورتالانى گوللەندۇرۇش ۋە قوغداشتا ياراتقان ئۇلۇغ
تۆھپىسىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ .

غەربى جى سۇلالىسى دەۋرىدە: تۇيۇغۇن بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. تۇيۇغۇن بەگلىكىنىڭ زېمىن چېگراسى تەخمىنەن شەرق تەرىپى ماناس دەرياسىغا، غەرب تەرىپى بالقاش كۆلىنىڭ غەربىي شىمالى قىرغىقىغا، جەنۇبىي تەرىپى تولغۇرتىتاغ ئېغىزى، خانتەڭرى چوققىسى (تاڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى) گىچە، شىمالى تەرىپى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاقتۇپىگىچە باراتتى.

شەرقى جى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى: تۇيۇغۇنلار غەربكە كۆچۈپ كېتىپ جىڭ ئىلگىرى-ئاخىرى ياپپانلار، جورجانلار ۋە تۈركلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنى تىنجىتقاندىن كېيىن، جىڭ ئىككى ئۆكۈز تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. (ئىككى ئۆكۈز تۇتۇق مەھكىمىسى ئەسلىدە ئەنشى بۈيۈك ھىراۋۇل مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولۇپ، كېيىن بەشبالىق بۈيۈك ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.)

شىمالى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە: قارىخانىلار دۆلىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە: غەربىي لياۋ ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. شۇ چاغدا تەكرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى قىسمەن رايونلارمۇ غەربىي لياۋ ئۇيغۇرلىرىغا تەۋە ئىدى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە: ئالمالىق ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا، كېيىن چاغىتاي ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا

غەربكە قاراپ ماڭغاندا سېرىق ئۆتلاق، چوڭ قۇملۇق، كىچىك ئېدىرلاردىن ۋە شىپچىخى دەرياسىدىن (تاشىر دەرياسى) ئۆتۈپ، چىلىن تېغىدىن ئېشىپ، كۆك يۇ قەلئەسىگە باردۇ، دەپ بايانقىلىنغان. بۇ يەردە دېيىلگەن قارا سۇ ھازىرقى شىخۇنى، سېرىق ئۆتلاق، چوڭ قۇملۇق، ۋە كىچىك ئېدىرلار ھازىرقى تۇتو ۋە قۇمبۇلاق رايونلىرىنى، شىپچىخى ھازىرقى جىڭ دەرياسىنى، چېلىن تاغلىرى جىڭنىڭ غەربىي-جەنۇبىدىكى بۇلۇكنۇر تاغلىرىنى. كۆك يۇ قەلئەسى بۈگۈنكى قورغاس ناھىيىسى تالچى قەلئەسىنىڭ شىمالىدىكى ئالمىلىق خارابىسىنى كۆرسىتىدۇ.

(2) جىڭ رايونىنىڭ تارىختىن بۇيانقى تەۋەلىك مۇناسىۋىتى

چىن سۇلالىسى دەۋرىدە: ساكلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرى ياۋچىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

غەربىي خەن سۇلالىسى شۈەن دي شىنىڭ جۈنىڭ 2- يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى) غەربىي رايوندا «غەربىي دىيارى ھىراۋۇل مەھكىمىسى» (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىدە) قۇرۇلغان. جىڭ غەربىي دىيار ھىراۋۇل مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئۇيسۇن بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە: ئۇيسۇن بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

3 پادىشاھلىق دەۋرىدە: ئۇيسۇن بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

جەسەت تەكشۈرگۈچى تەسىس قىلىنىپ، كورخار ئۆسىۈ ئىش باشقۇرغۇچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، لياڭ يۆەن گۇاڭشۇنىڭ 11- يىلى نازارەتچى دەپ ئۆزگەرتىلىپ، كورخار ئۆسىۈ ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. يوقىرىدىكى مەنسەپلەرنىڭ ھەممىسىنى مەمۇرىي ئاپپارات ئورنىدا تەسىس قىلغان.

ھەربىي ئىشلار جەھەتتە: كونا ئەنخۇ قەلئەسىدە 60 لەشكەر تۇرغان. داخىيەنزى ۋە بورتالا قاتارلىق جايلاردىمۇ لەشكەر تۇرغان.

چىيەنلۇڭنىڭ 48- يىلىدىن كېيىن، جىڭدا "جىڭلىق يىڭى" تۇرغان. بۇ يىڭ ئۆرۈمچى تۇتۇق بېگىگە قاراشلىق بولۇپ، 1 دۇسى (باش ھەربىي ئەمەلدار)، 1 مىڭ بېگى، 2 يۈزبېشى، 2 جىڭجېي ۋە يۋي، ئاتلىق پىيادە لەشكەردىن 400 نەپەر تۇرغان.

(5) يېڭى ئەنخۇ قەلئەسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا
جەمئىيسى 21 ئىبادەتخانا - بۇتخانا سېلىنغان.
كۆكزى ئىبادەتخانىسى: قەلئە ئىچىنىڭ غەربىي- شىمالىي بۇلۇڭىدا، جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان، گۇاڭشۇنىڭ 26- يىلى ليۇدىڭچىڭ سالدۇرغان.

ۋىنچاڭ سارىيى: قەلئە ئىچىنىڭ غەرب تەرىپىدە بولۇپ، سول تەرىپىگە تاغ مۇئەككىلى ئىبادەتخانىسى، ئوڭ تەرىپىگە يەر مۇئەككىلى ئىبادەتخانىسى ياندىشتۇرۇلۇپ، جەنۇب تەرەپكە قارىتىپ سېلىنغان. بۇنى گۇاڭشۇنىڭ 8- يىلى 8- ئايدا جىڭ لىياڭ يۆەنى كۆيگۇاڭ سالدۇرغان.

گۇمپا ئىبادەتخانىسى ئۈچ ئورۇندا: بىرىسى چىيەنلۇڭنىڭ 48-

بولغان .

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە: ئويراتلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

(3) ئەنخۇ قەلئەسىنىڭ قۇرۇلۇشى

چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغار توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، چيەنلۇڭنىڭ 24- يىلى (1759- يىلى) جىڭ دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىغا ئەنخۇ قەلئەسىنى سالغان ( ئەنخۇ دېگەن سۆز ئەلنى خاتىرجەم قىلىش ، خەلقنى بېيىتىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) . بۇ قەلئە جىڭ دىئايىغىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاھالە يىلدىن- يىلغا كۆپىيىپ ، قەلئە كىچىكلىك قىلىپ، ئۆيلەر يېتىشمىگەچكە، چيەنلۇڭنىڭ 48- يىلى (1783- يىلى) قەلئەنىڭ شەرق تەرىپىدىن 2 چاقىرىم يىراقلىقتا يېڭى قەلئە سېلىنغان . قەلئەنىڭ نامى يەنىلا «ئەنخۇ قەلئەسى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇرۇمچى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان،

يېڭى ئەنخۇ قەلئەسىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلىقى 2 چاقىرىم 2 فۇڭ ، ئېگىزلىكى 1جاڭ 7چى 3 سۇڭ ئىدى. قەلئەنىڭ شەر- قى تەرىپىدە دىڭچۇن دەرۋازىسى، غەربى تەرىپىدە يوڭغىڭ دەر- ۋازىسى ، جەنۇبىي تەرىپىدە يىخى دەرۋازىسى ، شىمالى تەرىپىدە باۋكاڭ دەرۋازىسى قاتارلىق جەمئى 4 دەرۋازىسى بار ئىدى .

(4) ئەنخۇ قەلئەسىنىڭ ئاپپاراتلىرى

ئەنخۇ قەلئەسىدە 1 نەپەر مەنسەپدار تەسىس قىلىنغان... چيەنلۇڭنىڭ 48- يىلى (1783- يىلى) مەنسەپدارنىڭ نامى لياڭ يۈەن (ئاشلىق باشقۇرغۇچى)گە ئۆزگەرتىلىپ، تۆۋەندە 1نەپەر ئىش باشقۇرغۇچى ئەمەلدار، 3 نەپەر خىزمەتچى ، 1 نەپەر

مەبۇدە ئىبادەتخانىسى: جياچىڭنىڭ 5- يىلى قەلئە ئە ـ چىنىڭ غەربىي بۇلۇڭىغا جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان.

ماۋاڭ بۇتخانىسى: گۇاڭشۈنىڭ 28- يىلى قەلئە ئىچىنىڭ شەرقىي بۇلۇڭىغا جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان.

يەر مۇئەككىلى ئىبادەتخانىسى: داۋگۇاڭنىڭ 5-يىلى غەربىي بۇ- لۇڭىغا جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان.

جاۋجۈڭ ئىبادەتخانىسى گۇاڭشۈنىڭ 20-يىلى قەلئەسىرتىنىڭ غەربىي بولۇڭىغا شەرققە قارىتىپ سېلىنغان.

ليودىڭ جياڭجۈن ئىبادەتخانىسى: گۇاڭشۈنىڭ 25-يىلى قەلئەسىرتىنىڭ شەرقى بۇلۇڭىغا غەربكە قارىتىپ سېلىنغان.

يۇقىرىدىكى ئىبادەتخانا ـ بۇتخانىلارنىڭ قۇرۇلمىسى تويا ۋە ياغاچ بولغانلىقتىن ئاللىبۇرۇن چىرىپ ئۆرۈلۈپ، قەلئەخارا- بىسىمۇ تۈزلىنىپ ئىزمۇ قالمىغان. پەقەت،كونا ئەنخۇقەلئەسىنىڭ سېپىل تېمى پۈتۈن ساقلىنىپ قالغان.(50-يىللاردائۇيغۇرلار مازاقىلدى)

مەسچىت: قەلئە سىرتىنىڭ غەربىي- جەنۇبىي تەرى- پىگە ئۇيغۇرلار بىر مەسچىت سالغان.

2. جىڭ سىلاۋچى بىۋاستە قاراشلىق تىڭ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى

(1) جىڭ تىڭ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنغان ۋاقتى.

گۇاڭشۈنىڭ 10-يىلى(1884يىلى)شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قى- لىنىپ،قارىمىقىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرى ئاپپاراتلارمۇ مۇنا- سىپ ئۆزگەرتىلىپ تىڭ مەھكىمىسى ۋە ناھىيىلەر تەسىس قىلىن-

يىلى قەلئەئىچىشىمالىي دەرۋازىيىنىغا شىمالغاقارىتىپ سېلىنغان. بىرسى، جىياچىڭنىڭ 16- يىلىنەنگۇەن كوچىسىنىڭ شىمالىيقاسنىقىغا جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان. يەنەبىرسى، قەلئە سىرتىنىڭ شەرقىي بېقىنىغا يۆلەپ، جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان. ئاساسىي بۇتخانا چيەنلۇڭنىڭ 36- يىلى، سەھنەراۋىقى داۋگۇاڭنىڭ 26- يىلى سېلىنغان. شەنفېڭنىڭ 10-يىلى جىلىق لياڭيۈەنى چىڭفىڭ پادىشاھىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن «تۆھپىسى ئەۋلاتمۇئەۋلات پارلىسۇن» دېگەن خەتيېزىلغان بىرتاختا تەقدىم قىلغان. جىياچىڭنىڭ 4- يىلى سولتەرەپكە دۇكيۈئىبادەتخانىسى ۋە پەرىشتە ئىبادەتخانىسى غەربكە قارىتىپ سېلىنغان. داۋگۇاڭنىڭ 10- يىلى شەپقەتچى مەبۇدە بۇتخانىسى ئوڭتەرەپكە شەرققە قارىتىپ سېلىنغان.

شەھەر مۇئەككەلى ئىبادەتخانىسى: داۋگۇاڭنىڭ 1-يىلى قەلئە سىرتىنىڭ غەربىي بۇلۇڭىغا جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان، شەنفېڭنىڭ 1- يىلى سولييىنىغا لاۋجۈن بۇتخانىسى جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان.

ئىلاھ- ئەۋلىيا ئىبادەتخانىسى: چيەنلۇڭنىڭ 48- يىلى قەلئەسىرتىنىڭ شەرقىي بۇلۇڭىغا غەربكە قارىتىپ سېلىنغان. داۋگۋاڭنىڭ 30- يىلى سولييىنىغا شىپائەت ئىلاھىي ئىبادەتخانىسى شىمالغا قارىتىپ سېلىنغان. چيەنلۇڭنىڭ 59- يىلى ئوڭيېنىغا بايلىق ئىلاھى ئىبادەتخانىسى جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان.

ئۆمۈرئىلەش ئىبادەتخانىسى: داۋگۇاڭنىڭ 7- يىلى قەلئە ئىچىنىڭ شىمالىي بۇلۇڭىغا جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان.

ئۆزگەرتىلىش ئالدىدا بەزى ۋاقىتلىق خەلقچىل ئاپپاراتلار قۇرۇلغان:

شۆەنتۇڭنىڭ 2-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى (1910-يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنى) ئاپتونومىيە تەتقىقات يۇرتى قۇرۇلۇپ، نازارەتچى، پونكت باشلىقى ۋە مۇئەللىملەردىن بىردىن كىشى، تۆت نەپەر تالىپ قويۇلغان.

شۆەنتۇڭنىڭ 2-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنى (1910-يىلى 5-ئاينىڭ 9-كۈنى) تەكشۈرۈش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، نازارەتچى، ياردەمچى نازارەتچى، تەكشۈرۈش باشلىقى قاتارلىقلارغا بىردىن كىشى، يېزا-بازار تەكشۈرگۈچىلىككە تۆت كىشى قويۇلغان.

شۆەنتۇڭنىڭ 2-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنى (1910-يىلى 9-ئاينىڭ 4-كۈنى) كېڭەش ئۇيۇشمىسى ۋە مۇدىرىيەت ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. كېڭەش ئۇيۇشمىسىغا بىر باشلىق، بىر مۇئاۋىن باشلىق، تۆت نەپەر كېڭەش ئەزاسى قويۇلغان. ئارخىپ، كاتىۋات، خوجىلىق ئىشلىرى خادىمىدىن بىر نەپەر قويۇلغان. مۇدىرىيەت ئۇيۇشمىسىغا بىر نەپەر باش مۇدىر، بىر نەپەر مۇدىرى ۋە بىر نەپەر ئارخىپ، كاتىۋات، خوجىلىق ئىشلىرى خادىمى قويۇلغان.

(3) جىلىڭ تىلىڭ مەھكىمىسىگە تەۋە يەر-زېمىن: شەرقىي تەرىپى 180 چاقىرىم يىراقلىقتىكى قىيمىنلىقچە بولۇپ، كورخار ئۆسۈ (شىخۇ ناھىيىسى) بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى 90 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جەنۇبىي تاققىچە بولۇپ، نىڭيۈەن (غۇلجا ناھىيىسى) بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي تەرىپى 200 چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاش ئابدىگىچە بولۇپ، سۇيدۇڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالىي تەرىپى 120 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئېپىنۇر كۆ-

دى. گۇاڭشۇنىڭ 14-يىلى (1888-يىلى) جىڭ- سىلاۋچى بەۋاستە قاراشلىق تىڭ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. (قىسقارتىلىپ جىڭ تىڭ مەھكىمىسى دەپ ئاتىلىدۇ) بىر سىلاۋچى مەھكىمە ئامبىلى تەيىنلەندى. ئەمەلدارلار باغاتاي چوڭ ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. سابىق نازارەتچى بورتالاغا يۆتكىلىپ، جىڭ ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىندى. مانا بۇ بورتالا شۆبىسىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشى.

— باشقۇرۇش ئورنى: جىڭ تىڭ مەھكىمىسى يېڭى ئەنخۇ قەلئەسىدە تەسىس قىلىندى. ھەربىي ئىشلار مۇھاپىزەت يامۇلى قەلئەغەربىنىڭ 2 چاقىرىم نېرىسىدىكى كونا قەلئەنىڭ ئورنىدا تەسىس قىلىندى.

(2) جىڭ تىڭ مەھكىمىسىنىڭ ئاپپاراتلىرى: بىر نەپەر سىلاۋچى ئامبىلى تەيىنلەنگەن. (مەھكىمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەمەلدارى) تۇۋىنىدە بىر نەپەر مەمۇرىيەت- ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار، ھەربىي ئىشلارغا بىر نەپەر مەسلىھەتچى ئەمەلدار ۋە بىر نەپەر ياساۋۇل تەيىنلەنگەن.

جىڭ تىڭ مەھكىمىسىدە ۋەزىپە (ئامبالار) ئۆتىگەنلەر:

گۇاڭشۇنىڭ 26-يىلى (1900-يىلى) ليۇدىڭچېڭ تەيىنلەنگەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كىم تەيىنلەنگەنلىكى نامەلۇم.

گۇاڭشۇنىڭ 33-يىلى (1907-يىلى) ساۋلىڭخەن تەيىنلەنگەن.

شۇەنتۇڭنىڭ 2-يىلىدىن مىنگونىڭ 1-يىلى 8-ئايغا قەدەر (1910—1912) خۇاڭ زۇڭخەي ۋەزىپىدە تۇرغان.

جىڭ تىڭ مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ناھىيىگە

نىڭ: جەمى بەش يېزىغا بۆلۈنگەن، ھەر قايسى يېزىلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1، شەرقى يېزا: قەلئە ئەتراپىدا بولۇپ، شەرقى پاسىلى قىيىنلىقچە، غەربىي پاسىلى ئون چاقىرىملىق كۆۋرۈككىچە، جەنۇبىي پاسىلى جەنۇبى تاققىچە، شىمالى پاسىلى جىڭ(پامەلە) ئادىلمىسىنىڭ جاكىزىسىغىچە.

2، شىمالى يېزا: قەلئەنىڭ غەربىي-شىمالىدىن ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتا، شەرقى پاسىلى باش ئۆستەڭگىچە، غەربى پاسىلى باجاخۇغىچە، جەنۇبى پاسىلى جۇئادىلمىسىنىڭ جاكىزىسىغىچە، شىمالى پاسىلى قۇمبۇلاقىچە.

3، تىرىن يېزىسى: قەلئەنىڭ غەربىدىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتا، شىمالى پاسىلى ئون چاقىرىملىق كۆۋرۈككىچە، غەربى پاسىلى يۇنجىخۇغىچە، جەنۇبىي پاسىلى سەنگوجاكىزىسىغىچە، شىمالى پاسىلى يېڭى قومۇش كۆلىگىچە.

4، تۆكرىن يېزىسى: قەلئەنىڭ غەربىدىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتا، شەرقى پاسىلى يىگىرمە چاقىرىملىق كۆۋرۈككىچە، غەربىي پاسىلى سېرىق توپا دۆڭگىچە، جەنۇبى پاسىلى قومۇش كۆلىگىچە، شىمالى پاسىلى چاقارلارنىڭ يايلىقىغىچە.

5، لىرىن يېزىسى: قەلئەنىڭ غەربىدىن 120 چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى داخىيەنزىدە، شىمالى پاسىلى قىيىنلىقىغىچە، غەربى پاسىلى ئۆتەيىنىڭ غەربىدىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاش ئابىدىگىچە، شىمالى پاسىلى بورتالاغىچە، جەنۇبىي پاسىلى تورغاۋۇتلارنىڭ يايلىقىغىچە بارىدۇ.

ئېگىزچە بولۇپ، چۆچەك بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقىي-جەنۇبىي تەرىپى 110 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جەنۇبىي تاققىچە بولۇپ، كۆرخار ئۇسۇتىڭ مەھكىمىسىگە تەۋە تورغاۋۇتلارنىڭ يايلىقىغا تۇتىشىدۇ. غەربىي-جەنۇبىي تەرىپى 200 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دىلوسىكىگىچە بولۇپ، ئىگىلەنگە تۇتىشىدۇ. شەرقىي-شىمال تەرىپى 315 چاقىرىم يىراقلىقتىكى گەنجاخۇگىچە بولۇپ، چۆچەك تىڭ مەھكىمىسىگە تەۋە تورغاۋۇتلارنىڭ ئوتلىقىغا تۇتىشىدۇ. غەربىي-شىمال تەرىپى 110 چاقىرىم يىراقلىقتىكى بورتالاغىچە بولۇپ، چاقارلارنىڭ ئوتلىقىغا تۇتىشىدۇ. شەرقىدىن-غەربىگىچە ئۇزۇنلىقى 380 چاقىرىم. جەنۇبىدىن-شىمالىغىچە كەڭلىكى 210 چاقىرىم كېلىدۇ. بورتالا ۋە ئارىشاڭ (بورتالا دەرياسى ۋادىسى) جىڭ تىڭ مەھكىمىسىگە تەۋە ئىدى.

(4) جىڭ تىڭ مەھكىمىسىنىڭ ئاھالىسى: شۈەنتۇڭنىڭ 1-يىلى (1909-يىل) 2-ئايدىكى ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا ئومۇمىي ئاھالىسى 4578 نەپەر بولغان. مىللەتلەر بويىچە ئايرىغاندا:

خەنزۇ: 1517 نەپەر (ئەر 999 نەپەر، ئايال 518 نەپەر).

ئۇيغۇر: 443 نەپەر (ئەر 239 نەپەر، ئايال 104 نەپەر).

خۇيزۇ: 108 نەپەر (ئەر 97 نەپەر، ئايال 11 نەپەر).

موڭغۇل: 2710 نەپەر.

(ئىزاھات: ھەرقايسى جەھەتتىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا يۇقىرقى نوپۇس سانى تولۇق ئېلىنمىغان، چاقار موڭغۇللىرى ۋە قازاقلار ئىستاتىستىكا قىلىنمىغان)

(5) جىڭ تىڭ مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرى رايونلارغا بۆلۈ-

تارىلىق زىرائەتلەر تېرىلاتتى. بورتالادا شال تېرىلاتتى. قوغۇن-تاۋۇز ۋە ئۈزۈم قاتارلىق مېۋە-چېۋىلەر بار ئىدى. ھەر يىلى ئېلىنغان ئاشلىق پەقەت ئۆزىنىلا قامدىيالايتتى.

تۇز كۆلى: قەلئەنىڭ شەرقىدىن تەخمىنەن 30 چاقىرىم يىراقلىقتا تۇز كۆلى بولۇپ، تۇز مەھسۇلاتى ناھايىتى كۆپ ئىدى، ئۆزىنى قامدىغاندىن سىرت، ھەر يىلى ئىلى قاتارلىق جايلارغا مىڭ نەچچە دەن سېتىلاتتى.

ھاراق ئىشلەش ئىشلىرى: قەلئەنىڭ نەنگۇەن دېگەن يېرى ۋە داخېيەنزىدە ھاراق ئىشلەيدىغان ئورۇن بار ئىدى، ھاراقتا ئۆزىنى قامدىغاندىن سىرت، ھەر يىلى شىخۇ قاتارلىق جايلارغا 10 نەچچە مىڭ جىڭ سېتىلاتتى.

### 2. جىڭتىڭ مەھكىمىسىنىڭ جىڭ ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلىشى

مىنگونىڭ 2-يىلى 4-ئاي (1913-يىلى 5-ئاي) دا جىڭتىڭ مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جىڭ ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى، لېكىن يەر-زىمىن دائىرىسى ئۆزگەرتىلمىدى. دەسلەپتە ئىلى ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا، كېيىن ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

1920-يىلى، بورتالا (ئارىشاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جىڭ ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ، بورتالا ناھىيىسى قۇرۇلدى.

شەھەر بازىرى: تىك مەھكىمىسى تەۋەلىكىدە ئىككى بازار بولغان. بۇنىڭ بىرسى، قەلئەنىڭ جەنۇبىي (يېڭى ئەنجۇقەلئەسى) دىكى نەنگۈەنبازىرى. بۇ بازار ئەسلى قەلئەنىڭ غەربىدىن ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتا قۇرۇلۇپ، چيەنلۇڭنىڭ 48-يىلىدىن (1783-يىلى) باشلاپ تەدرىجى قەلئەنىڭ جەنۇبىغا يۆتكىلىپ بۇ يېڭى بازارنى شەكىللەندۇرگەن. بۇ بازاردا جەمئى 120 نەچچە ئائىلە بولغان. يەنە بىرسى، قەلئەنىڭ غەربىدىن 120 چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى داخىيەنزى بازىرى بولۇپ، تەخمىنەن 40نەچچە ئائىلە بولغان. بازار سودىسىدا موڭغۇل، قازاقلار بىر قەدەركۆپ بولغان.

(6) باشقا ساھەلەر:

مەكتەپ: ئۈچ ئورۇندا

بىرى قەلئەئىچىۋىنچاڭ سارىيىنىڭ يېنىدا. بىرى، قەلئەسىرتىدىكى نەنگۈەندە. يەنە بىرى، قەلئەدىن 120 چاقىرىم يىراقلىقتىكىتولى(داخىيەنزى) دە قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپلەر ئەسلىدە ھەقسىز مەكتەپ بولۇپ، گۇاڭشۇنىڭ 32- يىلى 7-ئايدا پەرمانغا ئاساسەن موڭغۇللار خىراجەت چىقىرىدىغان مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن. 33-يىلى 12-ئايدا پەرمانغا ئاساسەن كىچىك مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن. ھەر بىر مەكتەپتە بىردىن ئوقۇتقۇچى، 12 نەپەر ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى بولغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كىچىك باللار ئىدى.

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى: تىك مەھكىمىسىگە تەۋە جايلاردا ئاساسەن بۇغداي، ئارپا، گاۋليالڭ، پۇرچاق، ۋە تېرىق قا-

مەزگىلدىلا ئىلىنىڭ غەربىي- جەنۇبىي رايونلىرىنىڭ چېگرا مۇدا-
پىئە ئىشلىرىنى پىشىق بىلگەچكە، ئىلى جياڭجۈنى چاڭ چىڭ-
نىڭ ئىلتىماساتىغا ئىرىشكەن ئىدى. 1862-يىلى چاڭ چىڭ ئۇنى
شىۋە يىگىنىڭ ئامبىلى دۇگدۇغا ھەمرا قىلىپ، ئىلىنىڭ غەربى-
بىي-جەنۇبىي رايونلىرىنىڭ چېگرا ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، چېگرا
خەرىتىسىنى سىزىپ، چۆچەكتە باشلانغان جۇڭگو-رۇسىيە چېگ-
را سۆھبىتىگە جۇڭگو تەرەپتىن قاتناشقان ئولاستاي
جياڭجۈنى مىڭ يى ئۈچۈن چېگرا ئىشلىرى توغرىسىدىكى بىرىنچى-
چى قول ماتېرىيالالارنى تەييارلاشقا بۇيرىغان ئىدى. لېكىن، ھىلىگەر
چار رۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى جۇڭگو-رۇسىيە چېگرا سۆھبىتى-
نىڭ ئالدىدا لەشكەر چىقىرىپ دۆلىتىمىزنىڭ بالقاش كۆلىنىڭ
شەرقىي-جەنۇبىدىكى كەڭرى زېمىنلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگەللە-
ۋېلىپ، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە ئۆز ئالدىغا قورۇل تەسىس
قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ چارلاشتا ۋە مۇداپىئەدە تۇرغان ئەمەلدار-
لەشكەرلىرىنى قوغلاپ چىقارغان. كۆپ تەرەپلەپ لەشكەر
چىقىرىپ، ئىلى جياڭجۈنى ۋە يەركەن جياڭجۈنى چىقارغان چېگرا
ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خادىملىرىنى توسقان ۋە ئۇلارغا تەھدىت
سالغان. شۇنىڭ بىلەن قارماقا ۋە شىۋە يىڭ ئامبىلى دۇگدۇ
نىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتى خۇددى باشقا جايلارغا ئېۋەتىلگەن
تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ خىزمىتىگە ئوخشاش توسقۇنلۇق ۋە
قىيىنچىلىققا ئۇچراپ ئەمەلىيلەشمىگەن. [1] بۇ ئىش ئارقىلىق قارما-
قا چار رۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى ئېنىق تو-
نۇپ يەتكەن. ئۇ زېرەك ھەم قابىل بولغاشقا كېيىن ئىلى شىۋە

# مەشھۇر شىۋە يېگىنىڭ ئامبىلى، چاقار يېگىنىڭ لەشكەربېشى ئامبىلى- قارماگا

لى شۇچۈەن

19-ئەسىرنىڭ 60-70-يىللىرى جۇڭگونىڭ غەربىي چېگرا رايونلىرى ياقۇپبەگ باندىتلىرى ۋە چار رۇسىيىنىڭ قانۇنسىز تاجاۋۇز قىلىشىغا ئۇچراپ، ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قالغان ئىدى. چېگرا رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئاچكۆزلۈك بىلەن ئاياق ئاستى قىلىشىغا ۋە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قەتئىي تىز پۈكمەي، ھەرخىل يوللار بىلەن كۈرەش قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ جۇڭگو زېمىنىنى ئۇزاققىچە بېسىپ يېتىپ، جۇڭگو چېگرىسىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرماقچى بولغان سۇيىقەستىنى ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلدى. جاپالىق كۈرەش داۋامىدا نۇرغۇنلىغان تىللاردا داستان بولغىدەك ئىش ئىزلار ۋە ئاز بولمىغان مەشھۇر شەخسلەر بارلىققا كەلدى. دەسلەپتە ئىلى شىۋە يېگىنىڭ ئامبىلى بولۇپ، كېيىن چاقار يېگىنىڭ لەشكەر بېشى ئامبىلى بولغان قارماگا مانا بۇلار ئىچىدىكى بىر مەشھۇر شەخس.

قارماگانىڭ مىللىتى شىۋە بولۇپ، 1817-يىلى ئىلى چاپچالدا توغۇلغان. ئۇ ئىلى شىۋە يېگىنىڭ زەڭگىسى بولۇپ ئىشلىگەن

ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرلىدى. خۇيزۇ خە-
لقىنى سويدۇڭ، چېگىمخۇزغا؛ سالار خەلقىنى تۇرگۇندىن ساماس
(ھەر ئىككى جاي ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسى ئىچىدە) قا كۆچۈ-
شكە؛ شىبە، مانجۇ، خەنزۇ، موڭغۇل قاتارلىق ھەر مىللەت خە-
لقىگە بەلگىلەنگەن جايدىن يۆتكىلىشلىككە پەرمان چۈشۈردى.
ھەر قايسى جايلاردا نازارەت ئورنى قۇرۇپ، لەشكەر تۇرغۇزۇپ
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كەلدى-باردى قىلىپ مۇناسىۋەت ئور-
نىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى قاتتىق چەكلىدى.
چاررۇسىيىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋاملىدى. خەلق ئام-
مىسىنىڭ چار رۇسىيىگە قارشى كەيپىياتىنىڭ تەسىرى بىلەن
قارىماققا ۋە كۆپ ساندىكى ۋەتەنپەرۋەر ئەمەلدار-زاتلار قەتئىي
جۇڭگو خەلقى تەرەپتە تۇرۇپ، ھەر خىل يوللار بىلەن چاررۇس-
سىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلدى. ئۇلار تاجاۋۇزچىلار
تاپشۇرغان ئىشلارنى قەتئىي بىجىرمەيلا قالماي، ئىلى رايونى-
نىڭ ئەھۋالىنى چۆچەكتە تۇرۇۋاتقان ئىلى جياڭجۈنى رۇڭچۈ-
ەنگە دائىم مەلۇم قىلىپ تۇردى. چار رۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى
بۇنىڭدىن ۋەھىم يېدى ھەم غەزەپلەندى. قارىماققا قاتارلىق كە-
شىلەرنىڭ چار رۇسىيىگە قارشى مەيداندا چىڭ تۇرۇشى، ئىلى-
دىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىلھاملاندۇرۇدى. ھەر مىللەت خەلقى
دۆلەتنىڭ لەشكەر چىقىرىپ، ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشىنى تەققەززالىق
بىلەن تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن چار رۇسىيە مۇستەبىتى-
چىلىرى ئەكسىيەتچىل تەدبىرلىرىنى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇشقا
ئامالسىز قالدى. چار رۇسىيە ئىشغالىيەتچى قوشۇنلىرى شەھەر-

يېڭىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەن. بۇ مەزگىل دەل چار رۇسىيە لەشكەر چىقىرىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى ئىگىلىۋالغان خەۋپلىك مەزگىل ئىدى. چار رۇسىيە ئىلىنى ئىگىلەۋالغاندىن كېيىن، ئىلى رايونىدا يولغا قويۇلۋاتقان مەمۇرى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى زورلۇق بىلەن بىكار قىلىپ، ئۆزى ئىگەقوشۇۋالغان قازاق رايونىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا يولغا قويغان مۇستەبىت تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى. چار رۇسىيە دۆلىتىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى مەڭگۈلۈك ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىدە، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنى ۋە ھەرمىللەت خەلقىنى ئۆزلىرىگە تەسلىم بولۇشقا غالجىرلىق بىلەن مەجبۇرلىدى. بۇنىڭغا قارىماي ۋە يەرلىك خەلق قەتئىي قارشى تۇرۇپ، بىر نىيەت-بىر مەخسەتتە ئۆلۈشكە رازى بولىدىكى، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا تەسلىم بولمىدى. ② ھەم تاجاۋۇزچىلارغا تېگىشلىك قايتۇرما زەربە بەردى. چار رۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ياۋۇز نىيىتىدىن يانماي، ھەرقايسى يېڭىدىكى لەشكەر ۋە خەلقلەرنى ۋەھشىيلەرچە ئېزىپ، ئۇلارنى كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈكسىز قويۇپ، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئاندىن ئوزۇقلۇق تارقىتىپ بېرىشنى يەمتۈك قىلىپ، ھەرخىل چېكىدىن ئاشقان رەزىل ۋاستىلارنى قوللىنىپ، ھەرقايسى يېڭى لەشكەرلىرىنى ۋە خەلقىنى ئەل بولۇشقا داۋاملىق مەجبۇرلىدى. لېكىن، ئىلىدە تۇرۇشلۇق ھەرقايسى يېڭى لەشكەرلىرى ۋە خەلق قەتئىي بويسۇنمىدى ھەم ئوزۇق-تۈلۈكنى ئالمىدى. ③ ياۋا سەي يېيىشكە رازى بولىدىكى، چار رۇسىيىگە قەتئىي باش ئەگمىدى. بۇنىڭدىن چار رۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى قاتتىق تېركىپ، «پارچىلاپ ئىدارە قىلىش» ۋاستىسىنى قوللىنىپ

روُش بىلەن بەنت بولوُپ كېتىپ، چار روُسىيەنىڭ ۋە ياقۇپ-
بەگنىڭ شىنجاڭغا قىلغان تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇشقا چولى
تەگمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ
قاتنىشى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئىچكىرىنىڭ شىنجاڭدىكى لەشكەرلەرگە
بېرىدىغان تەمىناتى ئۇزاققىچە بېرىلمىگەن ئىدى. شۇڭا ئىلى
جياڭجۇنىگەقاراشلىق ئۆيرات، چاقار، شىۋە، سولۇن قاتارلىق 4
يىڭدىكى ئەمەلدار-لەشكەرلەرنىڭ تەمىناتى كېسىپ يىل تارقىتىل-
ماي، تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قال-
غان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چار روُسىيە ئىلىنى ئىگەللىۋالغان-
دىن كېيىن، ئۇلارنى تالان-تاراج قىلىپ، يالىڭاچلاپ قويغان
ئىدى. بورتالادا تۇرۇشلۇق چاخار يىڭىدىكى ئەمەلدار-لەشكەرلەر-
مۇ ئوخشاشلا بىر تىيىن ئايلىقتىن بەھرىمان بولالماي، ئىنتا-
يىن جاپالىق كۈنلەردە قالغان ئىدى. قارماققا جاپالىق ئۆتكەل-
دىن بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن بىرتالاغا كېلىش بىلەن شىۋە يىڭ-
دىكى بىر قانچە يۈز ئەمەلدار-لەشكەرلەرنى تەشكىللەپ، "دايىڭ-
پەن" گازارمىسىنى ئۆز قولى بىلەن قۇرۇپ چىقتى (ھازىرقى
بورتالا شەھەر بازىرى). ھەم ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئورۇق-
ئۈلاقلارنى سېتىۋېلىپ، بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىپ، ئىشلەپ-
چىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزلىرىنى قوتقۇزۇش يولىدا ماڭ-
دى. شۇنىدىن ئېتىبارەن، بورتالا يېقىنقى زامان تارىخىدا دېھقانچىلىق
قىلىنىشنىڭ بىرىنچى سەھىپىسى ئېچىلدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قارماققا قوماندانلىقىدىكى شىۋە، چا-
قار قوشۇنلىرى دېھقانچىلىق قىلغان 1-يىلى چېكەتكە ئاپىتى يۈز

مەندە بولغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، «ئىلىنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىكىلەر ئالا كۆڭۈللۈك قىلىۋاتىدۇ» دېگەننى بانا قىلىپ، قارماقانى قانۇنسىزلىق بىلەن شىۋە يېڭىنىڭ ئامبال لىقى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. بۇنىڭغا خەلق قارشى چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۇنى قاماپ، ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن تەن جازاسى بېرىپ ئازاپلىدى. كېيىن روسىيە ئۇنى سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىدىمىز دەپ تەھدىت سېلىپ، بەلگۈلۈك ۋاقىت ئىچىدە ئىلىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. قارماقا ياۋۇزلارنىڭ زورلۇقى ئالدىدا قەتئىي تىز پۈكمىدى. نەتىجىدە ئۇ مىلادى 1874- يىلى 1- ئاينىڭ 26- كۈنى (چىڭ سولالىسى تۇڭجىنىڭ 12-يىلى 12- ئاينىڭ 9- كۈنى) ئائىلە بويىچە چار روسىيە ئىشغالىيەتچى قوشۇنى تەرىپىدىن ئىلىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. قارماقا خوتۇن-بالىلىرىنى ئېلىپ، كۆز يېشىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، سارسانلىق-سەرگەردانلىقتا جاپا-مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى باشتىن كەچۈردى. كېيىن بىر قىسىم سەرگەردان بولغان شىۋە يېڭىنىڭ ۋە سولۇن يېڭىنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، يول ئايلىنىپ ئىلى جياڭجۈنى رۇڭ چۈەننىڭ چۆچەكتە قۇرغان قارارگاھىغا پانالىنىپ باردى. ④ چۆچەككە بارغاندىن كېيىن، ئىلى جياڭجۈنىنىڭ پادىشاھىغا مەلۇم قىلىشى بىلەن، چىڭ ھۆكۈمىتى قارماقا باشچىلىقىدىكى شىۋە يېڭىنىڭ ۋاقىتىنچە چاقارلارنىڭ تۇرار جايى بورتالاغا كۆچۈپ بېرىشكە قوشۇلدى. ئەينى چاغدا شەنشى، گەنسۇدىكى خۇيزۇ خەلقى قوزغىلىپ چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرغانلىقتىن، چىڭ قوشۇنلىرى بۇ جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى باستۇ-

ھەرۋاقىت ئەستىن چىقارماي، ئۈممىدنى ۋەتەن، خەلققە باغلىدى. ئۆچمەك قوشۇنىنىڭ ھامان قولدىن كەتكەن شىنجاڭ زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى مەڭگۈلۈك ئىگەللىۋېلىش سۇيىقەستىنى چوقۇم بەربات قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. شۇڭا ھەر يىلى ئىمكانىيەت قىلىنغان كۆپ مىقداردىكى ئاشلىقلارنى زاكىتوپ قىلىپ، ۋەتەنىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىدىغان زور قوشۇنىغا تەقدىم قىلىشنى پىلانلىدى. بىر قانچە يىل ئىچىدە قارماقا قوماندانلىقىدىكى شىۋ يېڭى ۋە چاقار يېڭى قوشۇنلىرى زور مىقداردىكى ھەربىي ئاشلىقلارنى زاكىتوپ قىلدى.

مىلادى 1878-يىلى (گۇاڭشۇنىڭ 4-يىلى) پادىشاھ ئەۋەتكەن ۋەزىرى زوزۇڭتاڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، ياقۇپبەگنى تىنجىتقاندىن كېيىن، چاررۇسىيە ئىگەللىۋالغان ئىلى رايونىنى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە ئىككى قوللۇق تەييارلىق كۆرۈپ، غەربكە يۈرۈش قىلىدىغان قىسىمنىڭ غەربىي يولىغا ئىلى جياڭجۈنى جىنشۇننى قوماندان قىلىپ بەلگىلەپ، ماناس، جىڭ رايونلىرىغا كىرىشكە بۇيرۇق بېرىپ، قورال كۈچىگە تايىنىپ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ، ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈستىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتكە ھەيۋە كۆرسەتتى. ئالدىدا چوڭخۇنىڭ، ئارقىدىن زېڭجىزېنىڭ كېلىپ رۇسىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشنى كېچىكتۈرغان ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، غەربكە يۈرۈش قىلغان ئون نەچچە مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننىڭ ئاشلىق مەسىلىسىنى

بېرىپ، ئۈنۈپ چىققان زىرائەتلەرنى چېكەتكە پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگىتىپ، بىر دانىمۇ ئاشلىق ئالالمىغان. شۇ يىلى، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان لەشكەرلەر تېرەك سويىقى بىلەن قورساق بېقىپ، ئەسكى كىگىزلەرنى ئۇستىگە ئارتىپ، ئاچ-يالىڭاچلىقتا ئىنتايىن مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى كەچۈرگەن. قارماققا لەشكەر-ئەمەلدارلارنىڭ مۇنداق كۈلپەتتە قالغانلىقىغا چىداپ تۇرالماي، ئائىلە بىساتلىرى ۋە خوتۇن-بالىلىرىنىڭ كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەتلىرىنى پۈتۈنلەي سېتىپ، روسىيەدىن ئۇرۇق سېتىۋېلىپ، ئىككىنچى يىلى ئىككى يىڭدىكى ئەمەلدار- لەشكەرلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يەنە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئەجىر قىلغان كىشى ھەممەت ئالماي قالمايدۇ. بەختىكە يارىشا، بۇيىلى ئۇلار دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئالدى.

شىۋە يىڭى بورتالاغا كەلگەندىن كېيىن، قارماققا قوماندانلىقىدىكى چاقار يىڭدىكى لەشكەر ۋە خەلق شىۋە لەشكەر- خەلقلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن 50 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى «قارابۇقا» ئۆستىڭىنى ۋە «شاڭگىن بۇقا» ئۆستىڭىنى (بۇرۇنقى بورتالا بازىرىدىكى يارتوغان ئۆستىڭى) قېزىپ پۈتتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتتى.

قارماققا قوماندانلىقىدىكى شىۋە، چاقار ئەمەلدار- لەشكەرلىرى مانا مۇشۇنداق قەتئىي بوشاشماستىن جاپالىق كۈرەش قىلىپ، دېھقانچىلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ھەر يىلى يەپ-ئىچكەندىن باشقا، كۆپ مىقداردىكى ئاشلىقنى ئىكانىم قىلدى. قارماققا ئۆز يۇرتىنى-

يىلى 10-ئايدا شىۋە يېڭىدىكى لەشكەر-خەلق قارماقىنىڭ قوماندانلىقىدا بىر قانچە يىل ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ياشاپ، دېھقانچىلىق قىلىپ ھەم چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئورتاق كۆرەش قىلىش داۋامىدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان چاقار لەشكەر-خەلقى بىلەن خوشلىشىپ، ئەسلى قارارگاھقا قايتىش سەپەرىگە ئاتلاندى. ئىلى جىياڭجۈنىگە سالام بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ زاميان بولاق دېگەن يەرگە كەلگەندە، قارماققا بەختكە قارشى ۋەتەن ساتقۇچ بۆلگۈنچىلەرنىڭ قالدۇقى تەرىپىدىن سۇيىقەستكە ئۇچراپ قازا تاپتى. چاقار يېڭى مەشھۇر لەشكەر بېشى ئامبىلىدىن، شىۋە لەشكەر-خەلقى سادىق ئوغلىدىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ جەسىتىنى شىۋە لەشكەر ۋە خەلقلىرى چاپچالغا يۆتكەپ بېرىپ، شىۋەلەرنىڭ يوسۇنى بويىچە تەنتەنىلىك دەپنە قىلدى. قارماقىنىڭ چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلغان، مەردانىلىق بىلەن ئائىلە بىساتلىرىنى ئىئانە قىلىپ، چاقار، شىۋە لەشكەر-خەلقىگە قوماندانلىق قىلىپ بورتالادا دېھقانچىلىق قىلغان؛ شىنجاڭنىڭ زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا زور قوشۇننى ئاشلىق بىلەن تەمىن ئەتكەن ئاجايىپ تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا جەنۋېي جىياڭجۈن دېگەن نامنى ئىنئام قىلدى.⑥

بۈگۈنكى كۈندە، بورتالادىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن داۋاملىق بەخت يارىتىۋاتقان يارتوغان ۋە قاربۇقا ئۆستەڭلىرىنى كۆرگەندە، كىشىلەر 100 يىلدىن بۇرۇن شىۋە يېڭىدىكى لەشكەر-خەلقىنىڭ چاقار خەلقىگە قىلغان ياردىمىنى، شىۋە يېڭىدىكى

چۆچەك چەلپاڭزە رايونىدا بوز يەر ئاچقان مەسلەھەتچى ئامبال رۇڭچۇەن ۋە بورتالا رايونىدا بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان چاقار يېڭىنىڭ لەشكەر بېشى ئامبىلى قارماقلار بىرقانچە يىل زاكەتىپ قىلغان كۆپ مىقداردىكى ئاشلىق ئارقىلىق ھەل قىلغان. ئۇنداق بولمىغان بولسا، زور قوشۇننى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە چوڭ قىيىنچىلىققا يولۇققان بولاتتى. ھەم زىڭ جىزىنىڭ سۆھبەت ئارقىلىق ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەيۋىسىمۇ ئاجىزلاشقان بولاتتى. شۇڭا، چىڭ ھۆكۈمىتى شۇ يىلى شىۋە يېڭىنىڭ ئامبىلى قارماقىنى چاقار يېڭىنىڭ مۇۋەققەت لەشكەر بېشى ئامبالىلىققا تەيىنلىدى.⑤

مىلادى 1881-يىلى 3-ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى ئاشلىق تېرىپ قوشۇننى تەمىنلەشتە تۆھپە ياراتقانلارنى مۇكاپاتلىدى. بورتالادىكى چاقار يېڭى مۇۋەققەت لەشكەر بېشى ئامبىلى قارماقاغا رەسمىي يارلىق چۈشۈرۈپ، ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، لەشكەر بېشى تامغىسىنى ئىنئام قىلدى. باشقا تۆھپىكارلارغىمۇ ئۇنۋانىنى ئۆستۈرۈش مۇكاپاتلىرى بېرىلدى.

«جۇڭگو-رۇسىيە ئىلى كېلىشىمى» تۈزۈلۈپ ئىككىنچى يىلى 3-ئاينىڭ 22-كۈنى چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلىنى رەسمىي ئۆتكۈزۈۋالدى. ئىلى جياڭجۈنى جىنشۇنمۇ ئىلىغا كىرىپ، ئورۇش قالايمىقانچىلىقىدا يىتراپ كەتكەن سولۇن، ئويرات، چاقار ۋە شىۋە قاتارلىق 4 يېڭنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بورتالادا چاقار يېڭى بىلەن بىرلىكتە دېھقانچىلىق قىلغان شىۋە قوشۇنىمۇ بۇيرۇققا بىنائەن چاپچالدىكى شىۋە يېڭىنىڭ ئەسلى قارارگاھىغا يۆتكەلدى. 1882-

# ئاق ئورۇس باندىتلىرى بورتالاغا ئۇسۇپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سالغان بىر قانچە ۋەقەلەر

ياسىن ھەسەن

1918-يىلى 4-ئايدىن 1920-يىلى 5-ئايغا قەدەر چارۇسىيە-ئاق باندىتلىرىنىڭ شىمالى شىنجاڭدىكى چۆچەك، ئىلى، بورتالا قاتارلىق جايلاردىن چېگرا رايونلىرىمىزغا ئۇسۇپ كىرىشى شىنجاڭ ۋە بورتالا تارىخىدا زور ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتىلىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كولچاك ۋە دۇتوۋنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئاق ئورۇس باندىتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدا پۇت تىرەپ تۇرۇشقا يەر تاپالماي شەرققە سۈرۈلۈپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئارقا-ئارقىدىن ئۇسۇپ كىرىپ، ھەر قايسى جايلارنىڭ سىياسىي ۋە دېموكراتىيىسىگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ، ئېغىر ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئاق ئورۇس باندىتلىرى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان بولسىمۇ، مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشتى. ئۇلار قالدۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قىزىل ئارمىيە بىلەن قايتا جەڭ قىلىپ بىر قانچە قېتىم قات-

لەشكەر ۋە خەلق بىلەن چاقار يىگىندىكى لەشكەر-خەلقنىڭ ئورتاق كۆرەش داۋامىدا ئورناتقان چىڭقۇر قېرىنداشلارچە دوستلۇقىنى، بولۇپمۇ شۇ خەلقنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى، چاقار يىگىننىڭ مەشھۇر لەشكەر بېشى ئامبىلى— قارماقاننىڭ ياراتقان تۆھپىلىرىنى ئەسلىمەي تۇرالمايدۇ.

قارماقاننىڭ ئىسمى توختىماي ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى ۋە بورتالا دەرياسىغا ئوخشاش ۋەتىنىمىز غەربىي چېگراسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆركەشلەيدۇ.

ئىزاھات:

① «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلار» نىڭ 2-قىسمى 1291 - 1293 بەتلىرىدىن.

② «چېگرادىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانلىرى»نىڭ 4-جىلد، 11-بېتىدىن.

③ يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ 89-جىلد، 22-بېتى.

④ يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ 93-جىلد، 10-17 بەتلىرىدىن.

⑤ «چىڭدېزۇڭ ھەققىدە چىن خاتىرە»نىڭ 65-جىلد، 11-بېتى.

⑥ «غەربىي شىمال مىللىي- دىنىي تارىخ ماتېرىياللىرى» شىنجاڭ قىسمىنىڭ (3-) 844- ، 845-بەتلىرى.

...بارەت بولدى، شۇڭا، ئۇ مافۇ-
...چىقىرىشىغا قەتئىي روخسەت قىلمىدى.
...ئەھدىنامىدىن ھودۇقۇپ كەتمىدى، ئىچكى بۆل-
...شۇغۇللانمىدى، ئاق ئورۇس ئارمىيىسىنىڭ چېگ-
...يىدىكە بۇزغۇنچىلىق سېلىشىغا قەتئىي يول قويمىدى.

ياڭ زېڭشىن شىمالىي مىلىتارىستلاردىن بولسىمۇ، 1918-1920-يىل-
لىرى ئاق ئورۇس ئارمىيىسى دۆلىتىمىز چېگرىسىغا ئۆتۈپ كىر-
رىپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىغا پاراكەندىچىلىك سالغان جىددىي پەيتتە
دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشتا زور تۆھپە ياراتتى. چار-
رۇسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇلى شىنجاڭ ۋە بېيجىڭ دائىرىد-
لىرىدىكە ئاق ئورۇسلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ كۈچ توپلاپ، سامار-
دىكى قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قوزغاش ۋە شىنجاڭ دائىلىرى
...تەسكەر چىقىرىپ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشىتەك تەلەپلەرنى ئوتتۇ-
رىغا قويغان بولسىمۇ، ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن بىردەك رەت
قىلىندى.

ياڭ زېڭشىن دۇنيا ئەھۋالىغا ئېتىبار بېرىپ قاراپ، ئاق ئورۇس
قوشۇنلىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىشىدەك ۋەزىيەتتىن ساقلانغىلى بول-
...قىلىشىنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي رايونلىرىدىكى
...ئەمەلدارلارغا ئالدىن ئۇقتۇرۇش قىلىپ، چېگرا مۇداپىئە-
...كۈچەيتىش، ئاقلار كىرگەندىن كېيىن بۇرۇن جەزمەن قوراللىرىنى
...قوراللىرىنى تاپشۇرۇۋېلىش، ئارقا-ئارقىدىن ئىچكىرىگە كىرگەنلەرنى
...ئاقلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئازادەت...

تەق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ

پۇرسەت كۈتۈپ يېتىۋاتقان چىرىكلەر

ئېرىلدۇرۇش ئۈچۈن شەرقتە

لەرنىغا توپلاندى. خىل قاراشلاردا بولغان ئىدى.

بۇ مەزگىلدە ياقۇپبەگكە ھەر

لىق گورۇھى بۇ خىل ۋەزىيەتكە يەنىمۇ قاراشقا بولىدۇ:

دى. بۇنى تۆۋەندىكى 3 نۇقتىدا

1. ياقۇپبەگنىڭ قەشقەردىكى باش بۇغى مافۇشەنىڭ گورۇ-
ھى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ئالداپ قى-
زىقتۇرۇشى بىلەن ماددى ۋە ئەسكەرى كۈچ جەھەتتىن ئاقلار قوشۇ-
نىغا ياردەم بېرىپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە ئورتاق قارشى تۇ-
رۇشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمەلىي كۈچىنى زورايت-
تىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە كې-
يىنچە پۈتۈن شىنجاڭنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇندى.

2. ھەربىي-مۈلكى ئەمەلدارلار ئىچىدە ئوتتۇرا يول تۇتقۇ-
چىلار بولۇپ، ئۇلار سەللا ئېھتىياتچانلىق قىلىنمىسا شىنجاڭدا
ئۇرۇش باشلىنىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاق تۇ-
رۇس ۋە ئۇلارنىڭ كونسۇللىرىنىڭ تەلىپىگە مۇرەسسەچىلىك پو-
زىتسىيە تۇتۇپ، قىزىل ۋە ئاق قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسى-
دىن كىرىپ ئۇرۇش قوزغىشىدىن ساقلاندى.

3. ياقۇپبەگنىڭ ۋەزىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى سوۋېت
ئارمىيىسىنى قوللىما-
مەسىلىسىدە بېتەرەپ بولۇپ، ئاق تۇرۇس
بىلەن ئېغىزلاشماسلىق، شىنجاڭ-
لىق، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى

ساپغا ئالمىغاندا، ئېلىپ كەلگەن قورال-ياراقلىرى بىز تەرەپدىن يىغىۋېلىندى. ئادەملىرى دۆربىلجىن ناھىيىسىگە تەۋە تاغلىق رايونلارغا تارقاقلاشتۇرۇلدى. ھەربىلەرنىڭ ھەر بىرىگە كۈنىگە بىر يېرىم جىڭ ئاق ئۇن بېرىلدى ۋە توشلاگەمىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سەرگەردانلارغا كېشى بېشىغا بىر جىڭ ئۇن بېرىلدى. شۇ ۋاقىتتىكى چېگرىنى قوغداشقا مەسئۇل بولغان ھەربىي ئەمەلدار جاڭجېن چېگرامۇداپىئەسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەنسىرەپ، ياڭ زېڭشىنگە ئەسكەر ئېلىش ھەققىدە تېلېگرامما ئەۋەتكەن. ياڭزېڭشىن: «ئاقلارغا جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كېرەك بولىۋاتقىنى نان. قېچىپ كەلگەن ئوفىتېر-ئەسكەرلەر ئاچ قالمىسۇن. ئۇلارغا قىشتىن ئۆتكىدەك ئۆيلەر تېزدىن ياسالسۇن، ئۇلار تاپشۇرغان مىلتىق-زەمبىرەكلەرنىڭ تەپكۈچلىرى چىقىرىلىپ ئۆلكە مەركىزىگە تېزلىكتە تاپشۇرۇلسۇن، قېچىپ كەلگەن سولدات ۋە سەرگەردانلارغا يۇرتىغا قايتىش ھەققىدە نەسىھەت-تەربىيە بېرىلسۇن» دەپ يوليورۇق قايتۇرغان. توغرا چارە قوللىنىش، سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق 1920-يىلى 5-ئايلاردا 4500 كىشى ئۆز ئېلىگە قايتۇرۇلدى.

1920-يىلى 1-ئايدىن 5-ئايغىچە ئىلى چېگراسىدىن قېچىپ كىرگەن ئاق ئورۇسلار بەش مىڭ كىشىدىن ئارتۇق، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرسانى ئۈچ مىڭدىن ئاشىدۇ، قالغانلىرى سەرگەردانلار ئىدى. بۇلارنىڭ باشلىقلىرى گېنېرال دودوپ، ئالنكوپ، سىيدوپ، بىليانچىپ قاتارلىق ئاتامانلاردىن ئىبارەت. تۆۋەندە مەن ئالنكوپ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ بورتالاغا ئۆتۈپ كىرىش

## ئاق ئورۇس قوشۇنلىرىنىڭ بورتالاغا كىرىش جەريانى

1918-يىلى 2-ئاي مەزگىلىدە ئەۋانوپ باشچىلىقىدىكى 300 ئاق ئورۇس قوراللىق لاندۇرۇلۇپ چېگرادىن كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئەلى ئارمىيىسىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن بورتالا ناھىيىسىنىڭ سەنتەي رايونىغا تارقاقلاشتۇرۇلۇپ، چەكلەنگەن دائىر ئىچىدە نازارەتكە ئېلىنىپ باشتۇرۇلدى. شۇ يىلى 9-ئايدا چارروسىيىنىڭ ئىلىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ليوبا يىغىۋېلىنغان قوراللارنى قايتۇ-رۇپ بېرىشنى، ئاقلار قوشۇنىنىڭ چېگرىدىن چىقىپ سوۋېت چېگ-راسى ئىچىدىكى دودۇپقا قوشۇلۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان. ياك زېڭشىنىڭ جىددى بۇيرىقىغا ئاساسەن، ئاقلارنىڭ پەقەت چېگرىدىن قۇرۇق قول چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىندى. يىغىۋېلىنغان قورال-ياراقلار تارباغاتايدىكى كونسۇلغا تاپشۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەتۇركۆمدە كىرگەن ئاقلارنىڭ قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش قەس-تى مەغلۇپ قىلىندى.

1920-يىلى 2-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ دودۇپنىڭ قول ئاستىدىكى باچىچ باشلىق جەمئى 11 مىڭ ئاق ئورۇس ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى ۋە مىڭ ئات-ئۇلاقلار بىلەن بەخت چېگرىسى ئارقىلىق تارباغاتاي رايونىغا كىرىشكە باشلىغان. ئۇلارغا ئەگىشىپ كىرگەن رۇسىيە سەرگەردانلىرى 6 مىڭ نەچچە كىشى بولۇپ بۇلار ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى پومېشچىك، باي دېھقان ۋە سودا كاپىتالىستلىرى ئىدى. ئاقلار چېگرىدىن كىرگەن تە دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا باشقۇرۇش قانۇنى ۋە خەلقئارا قانۇن بويىچە چېگرا بويلىرىغا كۆمۈلۈپ قويغان قورال-ياراقلىرىنى ھە

دىتلەرىغا ياللانما ئەسكەر بولغان. ئالىنكوپ قوماندانلىقىدىكى دېۋىزىيە بورتالا چېگراسىغا توپلانغاندا، ئالىنكوپ تەۋەلىكىدىكى خەنزۇلارنى ئايرىم باتاليون قىلىپ تەشكىللەپ، ليۇلەنكى، جاڭجۇنچىنلارنى سەركەردە قىلىپ، ئۇلارنى بورتالاغا بېسىپ كىرىشتىكى ئالدىنقى قاراۋۇل قىلغان. بۇ ياللانما قوشۇن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاق رايونلىرىدا بۇلاڭچىلىق ۋە زوراۋانلىق قىلغان. بىزتەرەپنىڭ چېگرا قانۇنلىرىغا پىسەن قىلماي ئىلى، چۆچەك، بورتالادىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ھەر خىل يولسىز تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ليولەنكى چۆچەك ھەربى مۇداپىئە ئەمەلدارىغا تەھدىت سېلىپ، مەن ئۇرۇشنى كۆزەتكۈچى، شۇڭا، قوشۇنۇمنىڭ بورتالاغا كىرىشىگە يول قويىڭلار، يول قويماساڭلار كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەرگە جاۋابكار بولىسىلەن، دەپ جار سالغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ياڭزېڭشىن ئەگەر بۇ خوڭخۇزىلار چېگرا رايونىدا ۋەقە چىقارسا، چېگراغا كەلگەن ئاقلار تەۋرەپ كېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ، ليۇلەنكىنىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە روخسەت قىلىپ، قىسمىنى قايتا تەشكىللەپ، ليۇلەنكىنى قايتا تەشكىللەنگەن قىسمىنىڭ باشلىقى قىلىپ بەلگىلەشكە قوشۇلغان. لېكىن، قىزىل تۈز بويىغا توپلاشقان ياللانما قوشۇن قورال تاپشۇرۇشنى رەت قىلىپ، يەرلىك مۇداپىئە قىسمىغا ئوق چىقىرىپ قانلىق ۋەقە تۇغدۇرغان، ئىككى تەرەپ كەسكىن ئۇرۇش قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ياڭزېڭشىننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئىلى مۇداپىئە ئارمىيەسى ئارقا-ئارقىدىن ئىككى باتاليون ۋە 600 ئاتلىق ئەسكەرنى بورتالاغا ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. (بۇ ۋەقەلەر 1920-

ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن:

ئالنكوپ شەھەيدىكى ۋاقىتدا شاۋ-شاۋ دەرىجىلىك ئاق ئوفىتسېر بولۇپ، 1918-يىلى شەھەيدىكى يەرلىكپومەشچىك، باي دېھ-قانلار بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى توپىلاڭ ئۇ-يۇشتۇرغان. ئۇ ئاق باندىتلار ئىچىدىكى كاللا كېسەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاق ئورۇس توپىلاڭچىلىرىنىڭ پىلانلىغۇچىسى ۋەتەشكىلات-چىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، تېزلىك بىلەن ئاق ئورۇس جان كەچ-تىلىرىنىڭ گېنېرال مايورى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن. ئاق ئورۇس توپ-لىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تەقدىرىگە تەن بەرمىگەن ئالن-كوپ سىبىرىيە قازاق رايونىدا مەجبۇرى ئەسكەر ئېلىپ، ھەتتا ئو-قۇغۇچىلارنىمۇ ئەسكەرلىككە مەجبۇرلاپ، ئولۇم ئالدىداجان تالاشقان.

ئالنكوپنىڭ باندىت قوشۇنى ئىككى قىسىمدىن تەركىپ تاپ-قان بولۇپ، بىرى-سىبىرىيەدە ئىش ئىزدەپ يۈرگەن جۇڭگو مۇئا-جىرلىرىدىن تەشكىللەنگەن 600 كىشىلىك "خۇڭخۇزلار يىگى-يەنە بىرى ئالنكوپنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدىكى ئاق ئورۇسلار دىۋىزىيىسىدىن ئىبارەت. ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، روسىيىنىڭ يىراق شەرقىدە قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلارنىڭ بىر قىسمى جۇڭ-گونىڭ شەرقى-شىمال رايونلىرىق خەنزۇلار بولۇپ. بۇلار ئوتتۇرا ئازىيىگىچە تارقىلىپ ئىشلەمچىلىك قىلاتتى. شىنجاڭ رايونىدىنمۇ ھەر يىلى يەركەنت، ئالمۇتا، ئوش، ئەنجان قاتارلىق جايلارغا ئاق بولمىغان كىشىلەر ئېقىپ چىقىپ ئىشلەپ پۇل تاپاتتى. روسىيە ئۆك-تەبر ئىنقىلابىدىن كېيىن، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىدىن بىر قىسىم كى-شىلەر قىزىل ئارمىيىگە قاتناشتى. بىر قىسمى ئاق ئورۇس باند-

غا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاتلار مەترىيەم ھاجى ۋە مەمتاخۇننىڭ بېدىلىكىدە بېقىلىپ، ھەر كۈنى چۈشتە ۋە كەچتە بوستانلىقتىكى ئېمەدى سايا بولۇشقا باشلىغان دەرەخلەرگە باغلىنىدۇ. دادام ھەسەنبايى شۇ چاغدا 200 نەچچە مو بوز يەر ئاچقان چوڭ دېھقان بولۇپ، دەرەخلەرنىڭ غاجىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرەخلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش مەقسىتىدە قوشخانىدىن قويىنىڭ قېرىنىدىن چىققان ژىنىنى ئەكىلىپ، دەرەخلەرگە سۈركاپ قويدۇ. خوڭخۇزلارنىڭ ماخېچىلىرى بۇ ئادەم سۈيىقەست ئىشلىتىپ ئاتلىرىمىزنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى دەپ بويىنىغا زەنجىر تاقاق سېلىپ، جامائەت ئالدىدا سازايى قىلىپ، خەلققە ھەيۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن مەسچىت ئالدىدا ئېتىپ تاشلىماقچى بولۇپ يۇكۇندۇرۇپ ئولتۇرغۇزغاندا، يۇنۇس شەيتان باشچىلىقىدىكى جامائەت جاڭجۈنچىگە باش قويۇپ، بۇ ئادەم دەرەختى ئاسراش ئۈچۈن شىنداق قىلغان، ئاتنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش غەمرىزى يوق، رەھىم قىلىپ كېچۈرسىگىز، دەپ يىلىنغەن. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ باشلىقى دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ چەكلىگەن، شۇنىڭ بىلەن دادام ئامان قالغان. كېيىن بوستانلىقتىكى خوڭخۇزلارنىڭ ئاتلىرىنى ھەيدىۋېتىپ، نابۇت بولغان ھەر بىر تۈپ تېرەك ئۈچۈن ئىككى سەردىن كۆمۈچ تۆلەتكەن. بۇ خوڭخۇزلارنىڭ زوراۋانلىقىغا بېرىلگەن بىرىنچى قېتىملىق زەربە بولدى.

خوڭخۇزلار بورتالاغا كىرگەندىن كېيىن، چارۋىچىلارنىڭ مال-چارۋىلىرىنى ئوغۇرلىدى ۋە بۇلىدى. ھەتتا ئاياللارغا باسقۇنچى-

يىلى 4-ئايدىن 5-ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئىش.) ياردەمچى
قىسىم بورتالاغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قىزىلتۇزدىكى خۇڭخۇ-
زىلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، قورال تاپشۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ
لېكىن ئۇلار قورال تاپشۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ھەر خىل
يولسىز تەلەپلەرنى قويۇپ، بىز تەرەپكە بېسىم ئىشلىتىدۇ. لىيۇ -
لەنكى ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال چوڭچەكتىن يېتىپ
كېلىپ قورال تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن ئۈچ لىيەنجاڭنى
نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلاپ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، قوراللىرىنى
تاپشۇرۇپ، قوشۇننى باشلاپ بورتالاغا كىرگەن.

## ئاقلار بورتالاغا كىرگەندىن كېيىنكى ۋەزىيەت

1920-يىلى 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرى لىيۇلەنكى، جاڭجۇنچىن-
لار باشلاپ كىرگەن ياللانما ئاقلارنى بورتالا خەلقى خۇڭخۇزلا
(قىزىل ساقال) دەپ ئاتاشقان ئىدى. ئۇلار بورتالاغا كىرىپ بى
قىسمى ھازىرقى قىزىل بايراق مېھمانخانىسىنىڭ شىمالىدىكى قارىيا-
غاچلىققا ئورۇنلاشتى، يەنە بىرقىسمى دادام ھەسەنباينىڭ
بوستانلىقىغا ئورۇنلاشتى. (ھازىرقى بەش كىرەمەسچىتىنىڭ يېنى.
ئۇلار ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن شىڭلىلىرىنى يېپىنچە قىلىپ يې
تىپ قوپتى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى (بۇ ۋاقىتتا بورتالا ئامبال
بېگى رايونى بولۇپ، ناھىيە قۇرۇلمىغان.) ھەر كۈنى كىشى بېشىغ
بىر يېرىم جىڭ ئاق ئۇن، يېتەرلىك گۆش ماي ۋە كۆكتات بىل
لەن تەمىنلىدى. ئۇلارنىڭ مىنىش ۋە ھارۋا ئاتلىرىدىن 200نەچ
چە تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ 50 نەچچىسى ھەسەنباينىڭ بوستانلىق

بويىچە جازالاش. ئاقلارنىڭ يۇقۇرىدىكى شەرتلەرگە بويسۇنۇش ئاساسىدا بورتالاغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىندى. 5-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن، 25-كۈنىگە قەدەر 10 كۈن ئىچىدە 1500 ئوفىتسېر-ئەسكەر 700 ئات بىلەن بورتالاغا كىردى. ئالىنكوپ ئۆزى بىر قىسىم ئادەم بىلەن ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتتى.

بورتالاغا يەرلىشىپ قالغان تۆمۈرچى ئورۇس چوركۈنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، نىكولاي ئىۋانوپ دېگەن پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئوفىتسېر بىلەن دودۇنكوپ، پېركوپ دېگەن ئۇيغۇر ئوفىتسېرلار باشچىلىقىدىكى 700 دىن ئارتۇق ئاقلار بورتالانىڭ بازىرىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇستوقايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. (يېقىنقىچە بۇ جاينى كىشىلەر تۇرقاي دەپ ئاتاپ كەلدى) ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كازاكلار بولۇپ، ئاز قىسمى چېخلار ۋە پولەكلەر ئىدى. ئوفىتسېر-ئەسكەرلەردىن باشقا ئاز ساندىكى ياغاچچى، تۆمۈرچى، ھەتتا خىرىستىيان، كاتولىك دىنىنىڭ مۇرتلىرىمۇ بولغان.

ھازىر 85 ياشقا كىرگەن دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىر، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ پېشۋاسى بالامەھەممەتنىڭ ئېيتىشىچە، ئاق ئورۇسلار كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ تام سېلىپ، دەرەخ كېسىپ تۇرار جايلارنى ياسىغان. ھاشىمباينىڭ تۈگمىنىنىڭ (ئالتۇنلۇق خارابىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە) يېنىدا خىرىستىيانلار چېركوۋ سېلىپ، يوغان قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ ئىبادەت قىلىشقان، كۈندۈزلىرى يىغىلىپ پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەر مەشىقلىرىنى قىلغان.

لىق قىلىشتەك ئىشلارمۇ كۆپ قېتىم يۈز بەردى، خەلق قىماتتىن ئەندىشىدە قالدى، تىجارەت ئاشخانىلىرىغا كىرىپ تاماق يەپ پۇل تۆلىمىدى. ناۋايخانىلاردىن نانلارنى بۇلاپ كېتىشتەك ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلدى. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى يەرلىك دائىرىلەر ئىلى مۇداپىئە باشلىقىغا دوكلات قىلىپ، ئۇلارنى ئۈچتۇركۈمگە بۆلۈپ كۈرەڭگە يۆتكىۋەتتى.

خۇڭخۇزىلار بورتالاغا كىرگەن كۈنلەردە، ئالىنكوپ باندىتلىرىنىڭ چېگرا رايونىدا توپلىنىپ تۇرۇشى، بورتالادىكى پۇقرالارغا مەنىۋى بېسىم بولدى. كىشىلەر ئالىنكوپ باندىتلىرىنىڭ بىر قىسىم قۇراللارنى چېگراغا يوشۇرۇپ قويۇپ، قالغان قۇرالنى ئىلى مۇداپىئە قىسىملىرىغا تاپشۇرۇپ چېگرىدىن كىرمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، بورتالا بازىرى ئىچىدىكى 180 ئۇيغۇر، خەنزۇ ئائىلە خوتۇن، قىزلىرىنى، ھەتتا نارەسىدە قىزلىرىنىمۇ سايرامدىكى ئىندىرسايى، ئورمانلىقلارغا يوشۇرغان، يۇرت ئىچىدە پەقەت ئەرلەر ۋە ئوغۇل باللار قالغان.

1920- يىلى ئىلى ۋە ئۆلكىدىن كەلگەن مۇداپىئە قىسمى ئاقلارنىڭ قۇراللىرىنى يىغىۋالغاندىن باشقا، تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرتىپنى ئېنىق بەلگىلىگەن: (1) خەلققە زىيان يەتكۈزمەسلىك. (2) چارۋا ماللارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك. (3) زىرائەتلەرگە زىيان يەتكۈزمەسلىك. (4) ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ خەلققە سېلىق سالماسلىق. (5) چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ نازارىتىگە قاتتىق بويسۇنۇش، قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالا-توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇترىتقۇلۇق قىلغانلار سېزىلگەن ھامان دۆلەت قانۇنى

بورتالا خەلقى ئارىسىدا «ئاق ئۇرۇسلار چېگرادىن كىرگەندە
ئۇلارنى ئاتامان، ئاننىيەكوپ، دۇدۇپ دېگەن ئۈچ گېنېرال باشلاپ
كىرگەن» دېگەن ھېكايە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن، شىن-
جاڭ خەلقىنىڭ پېشۋا تارىخچىسى يولداش بۇرھان شەھىدى ياز-
غان «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن كىتابىدا ئاق گېنېرال دۇدۇپ
ئىلى تەرەپتىكى چېگرادىن كىرىپ سۇدۇڭ كۆرەڭگە ئورۇنلاشقان،
بورتالا چېگرىسىدىن گېنېرال ئالىنكوپ كىرگەن، دەپ يېزىلغان. مې-
نىڭچە بۇرھان شەھىدىنىڭ يازغىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.
چۈنكى بۇ تارىخى ئەسلىمە شىنجاڭنىڭ
ئازادلىقتىن بۇرۇنقى 50 يىللىق تارىخىدىكى رېئال پاكىتلار، تارى-
خىي خاتىرىلەر، تەزكىرە ماتېرىياللار ۋە دۆلەت ئارخىپىدىكى ماتې-
رىياللار ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن مۇكەممەل تارىخىي ماتېرىيال.
شۇڭا ئاق ئورۇسلارنىڭ بورتالا چېگرىسىدىن كىرگەن كاتتىۋېشى
بىرلا ئادەم بولۇپ، ئۇ بولسا ئالىنكوپ. «ئاتامان» دېگەن ئادەم
ئىسمى بولماستىن بەلكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرگە بېرىلگەن
ئۇنۋاندۇر. ئالىنكوۋ دېگەن يەنىلا ئالىنكوپ بولۇپ يېزىلىشتا ئالىن-
كوپ دەپ يېزىلىدۇ. ئېيتىلىشتا «ئالىنكوۋ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.
ئەمەلىيەتتە بىر ئادەم ھەرخىل ئاتىلىپ كەلگەن. ئاقلارنى باشلاپ بور-
تالاغا كىرگەن ئاتامان مانا مۇشۇ ئالىنكوپ.

بورتالاغا ئورۇنلاشقان ئالىنكوپ قىسىملىرى دەسلەپكى مەز-
گىلدە يەرلىك چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ نازارەتچىلىكىنى
قوبۇل قىلىپ، يۇۋاش بولغان بولسىمۇ كېيىنكى 8-9- ئايلاردا ئى-
لىمدىكى دۇدۇپ قىسىملىرى ۋە ئۈرۈمچىگە كەتكەن ئالىنكوپ قال-

ئۇ ۋاقىتلاردا بورتالانىڭ ئاشلىق مەسىلىسى قىيىن بولۇپ، ھۆ-
كۈمەت غەزنىسىدىكى ئاشلىق ئاران ئۆزىنىڭ مۇداپىئە قوشۇنلىرى-
نى قامداشقا يېتەتتى، شۇڭا ھۆكۈمەت ئاچ ئورۇسلارنى تەمىنلەشنى
خەلق ھەل قىلسۇن دەپ، مەھەممەت ئىمىن باي ھاجىنىڭ ئوغلى ئە-
مائىلنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلدى. بۇ كىشى ئۇن، گۈرۈچ، گۆش،
ماي، چاي، تۇز، كۆكتات ۋە سوپۇن قاتارلىق بويۇملارنى ھەر
يەر-ھەر يەرلەردىن يىغىپ ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بەردى. شۇ مەزگىل-
دە، بورتالادىكى ئاشپەز، ناۋايلارنىڭ ئوقىتى قىزىپ كەتكەن.
ئۇلار پولۇ، مانتا، سامسا، چۆچۈرە، سۇيقاشلارنى توقايغا ئاپىرىپ
ساتقان. بالا مەھەممەتمۇ توقايغا ئاق نان ئاپىرىپ ئورۇسلارغا سات-
قان. ئاچ ئورۇسلار ئۇرۇش داۋامىدا ئۇزۇن يىل ئاچارچىلىققا دۇچ
كېلىپ، نورغۇنى ئاچارچىلىق دەستىدە ئۆلۈپ كەتكەچكە، تەڭگەقا-
چىلانغان تورسۇقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ، يېمەكلىككە تەڭگىنى
سانىماي ئۇچۇملاپ بېرىپ بەس-بەستە تالىشىپ سېتىۋالغان. خۇد-
دى يالڭ زېڭشىن ئېيتقاندەك، مۇشۇ شارائىتتا ئاچ ئورۇسلارغا
كېرىنگى بىلاشقا نەرسە ئەمەس، جان ساقلاش ئىدى. ئۇلار يېمەك-
لىك ئېلىش ئۈچۈن، ئات-ئۇلاق، ئىگەر-توقۇم ھەتتا، قىممەتلىك
ماللىرىنىمۇ تۆۋەن باھادا ساتقان.

بورتالاغا كەلگەن ئاقلار ھەققىدە خەلق ئىچىدە ھەر خىل ئوخ-
شىمىغان سۆزلەر تارقىلىپ كەلدى، بۇنىڭ بەزىلىرى ئەمەلىيەتكە
ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەينى ئەھۋالغا بولغان تونۇشىمىزنى ئايدىڭ-
لاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەن تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە ئىزاھات بېرىپ ئۆت-
مەكچىمەن:

ئالماشتۇرۇپ ھەرخىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان. يەرلىك دا-
ئىرلەر ئۇلارغا يەر-سۇ بولۇپ بېرىپ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش
ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئەتكەن.

ئۆلۈم خەۋپى ئاستىدا كەلگەن ئاق ئورۇسلارغا جۇڭگو ھۆ-
كۈمىتى ۋە ھەرۋەللەت خەلقى شۇنچە كەڭپەئىللىق بېرىپ ئۇلارنى ئاش-
نان، تۇرار جايلار بىلەن تەمىنلىگەن بولسىمۇ، بىر ئۇچۇم ئاق كا-
تەۋاشلار تۆزكورلۇق قىلىپ ئاخىر گۇچەڭ، چۆچەك، ئىلى، ئالتاي
قاتارلىق جايلاردا ئالاتوپىلاڭ كۆتەردى.

## ئاقلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشى ۋە گۇمران بولۇشى

ئاقلارنىڭ توپىلاڭ كۆتىرىشىنى پىلانلىغۇچى ۋە تەشكىللىگۈ-
چى ھالقىلىق شەخس يەنىلا ياۋۇز تەبىئەتلىك ئالنىكوپ. 1920-يە-
لى 5-6-ئايلاردا ئالنىكوپ قالدۇق 750 نەپەر ئەسكىرى بىلەن
گۇچەڭگە بېرىش ئالدىدىلا ئىلى، چۆچەكتە قالغان ئاق كاتەۋاش-
لىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىرلىكتە ئىسيان كۆتىرىش ھەققى-
دە كېلىشىۋالغان. ئۇلار شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى تار-
تىۋېلىپ، تاشقى موڭغۇلدىكى سېمېنوپ باندىتلىرى بىلەن بىرلە-
شىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالدىن پى-
لانلىغان. 1920-يىلى 11-ئايدا ئۆلكە قوشۇنلىرىنىڭ نازارىتىدە
گۇچەڭگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن توپىلاڭ تەييارلىقىغا جىددىي
كىرىشكەن. 1921-يىلى 1-ئايدا ئۇلار گۇچەڭ ناھىيىسىگە ھۇجۇم
قىلغان. ئىككى تەرەپ كەسكىن جەڭ قىلىشقان. نەتىجىدە ئۇلار
گۇچەڭنى ئالالمىغان. ئۆلكە قوشۇنى ئالنىكوپنىڭ قول ئاستىدىكى

دۆلەتلىرى بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرگەن. ئۇلارنىڭ خورىكى يەنە
ئۆسۈشكە باشلىمىغان. يۇرتلاردىكى ئاق ئورۇسلار ئوتتۇرلۇق
ياغاچ ئېلىش باناسى بىلەن چېگرا جايلارغا بېرىپ، بۇرۇن تە-
قىپ قويغان قوراللىرىنى ياندۇرۇپ كېلىپ، يېقىنراق جايلارغا يېڭى
گەۋاشتىن كۆمۈپ قويۇپ، توپىلاڭ كۆتىرىشكە پۇرسەت كۈتكەن. ئۇ-
لارنىڭ بۇسۇيقەستى سېزىلگەندىن كېيىن، ئەلىمىنىڭ چەگىسىخوزا، كۆ-
نەس، تېكەس تاغلىق رايونلىرىغا يۆتكىۋېتىلگەن، بەزى ياشىنىپ
قالغان ئورۇسلار ۋە بەزى بالا ئەسكەرلەر يەرلىك خەلقتىن پاناھلىق
تەلەپ قىلىپ قالغان. بەزى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر بۆكەچەك
بالىلارنى ئاسرىۋالغان. مەسىلەن: ئۇمىد ھاجىم پاناسىز قالغان
بىر بالا ئەسكەرنى بالا قىلىپ بېقىۋېلىپ، ئۇنىڭغا توختى دەپ ئات
قويغان. بۇبالا چوڭ بولغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى «توختى ئو-
رۇس» دەپ ئاتاشقان. كېيىن مەلۇم ئائىلە سەۋەپلىرى بىلەن توخ-
تى ئايرىلىپ چىقىپ، زوردىخان دېگەن ئۇيغۇر ئايالغا ئۆيلىنىپ مۇ-
سۇلمان بولغان، ئازادلىقتىن كېيىن كوپىراتسىيىگە قاتنىشىپ ياغاچچى-
لىق كوپىراتىپىغا كىرىپ ئىشلىگەن ئىدى. 1973- يىلى كېسەل بى-
لەن قازا بولغان. توختى سۆۋلەت دېگەن بىر ئاقساقال يەنە بىر
ئورۇس بالىسىنى بېقىۋالغان بولۇپ، بىر يىلدىن كېيىن چېچەكچىقى-
قىپ ئۆلۈپ كەتكەن. (بۇبالىغا ئىسلام دەپ ئات قويغان) ئىمىن
سۆۋلەت دېگەن بىر كىشى يەنە بىر ئورۇس بالىنى بېقىۋېلىپ، ئىسمايىل دەپ
ئات قويغان. يەنە بىرقانچە ياشىنىپ قالغان ئورۇسلار تۆ-
مۈرچىلىك، تۆگمەنچىلىك كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ يەرلىنىپ
قالغان. ئىلى قاتارلىق جايلاردىمۇ نۇرغۇن ئاق ئورۇسلار كېلىپ

تەرەپكە قاچقان. ئۇلار ئالتاي، بۇرچىنغا كىرگەندىن كېيىن موڭ-
غۇل، قازاق ۋاكىلەرىنى مۇستەقىل بولۇشقا قۇتراتقان.

1920-يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنى قىزىل ئارمىيىنىڭ 4-ھەملك كىشىلىك قوشۇنى ئېرتىش ئارقىلىق ئالتايغا كىرىپ، يەرلىك مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئاق باندىتلار قوشۇنىنى قورشاپ 2 مىڭدىن ئارتۇق ئاقلارنى ئەسىرگە ئېلىپ، 500 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر-ئەسكەرنى يوقىتىدۇ، باچىچ تاشقى موڭغۇلغا قېچىپ كېتىدۇ. ئۆلكە دائىرىلىرى ئادەم ئەۋەتىپ، قىزىل ئارمىيىدىن ھال سورايدۇ. 9-ئاينىڭ ئاخىرلىرى قىزىل ئارمىيە ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېتىدۇ.

ئەكسىيەتچىل ئاتامان ئالىنكوپ ئەسكەرلىرى بىلەن گەنسۇغا يۆرۈش قىلىش داۋامىدا فېڭيۇشاڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن توسۇلۇپ، نەزەر بەنت ئاستىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىپ بېرىلەدۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى شەمەيدە خەلق سوتى تەشكىللەپ، ئالىنكوپنى سوراق قىلىپ، سوتنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن ئېتىپ تاشلايدۇ.

شىنجاڭ چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كىرىپ شۇنچە ئەسكى ئىشلارنى قىلغان، دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا پىسەن قىلماي، خەلقنى بوزەك قىلىپ، مال-مۈلكىنى بۇلاپ، چېگرانىڭ ئامانلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سالغان ئاق ئورۇس باندىتلىرى ئەنە شۇنداق شەرمەندە ئاقىۋەتكە ئۇچراپ تۈگەشتى.

جۇڭگولۇق مۇھاجىر ئوفىتسېر چىخۇيشىيەلنى قولغا چۈشۈردۇ. ئۇ ئالىنكوپنىڭ سۇيقەستى ۋە جابدۇنۇش ئەھۋالىنى پاش قىلدۇ، ئۆلكە ئارمىيەسىنىڭ پىرونت قوماندانى جاڭ جاۋبىنىڭ لەسەھەت قىلمىشى بىلەن ئالىنكوپ 2- ئاينىڭ ئاخىرىدا قورال تاپشۇ - رىدۇ. ئۇلار يوشۇرۇپ قويغان باشقا قوراللارنى ئۆلكە ئارمىيەسى تەكشۈرۈپ تېپىپ، مۇسادىرە قىلغان.

ئالىنكوپنىڭ كۈچەيگەن ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان دۇدۇپ پۇرسەت يېتىپ كەلدى دەپ بىلىپ، 21- يىلى 1-ئاينىڭ 9- كۈنى كۇرەدە توپىلاڭ كۆتىرىپ خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويە- دۇ. مال مۈلكلىرىنى بۇلايدۇ. توپىلاڭچىلار ئىلى قىسىملىرى تەرە- پىدىن تېزلا يوقىتىلغان. دۇدۇپ، جاڭ جۇنچىن ۋە كۆپچىلىك توپە- لاڭچىلار ئوق تېگىپ ئۆلگەن. ليولىنكى تىرىك تۇتۇلۇپ كېيىن ئېتىپ تاشلانغان.

چۆچەكتىكى باچىچ باسمىچىلىرىنىڭ تىنىچ ياتماي توپىلاڭغا تەييارلىق كۆرگەن. 1920- يىلى 5- ئاينىڭ 14- كۈنى نوۋىكوپ باشلىغان 2مىڭ قوراللىق ئاق باندىتلار چېگرىدىن ئېشىپ چۆ - چەككە قوراللىق كىرىپ باچىچ توپىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلەشكەن. نوۋىكوپ چۆچەككە كىرگەندىن كېيىن سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى جۇڭگو چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، باندىتلارنى يوقۇتۇش ھەققىدە ئۆلكە دائىرىلىرىگە نوتا تاپشۇرغان. ياڭزېڭشىننىڭ رۇخسىتى بىلەن 6-ئاي- نىڭ 24- كۈنى قىزىل ئارمىيە ئاتلىق پولكى چۆچەككە كىرىپ، 900 نەپەرچە ئاق باندىتلارنى ئەسىرگە ئالغان. باچىچ ۋە نوۋىكوپلار تاشقى موڭغۇلىيەدىكى ئاقلار بىلەن بىرلەشمەكچى بولغان مەقسىتىدە ئالتاي

كېلگەندىن كېيىن شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى يېڭى ئەسكەرلەر كازارمىسىدا تۇردۇم. بۇ يەر پارتىيە تەشكىلاتىمىزنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى، شۇنداقلا، سوۋېتكە باردى-كەلدى قىلىدىغان يولداشلارنىڭ تۇرار جايى ئىدى. سىرتقا قارىتا يېڭى ئەسكەرلەر كازارمىسى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئورۇندىكى پارتىيە ۋەكىلى يولداش فاڭ لىن ئىدى. (ئىنقىلابىي قۇربان دېڭ فانىڭ ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى) يېڭى ئەسكەرلەر كازارمىسىدا ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆگىنىش قىلىپ، ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان رەھبەرىي يولداشلارنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى، پارتىيىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەر توغرىسىدىكى دوكلادلىرىنى ئاڭلىدۇق. بىر باسقۇچلۇق ئۆگىنىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تەشكىل مېنى ئۈرۈمچى شەھەردە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەشكە بەلگىلىدى. پارتىيە تەشكىلاتى مۇناسىۋەتلەشكەندىن كېيىن، مەن شېڭ شىسەينىڭ ئام-ئەمەلىي يېزىلغان كارتوچكىنى ئېلىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئويۇشمىسىغا بېرىپ تىزىملاندىم. باش ئويۇشمىنىڭ باشلىقى شېڭ شىبەي بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئويۇشمىغا باش كاتىپ يولداش خۇاڭ مېنغۇ رەھبەرلىك قىلاتتى. باش ئويۇشمىدا يەنە يولداش يۈسۈن ۋەخەن مەنگگۇ ئاكىلار تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىكەن. مەن باش ئويۇشمىنىڭ تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىقىنى ئۈستىمگە ئالدىم.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئويۇشمىسى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ئەڭ قىزىل ئاممىۋىي تەشكىلات ئىدى. ئۇ پارتىيە-

# ئۇنتۇلماس يىللار

دۇەن شېڭ

1938-يىلى 3-ئايدا شەنبەدىكى ئۆگىنىشنى ئاياقلاشتۇرۇشۇم بىلەن پارتىيە مېنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. يولداش پېڭ جالۇڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە لى شاۋپېڭ، شۇلياڭ، جۇدەنخۇا، ۋاڭ يۈنشۈ، يۈسۇن ۋەلى تاۋ قاتارلىق 30 نەچچىمىز ھەمرا بولۇپ يولغا چىقتۇق. بىز مەخسۇس كىرا قىلىنغان قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شىئەننى بېسىپ ئۆتۈپ، لەنجۇدىكى سەككىزىنچى ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا چۈشتۇق. ئەينى ۋاقىتتا باشقارما باشلىقى ئۇ شيۇچۈەن، پارتىيە ۋەكىلى سېي جۆچەن ئىدى. 4-ئاينىڭ باشلىرى بىز جۇڭگو-سوۋېت ترانسپورت بىرلەشمىسىنىڭ ھەربىي قاتناش قارا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ لەنجۇدىن يولغا چىقىپ، 4-ئاينىڭ 20-كۈنلىرى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بىرگە ماڭغان قارا ماشىنا نەچچە ئون بولۇپ، شوپۇرلىرىنىڭ ھەممىسى سوۋېتلىك ئىدى. يول ئۈستىدە سورىغانلارغا بىز شېڭ شىسەينىڭ ئورۇق-تۇققان، بۇرادەرلىرى بولىمىز، شېڭ دۇبەننىڭ پانا تارتىپ شىنجاڭغا ماڭدۇق، دەپ جاۋاب بەردۇق. ھەممىمىز تەرجىمىھالىمىزنى يالغاندىن توقۇپ، ئەسلى ئىسمىمىزنى ئاشكارىلىمىدۇق. مەن ئىسمىمنى دۇەن جېنچى دەپ ئۆزگەرتىۋالدىم. ئۈرۈمچىگە

ياردەم بېرىشكە ھەرىكەتلەندۈردى. ياپونغا قارشى ناخشا ساداسى،
دىرامما، بېيرشور، تام گېزىت، رەسىملىك
گېزىت-ژورنال ۋە تەشۋىقات ئەترەتلىرى بىر مەھەل پۈتۈن شىن-
جاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدە ياپونغا قارشى
تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ناخشا سادالىرى بار-
غانسېرى ئەۋجىگە چىقتى. ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ تەسىرى
ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئاز بولمىغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى شىن-
جاڭغا تەلپۈندۈردى. مەسىلەن: دۇجۇڭيۈەن، جياۋدەن قاتارلىق كى-
شىلەر شىنجاڭغا كېلىپ بىر قاتار ئىشلارنى ھوجۇتقا چىقارماقچى
بولدى، ھالبۇكى، ياخشى نەتىجە قازىنالمىدى. دۇجۇڭيۈەن قولغا
ئېلىنىپ تۈرمىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، جياۋدەن قويۇپ بېرى-
لىپ، ئىچكى ئۆلكىگە قايتىپ كەتتى.

مەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىدا بىر يىل
ئىشلەپ 1939-يىلى يازغا كەلگەندە، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپا-
قىغا بېرىپ كەلدى. ئۇ سوۋېتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىن-
جاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىن چاتاق چىقىشقا باشلىدى. شېڭ-
شىسەي پارچىلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۈرۈمچى
شەھىرىدىكى پارتىيىلىك يولداشلىرىمىزنى سىرتقا يۆتكەشكە باشلى-
دى. مەسىلەن: جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش
كاتىپى يولداش خۇاڭ مىنفۇنى يەنجىگە مەمۇرى مەھكىمە باشلى-
قى قىلىپ يۆتكىدى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمى مۇدىرى يول-
داش لىن جىلۇنى جەنۇبى شىنجاڭغا ھاكىم قىلىپ يۆتكىدى،
يولداش خەن مىڭگۇاڭنى بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى قى-

نىڭ ئەتراپىدىكى تەشكىلاتقا ئوخشاپ كېتەتتى، لېكىن، ئەلتاكلوس پارتىيىسىنىڭ ئەتراپىدىكى تەشكىلات ئەمەس ئىدى. چۈنكى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىگە بىر تەرەپتىن كۆپلىگەن ھەر مىللەت تەرەققىپەرۋەر ياشلار ۋە زاۋۇت-كان ئىشچىلىرى قاتناشقان، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر قايسى ئىدارە-جەمئىيەتلەردىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، ھەتتا ئىچىمىزغا ئەگىشىپ مېڭىش مەقسىتىدە بىر قىسىم ئەكسىيەتچىلەرمۇ ئۇيۇشمىغا ئىلتىماس قىلىپ قاتناشقان. بىز ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ باش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، مەيلى كىم بولمىسۇن ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇردىكەن ئۇ ۋەتەن خائىنى، ساتقىن بولمىسىلا بىز ئۇلارنى ئىتتىپاقلىشىش ئوبيېكتى قىلدۇق. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەزىپىسى: ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ «پۇلى بارلار پۇل، مىلتىقى بارلار مىلتىق چىقىرىش، ئادەم ۋە پۇل چىقىرىپ بىرلىكتە جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىش» روھىغا ئاساسەن، يېڭى شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ، ياپونغا قارشى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەپ، ئالدىنقى سەپنىڭ ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلاتلىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىگىچە كېڭەيدى. ئۇيۇشما تەشكىلاتلىرى ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كۆرۈنۈشتە ياپونغا، ئەمەلىيەتتە كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشتەك سۇيىقەستىنى پاش قىلىپ، بارلىق كۈچلەرنى ئالدىنقى سەپكە

ئەزا قوبۇل قىلماسلىق، ماركسىزم-لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلماسلىق؛ (4) ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، سىنىپ ئايرىماستىن، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بارلىق كۈچلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ياپونغا قارشى چوڭ ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش. ئۇ يەنە، خىزمەت داۋامىدا ئۆلگىلىك ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق باشقىلارنى يېتەكلەپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. مەن پارتىيىنىڭ يۇقۇرقى يوليورۇقلىرىنى ئېلىپ بورتالاغا كېلىپ، باشتا ئۆزەم يالغۇز ئىشلىدىم. 1940- يىلى كومپارتىيە ئەزاسى يولداش مارۋىي يۆتكىلىپ كېلىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. مەن بورتالادىن كېتىشتىن بۇرۇن ئۇنى يۆتكەپ كەتتى.

مەن يېڭى بارغاندا بورتالا ناھىيىلىك ھاكىمى 50-60 ياشلار چامىسىدىكى ۋىن دىڭئاۋ دېگەن كىشى ئىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ۋىن دىڭئاۋنى ئۆلكىگە يۆتكەپ كېتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان ياڭ فىڭچۈن دېگەن كىشىنى يۆتكەپ كەلدى. مەن يەنىلا مۇئاۋىن ھاكىم بولدۇم. 1939- يىلى قىشتا ياڭ فىڭچۈن قولغا ئېلىنىپ، ئورنىغا مەن مۇۋەققەت ھاكىم بولدۇم، 1941- يىلى 8- ئايدا ھاكىملىققا تەيىنلىنىپ، 1942- يىلى 9-ئايغىچە ئىشلىدىم.

شۇ چاغلاردا، بورتالا چەت ياقا كۆچمە چارۋىچىلىق رايون بولۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىسكەتى يوق ئىدى، ھۇددى كارۋان دېگىنگە ئوخشاپ كېتەتتى. داڭقىر دەرۋازىلىق قورو

لىپ يۆتكەلدى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرىنى خەلق ئىشلار نازارىتى-
نىڭ نازىرى قىلىپ يۆتكەلدى. بىز ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەرنى
ئايرىم-ئايرىم ھالدا باشقا ناھىيىلەرگە يۆتكىۋېتەلىدۇق. كېيىن
ئاڭلىشىمىزچە، ئۈرۈمچىگە مەركەزلەشكەن يولداشلىرىمىزنى تارقىتى-
ۋېتىشتىكى سەۋەپ، دۇبەن مەھكىمە پايلاقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى
شېڭشىسەيگە: ئۈرۈمچىدىكى 8-ئارمىيىنىڭ خادىملىرى سىز سوۋېت-
كە كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ھۆكۈمرانلىقىمىزغا زىيانلىق
ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى، دەپ يالغان مەلۇمات بەرگەنلىكىدىن
بولغان ئىكەن. ئەمەلىيەتتە بىز تەشكىللىك تۇرمۇشنى مەخپىي ئۆت-
كۈزۈپ، 6 بۈيۈك سىياسەتنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، پار-
تىيىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلغان ئىدۇق. 1939 - يىلى
يازدا مېنى بورتالاغا يۆتكىۋەتتى. دەسلەپتە مەن ۋەزىپىگە قانداق
تەيىنلەنگەنلىكىمنى بىلمىدىم. مېنى ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسىگە تەۋە
بورتالا ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىدى

1939 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 1942 - يىلى 9-ئاي-
نىڭ باشلىرىغا قەدەر توپتوغرا 3 يىل ناھىيە مەمۇرىيىتى خىز-
مىتىنى ئىشلىدىم. ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن پارتىيە -
مىزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى يولداش چېن تەنچيۇ (يول-
داش دىڭ ۋا يەنئەنگە يۆتكىلىپ كەتكەن ئىدى) مەن بىلەن سۆھ-
بەتلىشىپ، مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك يوليورۇق بەردى: (1) ۋە-
زىپىنى ئالغاندىن كېيىن 6 بۈيۈك سىياسەتنى سادىقلىق بىلەن
ئىجرا قىلىش؛ (2) ھەممىدە شېڭشىسەينىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت
قىلىش؛ (3) كومپارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىماسلىق،

چىلىقىمۇ قىلالايتتى. يۇرتلاردا 10 قورۇ قويى بار كىشىنى باي
دەپ ئاتايتتى. بىر قورۇ قوي 500 تۇياقتىن، 10 قورۇ قوي
5000 تۇياق بولاتتى. ئەينى ۋاقىتتا يۇرتلاردا
خەنزۇلار ئاز ئىدى، شاربۇقا، شاۋىيىگىپەن، سەنتەي قاتارلىق جاي-
لاردا بىر قانچە ئائىلىك كىچىك ئوقەتچىلەر بار ئىدى. يۈەن
شىۋ پۇ (سودا-سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى) دېگەن كىشى
تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. شىلىڭ زېبىن دېگەن كىشىنىڭ يېرى
بار ئىدى. دىڭ پىڭ دېگەن بىر شەنشىلىك ھاراقخانا ئاچقان ئىدى. تەن
گىچۈن (تيەنجىنلىك) دېگەن كىشى تىجارەت قىلاتتى. بىز بايلارنى-
ڭ قارىتا تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ياپونغا قار-
شى ئۇرۇشنى پائال قوللاشقا ھەرىكەتلەندۈرۈش سىياسىتىنى قول-
لاندۇق، خائىن-ساتقىن بولمىسىلا ئىتتىپاقلىشىش ئوبيېكتىنى قىلى-
دۇق. خۇددى شۇ چاغدا ئېيتىلغان ناخشىدەك «پۇلى بارلار پۇل،
مىلتىقى بارلار مىلتىق چىقىرىش، ئادەم ۋە پۇل چىقىرىپ، بىر-
لىكتە جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىش»قا ھەرىكەتلەندۈردۇق.

بىز پۇلى بار كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇردۇق. مەن ئۇلارغا ناخ-
شا ئۆگەتتىم ۋە «نىمە ئۈچۈن ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىمىز، ياپون-
لىقلار بىزگە قانداق تاجاۋۇز قىلدى» دېگەنلەرنى تەشۋىق قىلغان-
لىقىم، خەرىتە سىزىپ ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن
چىققان جىنايەتلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىم تېخىچە ئېسىمدە تۇ-
رۇپتۇ. ئەينى ۋاقىتلاردا پۇقرالارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن،
جۇغراپىيە ئوقۇمى ئېنىق ئەمەس ئىدى. مەن، بۇنداق قالاق
بولۇشتىكى تۈپ سەۋەب مەكتەپنىڭ ئاز بولىشىدا، دەپ قاراپ نوقا-

ئەمەلدەتۈزۈكرەك بىر قانچە ئېغىز ئىشخانىسىمۇ يوق ئىدى. كەچ بولغاندا غۇربەت بېسىپ خارابىلىقتا ئايلىناتتى. تۈرمىدە قامالغان-لارنىڭ كۆپچىلىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ۋە ئات-كالا ئوغرىلىرى بولۇپ، تۈرمىنىڭ تۇرمۇشىمۇ ناھايىتى ناچار ئىدى. گۇناھكارلارغا قەبىھ مۇئامىلە قىلىناتتى، ئادەم قاتاردا كۆرمەيتتى. ليۇسەن دېگەن بىر چال گۇندىپاي ئىدى. ئۇ چاغدا ئۆزەم ياش، يۈرىكىم چوڭ ئىدى. مەن گۇناھكارلارنى ئەمگەككە سالدىم، تاققا ئېۋەتىپ ياغاچ كەستۇردۇم. چېكەتكە يېقىنقىشتا قېپ قالغان قۇرۇق تۈكلارنى تۈزلەتكۈزۈپ ئۆگىزىگە ياتقۇزۇتتۇم. بىر ئورۇس تېخنىكقا چىرتيوژ سىزغۇزۇپ، يۇقىرىدىن پۇل سورىماي، ئۆزىمىز قول سېلىپ ئىشلەپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، بىر ئاز پۇل خەجلەپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يامۇلىنى سېلىپ پۈتتۈردۇق.

باياشات چارۋا رايون بورتالادا موڭغۇللار بىر رايونغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، رايون باشلىقى نامجىل ئىدى. 8 زەڭگە ئوتلاقلارغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. موڭغۇللار سەممىي، ساداقەتمەن مىللەت بولۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. دېھقانچىلىق ۋە ئوقەت قىلىش بىلەن شۇغۇللانمايتتى. ئادەتتە، ھاراق ئىچىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى ئۇيغۇرلار ئىگىلەيتتى. ئۇيغۇرلاردىن بايلار ئەڭ كۆپ ئىدى. نەجمانباي بېرى ئەڭ كۆپ باي ئىدى، ئىبراھىم ئاكا-ئوكىلارمۇ چوڭ بايلار ئىدى، شېرمۇللا كېيىن چەتئان باي ئىدى، ھاشىمباي، ئۇلۇغ بايلارمۇ خېلى پۇلى بار بايلار ئىدى. بۇ بايلار سودا قىلمىلا قالماي، چارۋىنىمۇ باقاتتى، ئوقەت قىلىش بىلەن بىللە دېھقان-

قىلىش كېرەك؟ بىز چوڭ-كىچىك بالىلارنى يىغىپ، ئۇلاردىن ئەتىانە
توپلاشنى بىرلىكتە كېڭەشتۇق. نەتىجىدە ھەقىقەتەن كۆپ پۇل ئەتا-
نە قىلىندى. كۇلۇبنى سېلىشنى كۆتۈرۈۋالغۇچىلار يەرلىك ياغاچ-
لار بولغانلىقتىن، قۇرۇلۇشنى سېلىش ئەلمەس بولماي قېلىپ، بى-
رىنچى قېتىم تۈرلىپ كەتتى. قايتا تۇتۇش قىلىپ، ئاخىرى پۈت-
تۈردۇق. ھازىرقى نەزىرىمىز بىلەن قارىغاندا ئۇ كۇلۇبنىڭ كۆ-
لىمى كىچىك ئىدى، لېكىن، ئەينى چاغدا ئۇ كۇلۇب قالتىس
سېلىنغان ھېسابلىناتتى. كۇلۇب پۈتۈپ بىز كۆڭۈل ئېچىش كەچ-
لىكى، ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزىدىغان
ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغان سورۇنغا ئىگە بولدۇق. بورتالادا
بىرىنچى قېتىم ئوپېرا-دراممىلار قويۇلدى. ياپونغا قارشى تۇ-
رۇش مەزمۇن قىلىنغان كۆيىبەن، شۋاڭخۇاڭلارنى تۈزۈپ چىقىپ قوي-
دۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە «زەپەر بىلەن يۇرتقا قايتىش» دېگەن
دراممىنى ئويناپ چىقتۇق، يەنە خەلق ياقتۇرىدىغان ئېيتىشلار
ئوينالدى. ئەمما بۇ ئويۇنلارنى ياقتۇرۇپ كۆردى. خۇراپاتلىق ھۆ-
كۈم سۈرگەن جەمئىيەتتە بۇنداق ئويۇنلارنى ئويناپ چىقىش ھەق-
قەتەنمۇ ئاسان ئەمەس. دراممىلارنى بىز ئىچكى ئۆلكىلەردە چىق-
قان بىر قىسىم ياپونغا قارشى كىتابلاردىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ-
نىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ئۆزىمىز تۈزۈپ چىقتۇق. قىسقىسى،
مەكتەپلەر تەرەققى قىلدى، ئاياللار ساۋات چىقىرىش مەكتەپلىرى
ئېچىلدى، ھەر مىللەتنىڭ مەدەنى-ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى كۆ-
چەيتىلدى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىمۇ قۇرۇلدى.
مارلۇي 1940- يىلى كېلىپ، مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىق ۋەزى-

تىلىق هالدا مائارىپنى راۋاجلاندۇردۇم. يېڭى بارغان چېغىمدا پەقەت بىرلا خەنزۇ مەكتەپ ۋە بىرلا موڭغۇل مەكتەپ بار ئىدى. كېيىن قازاق مەكتەپنى قۇرۇپ چىقتۇق، موڭغۇل مەكتەپنى كېڭەيدى، خەنزۇ، ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى كۆپەيدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاياللارنى ئومۇمەن خۇراپىي ئىدى، بولۇپمۇ دىنىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئاياللار سىرتقا چىققاندا باشلىرىنى پۈركىۋالاتتى، قىزلار يۈزىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن چۈمبەل تارتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى قانداق قىلىپ ئۆستۈرۈشنى ھەم ئۇلارنىڭ دىنىي ئۆرپ-ئادەتلىرىگە خىلاپلىق قىلماسلىقنى ئويلاشتىم. ئاياللار ساۋات چىقىرىش مەكتىۋى ئېچىپ، ئالدى بىلەن خەنزۇ كادىرلاردىن باشلاپ، ئاندىن ئۇيغۇرلار ئىچىدە كېڭەيتتىم. ئاياللار ساۋات چىقىرىش مەكتىۋىدە ئاساسەن ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ ۋە نىمە ئۈچۈن ياپونغا قارشى تۇرۇش مەسىلىلىرى دەرس قىلىپ سۆزلەندى. ماۋجۇشىنىڭ «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدىكى بىرىنچى باسقۇچتا باشقىلار بىزگە ھوجۇم قىلغاندا چېكىنىپ قوغدىنىش، ئىككىنچى باسقۇچتا تېركىشىش، ئۈچۈنچى باسقۇچتا قايتۇرما ھوجۇم قىلىشتىن ئىبارەت ياپونغا قارشى ئۈچ باسقۇچلۇق كۆرەش كۆزقارىشىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا جەزمەن غەلبە قازىنىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇردۇق.

ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە، بىر ئاۋام كۇلۇبىنى سېلىشنى پىلانلىدىم. پۇلنى نەدىن ھەل قىلىش كېرەك؟ ئاممىغا ئومۇمىيۈزلۈك سېلىق سېلىشقا بولمايدۇ، قانداق

ئۆز ئوتتۇرىغا چىقماي پەقەت، كەلگەن سوۋغاتنى قوبۇل قىلسىلا باي بولۇشتا گەپ يوق ئىدى. توي قىلغاندا كېيىم-كېچەك تىككۈزۈلۈپ-زىبۇ-زىننەت ئېلىناتتى. لېكىن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىنى قىلمىدىم. ھەتتا يوتقانمۇ تىككۈزمىدىم. توي بولغان كۈنى، كارۋاتقا قارىسام ئىككى قىزىل تاۋار يوتقان تۇرىدۇ. دەسلەپتە مەن قېيىن ئاپامنىڭ بەرگەن تويلۇقى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، كېيىن ئايالىمدىن ئۇقسام، تويلۇق ئەمەس، بەلكى تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۆمەنتاك سەتتۇرمىسۇن دەپ ئۆزلىرىنىڭ تويلۇق يوتقىنىنى تۆيدۈرماپتىن بىزنىڭ ئۆيگە قويۇپ قويغان ئىكەن، بۇنى ئاڭلاپ ئەكۆڭلۈم كەلدى. ھەم دەرھال يوتقاننى قايتۇرۇۋەتتىم. سوۋغات ئەكەلگەنلەرمۇ بولدى. كېرىمجان دېگەن تەرجىمان تۆت ئىستاكان بىلەن بىر چۆگۈن ئەكەپتىكەن، مەن ئىش بېجىرگۈچى مارۇخەي ئارقىلىق قايتۇرۇۋەتتىم ھەم سوۋغات قوبۇل قىلمايمەن دەپ ئېنىق ئېيتتىم، كېيىن بىر قىزىق ئىش يۈز بەردى.

بىز ئىلگىرى ھاكىم بولغانلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەڭ چوڭ ئىشلىرى، خەلق ئىچىدىكى داۋالار ۋە ئوتلاق ماجرالىرىنى ھەل قىلىش دەپ ئاڭلايتتۇق. ئىلگىرى داۋالاشقۇچى ھەر ئىككى تەرەپ يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بېرىدىكەن، يامبۇ-پۇللارنى سوۋغات قىلىدىكەن، ھاكىملارنىڭ بۇنداق ئەرزىلەرگە توغرا، ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشى ناھايىتى تەس ئىكەن. لېكىن، مەن ھاكىم ۋاقتىمدا پارتىيىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش كۆرۈپ، خەلقچىل بولۇپ، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئادىل ئىش بېجەردىم. كىمنىڭ قانداق ئىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىردەك پارە قوبۇل

پەننى ئۆتەتتى (4- بۆلۈمنىڭ باشلىنىشى). ئۇ بورتالا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى ياراتتى.

مەن بورتالا ناھىيىسىگە بارغاندىن كېيىن، ناھىيە تارىخىدا بىرىنچى قېتىم تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېنىدا بىر بوش ئورۇن بار ئىدى. بىز جىنايەتچىلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئۇ يەرنى تۈزلىتىپ مەيدان ياساپ، شۇ ئورۇندا تەنھەرىكەت يىغىنى ئاچتۇق. ئۇ چاغدا شارائىت ناھايىتى ناچار بولۇپ، يۈگرەش مۇسابىقىسىدە ئىشلىتىدىغان بۇيرۇق بېرىش تاپانچىسى بولمىغاچقا، دومباق ئارقىلىق بۇيرۇق بېرىپ مۇسابىقە ئېلىپ باردۇق. ھەر مەللەت باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بايراملىق كىيىملىرىنى كېيىپ، داغ-دۇغا بىلەن بايراقلارنى كۆتۈرۈپ، رەتلىك سەپ تۈزۈپ تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشتى. پۈتۈن مەيدان قىزغىن كەيپىياتقا چۆمۈلۈپ، تەنھەرىكەت يىغىنى قىزىپ كەتتى. شۇ يىلدىن ئېتىبارەن، ھەر يىلى بىر قېتىم تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى (1942-، 1941-، 1940- يىللىرى). بۇنىڭدىن باشقا «18-سىنتەبىر»، «7-ئىيۇل»، «12-ئاپرېل»لاردا چوڭ تىپتىكى كۆڭۈل ئېچىش كەچلىكى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

ئۇ چاغلاردا بىز ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك-دىيانەتلىك ئىدۇق. تا بۈگۈنگە قەدەر پۇخرالاردىن بىرەر كىشى پارا ئالدى دېگەن گەپنى قىلغىنى يوق، مەن بورتالادا توي قىلدىم، تويدا سوۋغات قوبۇل قىلمىدىم كۆپچىلىككە بىر قوينى سويۇپ، پولۇ بېسىپ بەردىم، ئۇ چاغلاردا ھاكىملارنىڭ توي قىلىشى قالتىس ئىش ئىدى،

مە، كېتىدىغان بولدىڭمۇ، سەن توي قىلغاندا مەن ساڭا چۆگۈن، ئەستاكان سوۋغات قىلغان ئىدىممۇ، دەپ غەۋغە كۆتەردى. مەن بىردىنلا ئاچچىقلىنىپ: «ئىلگەركى ھاكىملار تامغىنى تاپشۇرۇش بىلەنلا ھوقۇقىدىن تۈگۈشەتتى، بۈگۈن مەن تامغىنى تاپشۇردۇم، شۇندىقتىمۇ يولسىزلىق قىلىدىكەنسەن، قول-پۇتۇڭغا كىشەن سېلىشقا ھوقۇقلۇق مەن» دېدىم.

يېڭىنىڭدىن باشقا، ئۈرۈمچى-ئىلى تاشيولىدىن بورتالاغا كىرىدىغان تاشيول يوق ئىدى. ئىلىنىڭ قوماندانى ھەم مەمۇرى مەھكىمە باشلىقى ياۋشۇڭ خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەندە يولنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى تاپالمىغان ئىدى. كېيىن بىز تاشيول ياساشنى پىلانلىدۇق. ئۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئويلىسا ئادەمنىڭ كۈلگىسى كېلىدۇ. بىز دوربۇن بىلەن يولنى چارلاپ ئۆلچىدۇق. شۇ چاغدىكى شارائىتتا، دوربۇندا قاراپ قوزۇق قېقىپ، كۆز بىلەن قاراپ ئانچە مايماق كەتمىسىلا بولىدى قىلاتتۇق. يول ياساشقا ھۆكۈمەتتىن پۇل چىقارماي، پۇلى بارلارنى ياردەم قىلىشقا ھەركەتلەندۈردۇق. تاشيولنى ياساپ بولۇپ، ئۈرۈمچى-ئىلى تاشيولىغا يول بەلگىسى بورماتتۇق، ياۋشۇڭ ئىككىنچى قېتىم بورتالانى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە كەلگەندە بىزنى تەقدىرلەپ كەتتى.

ئاشلىق توپلاپ، قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈشتە يامان ئەمەس نەتىجە قازاندۇق. بورتالادىن ئۈچ كىشى شەرەپ تاختىسىگە ئېرىشتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆز ئىختىيارى بىلەن 100 دادەن بۇغداي ئىئانە قىلغانلارنىڭ ئىسمىلىكىنى يوقۇرىنىڭ شەرەپ تاختىسى تارقىتىپ بېرىشىگە يوللاش بەلگىلەنگەن ئىدى. شىر مۇللا، مەمتاجى ۋە نەچ-

قىلمىدىم، ئۇنىڭغا ياكى بۇنىڭغا يان بېسىش زادىلا بولمىدى. ئۇ چاغدا مەن ياش بولغاشقا ئەرزىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان بىر قانچە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئات مىنىپ نەق مەيداننى كۆزدىن كۆچۈرۈپ ھەققىي ئەھۋالنى ئىگەللەيتتىم، ئەھۋالنى ئىگەللىمىگەن بىلەن بولمايدۇ. مەسىلەن: بىرقېتىم سەنتەينى كۆزدىن كۆچۈر-گەندە تەرجىمان كېرىمجاننىڭ سۆزىنى ئەينەن تەرجىمە قىلماي، تەرجىمە قىلىشتا نەيرەڭ ئىشلىتىپ، ھاكىمنى ئۇنداق كۈتىۋېلىشىڭ-لار-مۇنداق كۈتىۋېلىشىڭلار كېرەك، ئۇنداق قىلمىساڭلار چاتاق، دېگەن گەپلەرنى قىلىپ، پۇخرالارغا تەھدىت سېلىپ، ئارىدىن ئۆ-زى نەپ ئالماقچى بولىۋاتقانلىقىدەك بىر مەسىلىنى بايقاپ قالدىم. بۇنداق مەسىلىگە مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى دىققەت قىلاتتىم. ئۇنى ئېلىپ شۇيىڭچەن بىلەن سەنتەينى ئارىلاپ كەلگەندىن كېيىن، مەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەرجىمانى فەن جىڭشەننى خۇپى-يانە ھالدا ئەھۋالنى ئىگەللەپ كېلىشكە ئەۋەتتىم. ئېنىقلىنىشىچە كېرىمجان تەرجىمانلىق قىلىشتىن پايدىلىنىپ چاتاق چىقىرىپ، مەن قىلمىغان بەزى سۆزلەرنى قىلغان. ھەتتا، مىللىي مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچى-لىك سالىدىغان بەزى سۆزلەرنىمۇ قىلغان، پوپوزا قىلىپ قوي ۋە چاي سورىغان، بۇ كىشى تەرجىمانلىق رولىنى ئوينىماي، ئەكسىچە پارا-كەندىچىلىك سالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز كۆپىيە-كەتكەچكە مەن ئۇنىڭ مەسىلىسىنى ئېنىقلاپ، ئۇنى قولغا ئېلىپ ئۆلكىگە يۆتكەپ بەردىم. ئۆلكە ساقچى باشقارمىسىدا بىر قانچە يىل قامىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئىشپىيونلۇققا تەربىيەلىنىپ، كېيىن قو-يۇپ بېرىلدى. مەن ماڭىدىغان چاغدا، ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ

ز ئاساسەن مۇتەخەسسىسلەر، لوتچىكلەر ۋە يەر
ۈزىدە قوماندانلىق قىلىدىغان خادىملارنى كۆتۈرۈلمىش بىلەن
ولدۇق. يېمەك-ئىچمەك ۋە تۇرمۇش جەھەتلەردە ئۇلارنى مۇۋاپىق
ۆرۇنلاشتۇردۇق. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قوماندانلىقى بويىچە چېكەتكىگە
وقۇتۇشتىكى قوشۇمچە تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈردۇق. زور تۈر-
كۆمدىكى دورىلار تۇكۇلاپ 7-8 تونىلىق ماشىنىلار بىلەن
يۆتكەپ كېلىندى. دورا چېچىلغان جايلار «چېكەتكىسىز رايون»
قىلىنىپ، چارۋا ماللار كىرگۈزۈلمىدى. شۇ چاغ ياز پەسلى ئى-
دى. بىز كۈندۈزلىرى ئۆيگە قايتماي، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن
چېكەتكە يوقۇتۇش خىزمىتىگە ئاتلاندۇق.

سوۋېت-گېرمانىيە ئۇرۇشى جىددى باسقۇچقا قەدەم قويغان
پەيىتتە. سوۋېتلىكلەر بورتالاغا كېلىپ ھەربىي ئات سېتىۋالدى.
ئۇلار قانچىنى تاللىغان بولسا، بورتالادىكى ھەر مىللەت خەلقى
شۇنچىنى سېتىپ بەردى. ھەم قىزغىنلىق بىلەن ئىئانە توپلاپ،
ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرگە جۆكىلارنى تەقدىم قىلىپ، سوۋېت
خەلقىنىڭ فاشىزىمغا قارشى كۆرۈشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى.
بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست ئۆتۈش سىياسىتىنى ئىجرا
قىلغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى.

بىز يەنە قورال-ياراقلارنى ئىنقىلاش كومىتېتىنى قۇرۇپ
ھەر مىللەت خەلقىنى، بولۇپمۇ چارۋىچىلارنى ئىلگىرى ئاق ئورۇسلار
كەلگەندە قويۇپ كەتكەن قورال-ياراقلارنى يىغىشقا چاقىرىق قى-
لىپ، تارقىلىپ يۈرگەن قوراللارنى يىغدۇق. بۇ خىزمەت زۆرۈر
ھەم مۇھىم خىزمەت ئىدى

مانباي قاتارلىق ئۈچ كىشى شەرەپ تاختىسىغا ئېرىشكەن ئىدى، (بىر دادىن ھازىرقى 400 جىڭ بىلەن باراۋەر). ئاشلىق ساكمۇ سالدۇق. خەنزۇلاردىن چىققان باي شىڭزىبىن دېھقانچىلىقتا تەجرىبىلىك كىشى ئىدى، باشقا مىللەت خەلقى ئۇنى ئۇستاز تۇتاتتى، چوكان تال سىزۇندىن بۇرۇن نىمىنى، چوكان تال سىزۇنىدىن كېيىن نىمىنى تېرىش كېرەكلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا كۆپچىلىك ئۇنى دېھقانچىلىق پىرى دەپ بىلەتتى.. ئۇنىڭ يېرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ خەنزۇلار ئىچىدە ئۇنىڭ پۇلى بىر قەدەر جىق ئىدى. بىز ئۇنى شىڭ خۇيجاڭ (دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى) دەپ ئاتايتۇق. ئۇ ئۆزلىكىدىن پۇل ئىئانە قىلىپ بورتالا دەرياسىغا بىر كۆۋرۈك سالدۇردى، بىز ئۇنى مۇكاپاتلىدۇق.

1941-يىلى مايسىلار كۆكەرگەن مەزگىلدە چېكەتكە ئاپىتى بولدى. بىز تېلېگرامما ئارقىلىق ئىلى ۋالى مەھكىمىسىگە دوكلات قىلدۇق. ئىلىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى نەپەر سوۋېتلىك مۇتەخەسسىس ئەھۋالنى ئىگەللەپ، بىر خىل قۇرقۇنۇشلۇق چېكەتكىكەن، دەپ ھۆكۈم چىقاردى. بۇ ئەھۋالنى دۇبەن مەھكىمىسىگە دوكلات قىلدۇق. كېيىن مۇسكوۋاغىچە يەتكۈزۈلۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلان گۇرۇپپىسى چىقىرىپ زور تۈركۈملەپ چېكەتكە يوقۇتۇش دورىلىرىنى يۆتكەپ كەلدى. بورتالا تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئايروپىلان بىلەن چېكەتكە يوقۇتىشتەك ئۇلۇغ ئىش قىلىندى. بىز 2-3 ئاي جاپالىق جەڭ قىلدۇق. ئۆلكىدىن لى پەيلىك بىر نازىر چېكەتكە يوقۇتۇش خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتىلدى. بىر مەزگىل پۈتۈن بورتالادىكى ھەر مىللەت خەلقى قوزغىلىپ كەتتى.

كىتىمىز ئاشكارە، ئىشىمىز توغرا، يولىمىز يورۇق.

مەن بورتالادا 3 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىدىم. ئازاتلىقتىن كېيىن بورتالاغا بىر قېتىم باردىم. يوقىرىلار مېنى كۆرۈپ-قىزغىن ھال-مۇڭ قىلىشتى، مېنىڭ بۇ يەرتقا چوڭقۇر موھاببىتىم بار. بۇ ئىشلار مېنىڭ كارامىتىمنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋاقتىدىكى پارتىيىمىز سىياسىتىنىڭ دانالىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيىمىزنىڭ ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەمدە خەلقنىڭ مەنپەئەتىدىن چىقىش قىلىشتەك ياخشى ئەنئەنىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا يىلتىز تارتقان ئىدى. شۇ چاغدا كىشىلەر بىزنى جۇڭنىڭ ئادىمى دېيىشەتتى. مەسىلەن: يولداش ماروي بورتالادا قىسقىغىنە ۋاقت تۇرغان بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ماكىجاڭ ئېغىزغا ئېلىنسىلا ھەممە كىشى ئۇنى ئېتىقادلىق كىشى دەپ ماختىشاتتى، ئۇ يامان يولدا ماڭمىغان كىشى ئىدى. شۇ يىللاردا بىز پارتىيىنىڭ تەلىۋى بويىچە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. لېكىن ئۆزىمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەن پەقەت ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىمنىلا ئادا قىلىپ، ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنىلا قىلالىدىم.

(لى شىچۈەن، ياڭ جىڭچېڭلار ئۇنىڭ ئالغۇغا ئاساسەن رەتلىگەن)

شۇ چاغدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاتاقتا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ساقچى ئىدارىسىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، ساقچى ئىدارىسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، دېيىلگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە نازارەتچىلىك قىلاتتى. بولۇپمۇ بىزگە پايلاقچىلىق قىلاتتى. بۇ بىزگە ئېنىق بولغاچقا ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى قوللاندۇق. ئىشلەشتە ئوچۇق- يورۇق بولۇپ ئۇلارغا قويرۇق تۇتقۇزمىدۇق. دەسلەپكى ساقچى باشلىقى سۇڭ شىلياڭ دېگەن بۇ ئەبلەخ ئالدىمدا دائىما چاس بېرىپ خۇشامەت قىلغان بىلەن كەينىمدە باشقىچە ئىش تۇتاتتى. ئۇنىڭ ئىشپىيونتۇرى بار ئىدى. ئەككىمىز بىر-بىرىمىز بىلەن كۆرۈنۈشتە نورمال مۇناسىۋەت قىلىشاتتۇق. مەن توي قىلغاندا ئۇ كۆچ چىقىرىپ توي ئىشىمغا ياردەملەشكەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ، بايلاردىن مېنىڭ بايلارنىڭ پۇللىرىنى قانچىلىك خەشلىگەنلىكىمنى ئىگەللەپ يۈرۈپتۇ. بۇنى ھاشىم ماڭا دەپ قويغان ئىدى. مەن ھاشىمغا: «بار بولسا بارنى دە، يوق بولسا يوق دەپ ئېيت، نېمىدىن قورقاتتۇق» دېدىم. سۇڭ شىلياڭ كەتكەندىن كېيىن ئاۋياڭگاڭ كەلدى. كېرىمجان ساقچى ئىدارىسىنىڭ پايلاقچىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ شپيونلۇق تور-قاپقانلىرىنى قۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، بىز ھېچنېمىسىدىن قورقمىدۇق. چۈنكى بىز شىڭ شىسەي تەكلىپ قىلغاچقا كەلگەن، بىز 6 بۈيۈك سىياسەتنى مۇستەھكەملەپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا كەلگەن، بىزنىڭ ھەر-

چىنى تاپشۇرغان ئىدى. شۇڭا مەسچىتلەردە تەشۋىقات خىز-
مەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇن-
قەرىزلىكتىن قۇتقۇزۇش ۋە 6 بۈيۈك سىياسەت توغرىسىدا تەشۋى-
قات ئېلىپ باردىم. ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىش جەر-
يانىدا مەن ئۇيغۇر تىلىنى ئىگەللەپ، يەرلىك خەلق بىلەن بول-
غان مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇردۇم. بۇنىڭ بىلەن شىڭشىسەي-
نىڭ ئىشپىيونلىرى دىققىتىنى ماڭا تىكتى. ئۇلار ئاستىرىتتىن شىڭ
شىسەيگە مېنى خوتەندە ھۆكۈمەت بىلەن تىركىشىپ ئاممىنى يېنىغا
تارتتى دەپ چاققان. شۇڭا، شىڭشىسەي ئىشپىيونلىرىغا مەخپى
پەرمان چۈشۈرۈپ، مېنىڭ ھەر-بىر ھەركىتىمنى قاتتىق نازا-
رەت قىلغان. مېنىڭ ئەھۋالىم ئىنتايىن قىيىن ھالەتكە چۈ-
شۈپ قالغان. دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا مېنى خوتەندىن بورتالاغا يۆت-
كىدى. بورتالاغا يۆتكەشتە ماڭا رەسمىي ماندات بەرمىدى. ئۇلار
ئالدى بىلەن بېرىپ ئىشلەپ تۇر، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئەم-
كانىيەت قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىمىز، دېگەن ئىدى. لېكىن، بورتالاغا
كەلگەندىن كېيىنمۇ رەسمىي ماندات تاپشۇرۇپ ئالمىدىم. دۇەن جېكچى
بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئالدى بىلەن مائارىپ بۆلۈم باشلىقى
بولۇپ ئىشلەپ تۇردۇم ھەم يۇقىرىغا يوللاندى. ئەمما، مەن بو-
رتالادىن كەتكىچە رەسمىي ماندات كەلمىدى. باشقا ۋەزىپىگە تە-
يىنلەنگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ماندات چۈشۈرۈلدى. مەن خو-
تەندە مائارىپ ۋازىرى ۋە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇۋەققەت باش-
لىقى بولغاندا ماندات چۈشۈرۈلگەن ئىدى. لېكىن بورتالادا ئىش-
لىگەن مەزگىلىمدە ئىزچىل تۈردە ماندات چۈشۈرۈلمىدى. مەن پار-

# ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە بورتالادا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىم توغرىسىدا ئەسلىمە

ماۋجياۋ سۇك

مەن 1938 - يىلى يەنئەندىن شىنجاڭغا كەلگەن، ئېسىمدە قېلىشىچە ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋاقتىم 11 - ئايلار ئىدى. قىش ئۆتكەندىن كېيىن، خوتەن ۋىلايىتىگە بېرىپ مائارىپ ۋازىرى بولدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇۋەققەت ئىدارە باشلىقى بولدۇم. 1940- يىلى 4- ئايدا بورتالاغا يۆتكىلىپ باردىم.

ئەينى چاغدا بورتالادا كومپارتىيە ئەزاسىدىن پەقەت دۇەن جېنچى بىلەن ئىككەيلەن بار ئىدۇق. بىز بورتالاغا بېرىشتىن بۇرۇن، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى جياۋۇگاك (شىڭشىسەي ۋاقتىدا ئۇ مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ باشلىقى بولغان ئىدى)نى ئەۋەتكەن ئىكەن. لېكىن، جياۋۇگاك بارماي دۇەن جېنچى بارغان ئىكەن. مەن دۇەن جېنچىدىن كېيىنرەك باردىم. مەن خۇيزۇ بولۇپ، خوتەندە ئىشلىگەن چېغىمدا دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلىقىمنى ئاشكارىلىماي، پات-پات مەسچىتلەرگە بېرىپ تۇرغان ئىدىم. بۇ مەن ئۈچۈن يەرلىك خەلق بىلەن كۆپرەك ئالاقە باغلاش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى. پارتىيە تەشكىلاتىمۇ ماڭا خۇيزۇلۇق سالاھىيەت بىلەن ئاممىغا يېقىنلىشىش ۋەزى-

نىڭ قارىشى تۈزەمدى، تۈزمۇشمۇ؟ ناھايىتى ئاددى-ساددى [illegible]
ئۇلار ئۇلن دېمەي كېتىپ قالدى-دەپ سۆزلەپ بەرگەن[illegible]ى.
نىلىسەم بورتالادا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى: تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلىدۇق.

شۇ يىللىرى شېڭشىسەي تەرەققىيپەرۋەر نىقاپقا ئورۇ[illegible]لغان
بالار بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە[illegible]نىڭ
باردىمى بىلەن تەرەققىيپەرۋەر 6 بۈيۈك سىياسەتنى تۈزۈپ [illegible]چىققان
ىدى. بىز تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشتا «12 - ئاپرېل»، «18 - [illegible]
بر»، «7 - ئىيۇل» خاتىرىلەش يىغىنلىرى قاتارلىق [illegible]
ۈرسەتلەردىن پايدىلاندۇق. ناخشا ئېيتىش يىغىنى، كۆ[illegible]ل ئې[illegible]
چىش كەچلىكى قاتارلىق پائالىيەتلەر ۋە تام گېزىت چ[illegible]ش،
شۇئار-لوزۇنكىلارنى چاپلاش ئارقىلىق ياپۇنغا قارشى [illegible]تەشۋىقات-
لارنى ئېلىپ باردۇق. 6 بۈيۈك سىياسەتنى تەشۋىق قىلدۇق - 6 بۈيۈك
سىياسەتنىڭ مەزمۇنلىرىنى ماركسىزملىق كۆز قاراش بويىچە [illegible]شەن
دۈردۇق. ئاممىغا ۋەزىيەت، ئېقىم مەسىلىلىرى ۋە يېڭى[illegible] [illegible]
پەنى سۆزلەپ بەردۇق. شۇ چاغدا بىر قىسىم ماركس[illegible] لېنىن
لارنىڭ كىتاپلىرىنى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ بەزى ماقالىلىرىنى [illegible]تارقىتىش
رۇخسەت قىلىنمىغان ئىدى. بىز ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى، كە[illegible]ب [illegible]ئوقۇش
يىغىنلىرىنى ئاچتۇق. ئەمەلدە قىلىشچە، ناھىيىدە ئوكو[illegible]ت [illegible]خىزمەت-
چىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ھەر ھەپتىدە [illegible] [illegible]قانچە
كەچ ئۆگىنىش قىلىنغان ئىدۇق. مەن تەربىيىلەش كۇرس[illegible]نىڭ [illegible]سىنىپ
تەربىيىچىسى، دەي شۆچەن سىنىپ باشلىقى بولغان ئىدى.
[illegible] ئۆ[illegible]گىنىشلەر

تىيە تەشكىلاتىغا خەت يېزىپ ئالدىنقى سەپكە بېرىشنى مۇتەلەپ قىلدىم.
پارتىيە تەشكىلاتى تۇرۇپ تۇرۇش توغرىسىدا جاۋاپ قايتۇردى.
شېڭشىسەي ئەمەلىيەتتە مېنىڭ خىزمەت ئەھۋالىمنى تەكشۈرۈۋاتقان
ئىكەن. بورتالاغا كەلگەندىن كېيىنمۇ قاتتىق كۆزىتىش ئاستىدا
بولدۇم. پوچتىخانا خەت - چەكلىرىمنى ساقچى ئىدارىسىغا تەك-
شۈرتكەندىن كېيىن ماڭا بېرەتتى. شۇ يىللاردىكى پوچتا - تېلې-
گىراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۆمەنتاڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ بۇي-
رۇقىغا بىنائەن نازارەتچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئال-
غان ئىكەن. بىز توغرا يول تۇتۇپ، كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى
قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن ھەم ئۇزاق مۇددەت مۇناسىۋەت قىلىش نە-
تىجىسىدە ئۇلار بىزگە بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتتى. شېڭشىسەي
بىزگە قەتئى ئىشەنمەيتتى. بولۇپمۇ گېرمانىيە سوۋېتكە ھۇجۇم قى-
لىپ سوۋېت ئىتتىپاقى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان مەز-
گىلدە، ئۇ ھەر قايسى جايلاردىكى كومپارتىيە ئەزالىرىغا بولغان
كۆزىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر قېتىم ئىل
ۋىلايىتى مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى لى ياۋشۇڭ بىلەن ما
رىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بورتالانى كۆزدىن كەچۈرگىلى كېلى
ناھىيە ھاكىمى دۇنجېڭچى بىلەن مەندىن باشقا ھۆكۈمەتتى
بۆلۈمدىن يۇقىرى دەرىجىلىك بارلىق كادىرلارنى چاقىرىپ س
چەتلەشكەن. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن مۇئاۋىن ھاكىم فۇشىڭشيۇ
ڭا: «ئۇلار ھاكىم بىلەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى، بولۇپمۇ سىزنىڭ
مە قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى سورىدى. خىزمەتنى ناھايىتى ياخشى ئى
دى، باشقا مەسىلىمۇ كۆرۈلمىدى. سىياسىي جەھەتتە ھۆ

ـيىمدە. ئوقۇتقۇچى يېتىشمىسىلا باشلانغۇچ مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئو-
قۇغۇچىلار ئارىسىدىن تاللاپ تەربىيەلىدۇق. كەچلىك ئەپەندىلەر
تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئۇ ياقتىن ئوقۇپ چىقىپلا، بۇ ياقتىن باشـ
ـقىلارنى ئوقۇتتى. مۇشۇ يوللار بىلەن ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەـ
ـسىلىسىنى ھەل قىلدۇق. ئىشتىن سىرتقى مائارىپتا ئاساسەن قىشـ
ـتىكى بوش چاغلاردىن ۋە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلاندۇق.
ئوقۇتقۇچىلار كۈندۈزلىرى بالىلارنى ئوقۇتسا، كەچلىرى ساۋات چىقىرىش
كۇرسىدا چوڭلارغا دەرس بەردى. كۇرسانتلار كەچلىرى ئۆزلىرى
ئېلىپ كەلگەن ئوتۇنلارنى قالاپ، مەشىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ئۆ-
گىنىش قىلدى. ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئاساسەن خەنزۇ ئايال-
لىرىنىڭ ساۋات چىقىرىش كۇرسى بولۇپ، ئېسىمدە قېلىشىچە دۆلەن
جىگچى، دەي شۇچەن ۋە مۇمەنتا گىلارنىڭ خوتۇنلىرى ساۋات چى-
قىرىش كۇرسلىرىدا ئوقۇپ چىقىپ ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپ،
ياپونغا قارشى تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارغان ئىدى. بۇنىڭدىن
باشقا، قىشلىق ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق. قىشلىق
ئۆگىنىشنى ئاساسەن ئۇيغۇر مەدەنىي-ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئېلىپ
باردى. قىشلىق ئۆگىنىشنى ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن بار-
لىق دەرسلەرنى رەسمىي ئوقۇتقۇچىلار تەييارلىدى ھەم ئۇلارنىڭ
ئوقۇتقان سائىتىگە قاراپ قوشۇمچە ھەق بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاكـ
ـتىپچانلىقى قوزغىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن قىشلىق ئۆگىنىش پا-
ئالىيىتى ياخشى قانات يايدۇرۇلدى. مۇنتىزىم مەكتەپ مائارىپى
ھەم ئىشتىن سىرتقى مائارىپمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى.

ئامما ئىچىدە زورتەسىر قوزغىغان ئىدى.

ئىككىنچى: مائارىپ خىزمىتى.

مائارىپ خىزمىتىمىز مۇنتىزىم مەكتەپ مائارىپى ۋە ئىشتىن سىرتقى مائارىپ دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ. مۇنتىزىم مائارىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا شۇچاغلاردا بورتالا ئىلىك مەدەنىيىتى ئىنتايىن قالاق بولۇپ، پەقەت دايىگىپەن، شويەنگىپەن ۋەقىزىلتۇزدا مەكتەپ بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاز ئىدى. بىر قانچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، مەكتەپ مائارىپىنى راۋاجلاندۇردۇق، مەيلى موڭغۇل مەكتىپى بولسۇن ياكى خەنزۇ-ئۇيغۇر مەكتىپى بولسۇن ھەممىسى تەرەققى قىلدى. مەكتەپلەر كېڭەيتىلدى. ئوقۇغۇچى سانى ۋە مەكتەپ سانى كۆپەيدى. ئېسىمدە قېلىشچە، ئۇيغۇر مەدەنىي-ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى لەكتەيدە بىر مەكتەپ ئاچقان ئىكەن. كېيىن بىز بۇ مەكتەپنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپكە ئۆزگەرتىپ، كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتتۇق. قويتاشتىمۇ مەكتەپ ئاشتۇق. بۇجاي چارۋارايون بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرى تارقاق ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى ئاتلىق كۆچۈپ-قونۇپ يۈرۈپ ئوقۇتاتتى. شۇچاغدا بورتالا ئاھالىسى 10 نەچچە مىڭ ئىدى. شۇيىلى ئوقۇغۇچى سانى كۆپىيىپ 1000 نەپەردىن ئاشتى. مۇنتىزىم مەكتەپلەر كۆپىيىپ مائارىپ راۋاجلاندى. لېكىن ئوقۇتقۇچى يېتىشمىدى. بىز بۇ مەسىلىنى بىرسى، ئۆزىمىز تەربىيىلەش يەنە بىرسى، ئىلىدىن يۆتكەش ئارقىلىق ھەل قىلدۇق. ئىلىدىن بىر قانچە تاتار، شىۋە ئوقۇتقۇچىلارنى يۆتكەپ كەلگەنلىكىمىز ھېلىمۇ

لارئويغۇرچە، خەنزۇچە ئويۇنلارنى ئويناپ چىقاتتى. مەيلى ئۇي-
غۇرچە، خەنزۇچە ئويۇنلار بولسۇن ياكى يېڭىچە- كونىچە ئويۇن-
لاربولسۇن، ھەممىسىدە ياپونغا قارشى مەزمۇن بولۇپ، ھەمكۆڭۈل ئې-
چىش ھەم تەربىيىلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇتەشۋىقاتلاردا مىللەت-
لەر باراۋەرلىكىمۇ تەشۋىق قىلىنغان ئىدى. يەنە بىرسى، تامگېزىت
چىقىرىلغان ئىدى. «12-ئاپرېل» ۋەباشقا خاتىرىلەش پائالىيەتلى-
رى مەزگىلىدە، ھەرقايسى مەكتەپلەر سىنىپلار بويىچە تامگېزىت چى-
قىراتتى. ھەرقايسى ئىدارىلارنىڭمۇ ئۆزئالدىغا تام گېزىتلىرى بار
ئىدى. ھەرقايسى مەكتەپلەر مۇنتىزىملىكتىن قوشۇلۇش ئۆيلىرىنى
قۇرۇپ ياڭگىر ئۇسۇللىرىنى ئويناپ چىققان ئىدى. دۇۋەنجېڭچى
توپھەۋەسكارى بولۇپ، ھەركۈنى ئىككى سائەت توپ ئويناتت-
تى. شۇڭابىز ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇ-
سىنىڭ يېنىغا تەنتەربىيە مەيدانى ياسىدۇق. ھەر قايسى مەكتەپ-
لەرمۇ توپمەيدانلارنى ياساپ، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات
يايدۇردى. ھەريىلى «18-سېنتەبىر» نى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى
بىلەن تەنھەرىكەت يىغىنى ئاچتۇق. ساياھەت قىلىش مەدەنىي كۆ-
ڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيىتىنىڭ ياخشى شەكلى بولۇپ،
ئەتىياز ۋەيازلاردا ساياھەتكە تەشكىللىدۇق. ھەر قايسى مەكتەپلەر
ئەتىياز ۋە ياز ئارىلىقىدا ئوقۇغۇچىلارنى
دەرياغا ساياھەتكە ئېپچىقىپ، ھەر خىل ئويۇن- تاماشىلەرگە تەش-
كىللىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئويۇنلار يېڭى مەزمۇنغا ئىگەبولۇپ،
ئوقۇغۇچىلار تەربىيىلەندى. قىسقىسى، شۇ يىللاردا مەدەنىيەت-تەن-
تەربىيە پائالىيەتلىرى ناھايىتى جانلانغان ئىدى. كۆلۈپسېلىنىپ،

## ئۈچىنچى: مەدەنىي پائالىيەتلەر

مەن بورتالاغا بېرىشتىن بۇرۇن دۆەن جېڭچى ناخشا ئۆ-
گەتمىش تام گېزىتلەرنى چىقىرىش پائالىيەتلىرىنى باشلىغانئى -
كەن. مەن بارغاندىن كېيىن بۇ پائالىيەتلەرنى يەنىمۇ كېڭەيتتۇق.
شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن (1956- يىلى بولۇش مۇمكىن)
بىرقېتىم بىربورتالالىقنى يولۇقتۇرۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا: «ئەسىڭىز-
دىمۇ مەن سىزنىڭ ئوقۇغۇچىڭىز» دېدى. مەن: «قانداقچە مېنىڭ ئو -
قۇغۇچىم بولىسىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ئىشەنمىسىڭىز، سىز ئۆگەتكەن
ناخشىدىن بىرنى ئېيتىپ بېرەي» دەپ، «بوزيەر ئېچىش ناخشىسى»
نى ئېيتىۋىدى مەن بىردىنلا ئېسىمگە ئالدىم، چۈنكى، بۇ ناخشىنى
مەن ئۆگەتكەن ئىدىم. خوتەندىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇقتۇم.
ئەينى يىللاردا ياپونغا قارشى ناخشىنى ئۆگىتىش ئومۇملاشقان
ئىدى. درامىلا ئويناشقا يەرلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىمۇ، ئاممىمۇ
قاتنىشىپ كونا ۋەيېڭى درامىلارنى ئويناپ چىققان ئىدى. ئە -
سىمدە قېلىشىچە خەنزۇلار غەربىي شىمالنىڭ مىيفۇ درامىسىنى
ئويناپ چىققان ئىدى. 40 نەچچە ياشلىق بىرئاددىي پۇقرا دائىم
سەھنىگە چىقىپ ياخشى ئويۇن كۆرسەتتى. ئامبالاتورد -
يىنىڭ باشلىقى لىۋىنياۋ ئىنتايىن تېتىك ئادەم بولۇپ، كۈلكە -
لىك ئويۇنلارنى ئويناپ چىقىپ، باشقىلارنى كۈلدۈرەتتى. ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئويۇنى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، سەھنە ئويۇنلىرىنى، ئۇيغۇر-
چە، قازاقچە، موڭغۇلچە، رۇسچە ئۇسسۇللارنى ئويناپ چىقاتتى. ئۇي-
غۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىلەت سېتىپ كىرىم قىلاتتى. ئوقۇغۇچە-

كادىرلىڭ ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولۇشى قىيىن ئىدى. ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىكىگە قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇچىنى بىلىدىغانلار ئىدى. بۇ شەرتنى ھازىرلىمىغانلار ھۆكۈمەتكە كىرىپ خىزمەت ئىشلىيەلمەيتتى. يەرلىك ئازسانلىق مىللەتلەردىن كادىر يېتىشتۈرۈشتە مەدەنى-ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن پايدىلاندۇق. چۈنكى، ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا خەنزۇچىنى بىلىش ھاجەتسىز بولۇپ، ئۆز تىل-يېزىقىنى بىلىسىلا بولاتتى. ئىش ھەققىنى دۆلەت بەرمەي، مەدەنى-ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بېرەتتى. ئۇيۇشمىدىكى خادىملار بىزنىڭ قوماندانلىغىمىزنى قوبۇل قىلىپ ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە ئامما ئۈچۈن خىزمەت ئىشلەيتتى. مەدەنى-ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ رولى ناھايىتى زور بولغان ئىدى.

بەشىنچى: يول ياسالدى، كۆۋرۈك سېلىندى.

ئېغىزغا چىقىدىغان ئىراقى—بورتالادىن ئۆتەيگە بارىدىغان 30 كىلومېتىرچە تاشيولنى ياساپ چىقتۇق. بۇ يول 1939-يىلى باشلىنىپ، 1940-يىلى يازدا پۈتتى. ئەمەلدە قىلىشىچە، تاشيول پۈتتىكەندىن كېيىن ئىلى ۋالىسى لى ياۋ شۈڭ بورتالانى كۆزدىن كۆچۈرۈپ قايتقاندىن كېيىن، يۇقۇرىغا دوكلات يېزىپ بىزنى تەقدىرلەدى ھەم گېزىتتە خەۋەر قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيلىرىنى سېلىپ چىقتۇق، بۇنىڭغا دۆڭ جېڭچى كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيلىرى مەن بورتالادىن ئايرىلىشىمنىڭ ئالدىدا بۇزۇلۇپ قايتا ياسالغان ئىدى.

شىڭ زېبىنىڭ كۆۋرۈك سېلىشى بىر قەدەر چوڭ تەسىر

باغچىلار ياسالدى. كولوب پولتولورولگەندىن كېيىن ھەم ئويۇن قويۇشقا ھەم يىغىن ئېچىشقا ئىشلىتىلدى. ئارام ئېلىش ئۈچۈن كولۇبنىڭ يېنىدا باغچا ياسىلىپ، كۆچەتلەر تىكىلدى.

### تۆتىنچى: مىللىي مەدەنىي-ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدۇق.

شۇ يىللاردا يۇقۇرىنىڭ خىراجىتى بىلەن مائارىپ-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خىراجەتنى ئاساسەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي-ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىغا تايىنىپ ھەل قىلدۇق، بورتالا رايونىدا ئۇيغۇر، موڭغۇل، خەنزۇ، قازاق ئۇيۇشمىلىرى بار بولۇپ، ھەممىسىنىڭ مال-مۈلكى، كېرىمى بار ئىدى. بۇ بىر قانچە ئۇيۇشما مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى خىراجەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، زور كۆچ بىلەن ياردەم بەردى. بىز قانداقچە شۇنچىلىك كۆپ مەكتەپ ئاچالىدۇق؟ ئاساسەن ئامما، موڭغۇل، ئۇيغۇر، خەنزۇ مەدەنىي-ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىگە تايانىدۇق، چۈنكى ئۇلاردا ئىقتىسادبار ئىدى. بۇ ئىقتىساد ھۆشرە-زاكاتتىن، سۇمە-ئىبادەتخانىلارىنىڭ يەر ئىجارىسى، ئوتلاق ئىجارىسىدىن توپلانغان ئىدى. مەدەنىي-ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى كادىرلارنى تەربىيىلەش رولىنىمۇ ئوينىغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا كادىرلارنى يۇقۇرىدىن تەيىنلەپ بېرەتتى، ئۇلار ئارىسىدا مىللىي كادىرلارمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە بولغاچقا خەنزۇچىنى بىلىدىغان

تىكى ھەم چوڭقۇر ھەم كەڭ ئۇرۇش ئاكوپىغا ئوخشايدىغان خەن-
دەكنى قېزىپ چىقتۇق. خەلقنىڭ غەيرىتى ناھايىتى زور بولدى ئوقۇغۇچىلارمۇ
ھەرىكەتلەندۈرۈلدى. ھەممە كىشى چېكەتكە يوقۇتىشتا ئاتلىنىپ كەتكەچ-
كە كوچىلاردىن ئادەم تاپقىلى بولمايتتى. سوۋېت ئايروپىلانلىرى
يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن بىز تۇتۇش، قوغلاش، ئۆلتۈرۈش، كۆ-
مۈش ۋە تور بىلەن تۇتۇش چارىلىرىنى قوللىنىپ نۇرغۇنلىغان
چېكەتكىلەرنى يوقاتتۇق. چېكەتكىلەر قانات چىقارمىغاچقا
ئىككى ئادەم تورنىڭ ئىككى تەرىپىنى تۇتىۋېلىپ، بىر قانچە قېتىم
ئايلىنىش بىلەن تورلىق تۇشاتتى. تۇتۇلغان چېكەتكىنى تارازىغا سېلىپ
خاتىرلەپ، كىم چېكەتكىنى ئەڭ كۆپ يوقاتقان بولسا شۇنى تەغدىرلىدۇق.
ئاممىنىڭ كەيپىياتى ئۈستۈن، غەيرىتى زور بولدى. لېكىن، ساقچى ئىدارىسى
مۇ قۇردىغانا ھەيئە ھاكىمى خىزمەت ئورنىدىن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئاير-
رىلدى دەپ دوكلات قىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇقۇردىن خىزمەت ئورنىدىن ئايرىل-
ماسلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش كەلدى. سۆز تەكەللۇپ بىلەن دېيىل-
گەن بولسىمۇ، بىزنىڭ ئۈگەمىزنى قايناتتى.

يەتتىنچى: سايلام ۋە يەر ئىسلاھاتى
خىزمىتىنى ئېلىپ باردۇق.

ئىلگىرىكى يېزا-چارۋا رايونلاردىكى تۆرىلەر-
نى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، رايون باشلىقى ۋە كەنت باشلىقلىرى-
نى سايلاپ چىقتۇق. ئىلگىرىكى يېزا تۆرىلىكى ئاتا-بوۋىدىن
مىراس قالاتتى. رايون-كەنت باشلىقلىرى تۇراقسىز بولۇپ، نۆ-

قوزغىدى. شىڭ زىمىن خەزىزۇ بولۇپ، دېھقانچىلىق، قول سانا-
ئەت بىلەن شۇغۇللىنىمپارافخانا ئاچقان ئىدى. ئەينى چاغدا
قول سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش تەرەققىيپەرۋەر ئىش ئىدى. ئۇ
ئىشلەتكەن ئۆكۈزى قىرىپ كۈچىدىن قالسىمۇ سويۇشقا قولى بار-
ماي، ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلۈكىنى كۆمۈپ قويىدىغان ئادەم ئىدى.
ئۇ مالايلىرىغىمۇ ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ
كىشىلەر ئارىسىدىكى تەسىرى ياخشى ئىدى. بىزنىڭ تەشەببۇس
قىلىشىمىز بىلەن ئۇ پۇل ئىئانە قىلىپ، بورتالا دەرياسىغا كۆۋرۈك
سالدى. بۇ كۆۋرۈكنىڭ سېلىنىشى ئات ھارۋىلارنىڭ ئەككى سائەتلىك
يولىنى قىسقارتتى. دۆەن جېڭچى ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە
يوللىدى ۋە مۇكاپاتلىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇنى تەرەققىيپەرۋەر زات
قىلىپ بېكىتىش توغرا بولغان.

ئالتىنچى، چېككەتكە يوقۇتۇش.

1941- يىلى بورتالادا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى. دۆەن
جېڭچى سوۋېتنىڭ ئايروپىلان، دورىلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلە-
گە كېتىپ، چېكەتكە يوقۇتۇش ئىشلىرىغا مەن قوماندانلىق قىلى-
دىم. ئاساسەن خەندەك (كەڭلىكى 5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 5-4 مېتىر)
قازدۇق. ئۇ چاغدا بىز سوۋېتنىڭ دورىسى كېلەمدۇ-كەلمەمدۇ نا-
تايىن، خەندەك قېزىپ مۇداپىئە كۆرمىگەندە چېكەتكىلەر يامراپ
كېتىپ، ئېكىنلەرنى يەپ تۈگىتىدۇ، دەپ ئويلاپ خەندەك قازدۇق.
خەندەك قېزىشىمىز ئۈنۈملۈك بولدى. ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ،
بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە بېرىپ، 10 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇق-

نى تاقابىل تۇرۇپ، يەر ئىسلاھاتى ۋە سايلام تۈزۈمىنى يولغ
قويدۇق. يەر ئىسلاھاتى، سايلامنى يولغا قويغان ئۆتكۈنچى مەز
كىلدە بەزى جايلاردا باشلىقلىرى ئۇدا سايلاندى. مۇئاۋىن جاي
باشلىقلىرى نۆۋەتبىلەن سايلاندى. بىز بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنى ۋ
مەدەنى-ئاقارتىش ئۇيۇشما ئەزالىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ ئۇلا
نىڭ ئورۇنغا قويدۇق. مەسىلەن: ئۇيغۇر مەدەنى-ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى باشقىلار تاپشۇرغان گېزىتكە يېزىلىش پۇللىرىنى
خىيانەت قىلغان. بىز ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا بىر
ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىۋىنىڭ مۇدىرىنى قويدۇق. بۇنىڭغا قاب
ھېيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئاۋياڭگاڭ قارشى تۇردى
ئەسلىدە، بۇ خىيانەتچى مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقى ئۇلارنىڭ ئەش
چىيۇنى بولۇپ، بىزگە پايلاقچىلىق قىلىشقا قويۇلغان ئادەم ئى
كەن. ئەمما، يەر ئىسلاھاتى، سايلام ئىشلىرى يۇقىرنىڭ سىيا
سەتى بولغاچقا، ئۇمۇ قاتتىق تۇرالمىدى. بىز تەربىيىلىگەن بۇ كى
شىنى خەلق سايلاپ چىققاچقا ئۇلار ئامالسىز قالدى. خەنزۇ يې
زىسىدىكى شۆن پامىلىلىك كىشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدىغا
ئادەم ئىدى، بىز ئۇنىڭ كەنت باشلىقى بولۇپ سايلىنىشى
كېپىللىك قىلدۇق. رايون، يېزا باشلىقى سايلاش خىزمىتى تەج
رىبە ۋە ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك فېيدىئودالىزمغا قارش
تەدبىر بولىمۇ، ئاممىنىڭ رايىغا ھۆر
مەت قىلىنىپ، بىر قىسىم مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكىلەر سايلاپ چىقىل
دى. بەزى ئاز سانلىق مىللەت زىيالىلىرىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ دەسلەپ
قى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

ۋەت بىلەن باشقۇراتتى. ئېيتىشىدە قىلىشچە، موڭغۇللار 8
سۇمۇل (8 جاڭزا) بولۇپ، زەڭگىلىرىنى ئاتىدىن بالىغا مىراس
قالاتتى. يولداش ماۋزېدوڭ خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نا-
زىرى بولغاندىن كېيىن، يېڭى ئىسلاھاتىنى، سايلام تۈزۈمىنى يولغا
قويدى. بورتالادا رايون-كەنت باشلىقلىرىنى سايلاش خىزمىتى داغدۇغىلىق
قانات يايدۇرۇلدى. ئاتا - بوۋا مىراسى قىلىنىپ كەلگەن موڭ-
غۇللارنىڭ زەڭگىسى، قازاقلارنىڭ مىڭبېگى، يۈز بېگى تۈزۈمىنى تۈ-
ۋەت بىلەن سايلاش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش، ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېي-
قاندا فېئودالىزمغا قارشى بىر مەيدان كۈرەش ئىدى. موڭغۇل مە-
دەنىي-ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سىمىڭگە دېگەن
كىشىنىڭ كېلىپ چىقىشى كەمبەغەل ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇ-
ۋاتقان چېغىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئىدى.
موڭغۇللار ئىچىدە مەلۇماتى يۇقىرى بولغان بىلەن ئائىلىسى نام-
رات، سىياسى ئورنى تۆۋەن ئىدى. ئۇ ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن بىز ئۇنى مەدەنىي-ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش-
لىقى قىلىپ ئۆستۈردۇق. موڭغۇل مەدەنىي-ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا
بۇ كادىرنى تەربىيىلەپ، كەنت باشلىقى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان-
دىن كېيىن بىز ئۇنى رايوننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ ئۆستۈر-
دۇق. شۇ چاغدا بۇ ئىش بايلار ۋە ئاق سۆڭەكلەرگە ئۇشتۇمتۇت
تۇيۇلدى. چۈنكى، ئۇلارچە بۇنداق ۋەزىپىنى ئاتقۇرۇش ئاقسۆڭەك-
لەرگە مۇناسىپ ئىدى. سايلامدىن كېيىن رايون باشلىقى لامجىل
(ئاقسۆڭەك) تەپتارتماستىن: «سىلەر مۇشۇنداق ئادەمنى مەن بىلەن
تەڭ ئورۇنغا قويدۇڭلار» دەپ رەنجىگەن. بىز بۇ بېسىملارغا قەتئ-

كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇلار ۋاكسىنا قويۇپ، كېسەللەرنى داۋالاپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئونىنچى: ئاشلىق زاكىتوپ قىلىپ قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئالدۇق.

ئاشلىق زاكىتوپ قىلىپ قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتى دېگەن بىر ئاممىۋى تەشكىلاتنى قۇردۇق. ھەريىلى ئاشلىق بىجەدىن بىرقىسمىنى ئاجرىتىپ زاكىتوپ قىلدۇق ھەم بايلارنى ئاشلىق ئامانە قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈردۇق. ئەسىمدە قېلىشىچە، مەن كەتكەندە ئاشلىق زاكىتوپ قىلىپ، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىغا خېلى كۆپ ئاشلىق يىغىلغان ئىدى.

ئون بىرىنچى: ئامانە توپلاش، قەرز ۋاراق سېتىۋېلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق.

يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش ئىشلىرى ئامانە توپلاش يولى بىلەن پۈتتۈرۈلگەن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش بويىچە ئىككى قېتىملىق ئامانە توپلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردۇق. ھەر ئىككى قېتىمدا خېلى ئامانە توپلاندى. قەرز ۋاراق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىمۇ بورتالا ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. بۇ قەرز ۋاراقلىرىنى ئاساسەن بايلار سېتىۋالدى. بىز لەۋھە بېرىش، تەقدىرنامە بېرىش، مۇكاپات بۇيۇملىرىنى بېرىش يوللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى پۇل چىقىرىشقا ئىلھاملاندۇردۇق. سىياسىي جەھەتتە يامان غەرەزدە بولمىسىلا ئۇلارنى مەدەنىي-ئاقار-

سەككىزىنچى: ئىشلەپچىقىرىشتا يېڭى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى ۋە سورتلۇق ئۇرۇقلارنى كېڭەيتىش.

ئەينى يىللاردا ئىلىدە بىر دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق كولخوزى بولۇپ، بورتالادا شۆبىسى بار ئىدى. دەسلەپتە دېھقانچىلىق پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى دەپ ئاتالدى. كېيىن ئىلى ۋىلايىتى دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق كولخوزىنىڭ بورتالا شۆبىسى دەپ ئاتالدى. بۇ شۆبە مەيدان چارۋا ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، يېڭى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى كېڭەيتىش، نەسىللىك كالا، ئات، قويلارنى، ئوكرائىن كۈزگى بۇغداي سورتلىرىنى كىرگۈزۈش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى. بەزىدە سوۋېتلىك مۇتەخەسسىسلەر بورتالاغا كېلىپ بىزگە يېتەكچىلىك قىلاتتى، بىز بىلەن ئالاقىلىشىپ، يېڭىچە سايمان، سورتلۇق ئۇرۇق ۋە نەسىللىك چارۋىلارنى كېڭەيتەتتى.

توققۇزىنچى: داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى.

بورتالانىڭ داۋالاش ئىشلىرى بىز بارغاندىن كېيىن تەرەققىي قىلدى. دەسلەپتە بىر ئامبۇلاتورىيە بولۇپ، لى ۋېنياۋ دېگەن (شەرقىي-شىماللىق) سوۋېتتىن كەلگەن بىر كىشى باشلىق بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ھاكىم دۇەن جېڭچى ئامبۇلاتورىيەگە قوشۇمچە مەسئۇل بولدى. ئەي يۇشاڭ دېگەن بىر مۇھاجىر دوختۇر كېلىپ، چارۋا رايونلىرىغا بېرىپ داۋالاش بىلەن شۇغۇللاندى. چارۋا رايونىغا چۆكۈپ كېسەل داۋالاش تارىختا بولۇپ باقمىغان يېڭى ئىش ئىدى. شۇ يىللاردا تاناسىل، چېچەك، قىزىل، كېزىك كېسەللىرى چارۋا رايونىدا

ئۇلار ئىختىيار بولمىغانىكەن، تۇغما ئەۋلىيا ئەمەس. شۇڭا،
تەڭرى ئۇلارنى راۋا كۆرمەيدۇ دېگەن گەپ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى
ئىختىيار بولغاندىلا ئاندىن ئەۋلىيا بولالايدۇ. شۇڭا ناھىيەلىكمۇ-
كومىتېتىمىز كىچىك لامالارنى قامىمايدۇ، دېدۇق. بىز ئۇلارنىڭ خۇراپىي
سۆزلىرى بىلەن خۇراپىي ھەرىكەتلىرىگە زەربە بەردۇق. شۇڭا ئۇلار
ئۈن-تىنىشىنى چىقىرالمىدى. بەزى يەرلىك ئۇيغۇر ئاياللىرىدا يۈ
زىگە چۈمبەل تارتىۋېلىش ئادەتلىرى بار ئىدى. تەشۋىق ئېلىپ بې-
رىش نەتىجىسىدە ئەمگەكچى ئاياللار چۈمبەلنى چۆرۈپ تاشلاپ،
بۇ ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتتى. يەنە مەسىلەن: ئۇيغۇر، قازاق مەدەنى-ئا-
قارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئۆشرە - زاكاتلارنى ئۇيغۇر، قازاق
ئۇيۇشمىلىرىنىڭ خىراجىتى قىلدى. خەنزۇ، موڭغۇل مەدەنى-ئاقار-
تىش ئۇيۇشمىلىرى سومە، ئىبادەتخانىلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى موڭ-
غۇل، خەنزۇ ئۇيۇشمىلىرىنىڭ خىراجىتى قىلدى. مۇشۇنداق قىلىش
ئارقىلىق ھەممە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى راۋاجلان -
دۇرۇلدى ھەمدە دىنىنىڭ بېسىمى ئاجىزلاشتۇرۇلدى.

ئون توتىنچى: يەنە ئەڭ مۇھىم بىر ئىش، بىز پاك-
دىيانەتلىك بولدۇق.

بىز كوممۇنىستلار ھەممىلا يەرگە يېڭى ئەستىلنى ئېلىپ
باردۇق. بىرىنچىدىن، خىيانەت قىلمىدۇق. ئىككىنچىدىن، قاقتى -
سوقتى قىلمىدۇق. ئۈچىنچىدىن، ئاممىنى بوزەك قىلماي، ئۈزۈل-
كېسىل پاك-دىيانەتلىك بولۇپ، جان دىلىمىز بىلەن خەلق ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇق. كونا ئەستىللارنى ئۆزگەرتىپ، ماركسىزم-لېنىنىزم -

تەش ئۆيۈشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سودا بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى، ئاشلىق زاكىتۈپ قىلىپ، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق پەخرى ۋەزىپىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى كۆپرەك پۇل چىقىرىشقا ئىلھاملاندۇردۇق. ئەمما توپلاش ۋەقەرز ۋاراق سېتىۋېلىشتا بورتالانىڭ نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى.

ئون ئىككىنچىسى: ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىدۇق.

ئەمگەككە تەشكىللەپ، بوزيەر ئېچىپ يەر تېرىدۇق. شۇيىللاردا بوزيەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تېرىشقا چامى يەتسىلا ھوسۇل ئالغىلى بولاتتى. بۇ بورتالا ئارخىپىدا خاتىرىلەنگەن.

ئون ئۈچىنچى: كونا ئۆرپ- ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشتە بىرمۇنچىلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق.

ئۇچاغدا كىشىلەر مەجبۇرى ئاساسىدا لاما بولاتتى. لامادىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە بىر ئائىلىدە ئىككى ئوغۇل بولسا، بىرسى لاما بولۇش شەرت ئىدى. بەزى كىچىك لامالار لامابولۇشنى خالىمىسا قېرى لامالار ئۇلارنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئەكىلىپ قامىتىپ لاما بولۇشقا زورلايتتى. بىز ئۇلارنىڭ مەجبۇرلىشىغا يول قويمىدۇق. بىرقېتىم ئۇلار بىر كىچىك لامانى تۇتۇپ كېلىپ بىزگە تاپشۇرغان ئىدى. بىز ئۇنى قويۇپ بەردۇق. يۇقىرى تەبىقىدىكى دىندارلار بۇنىڭغا نارازى بولدى. بىز ئۇلارغا: لامانى توغما ئەۋلىيا دەيسىلەر شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تەبىئى ھالدا ئىختىيار بولۇشى كېرەك.

كۆرمىگەن دەپ كايىغان ئىدى.

شۇچاغلاردا بىرتالادا بىزباجنى باشقۇرمىغان ئىدۇق. باجنى جىڭ-بورتالا باج ئىدارىسى باشقۇراتتى. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيت-قاندا بىزبورتالادا ئىشلىگەن بىرقانچە يىلدا ھېچنىمىگە خىيا-نەت قىلمىدۇق.

(لى شۇچۈەن، ياڭ جىڭپىڭلار ئۇنئالغۇغا ئاساسەن رەتلەپ چىقتى)

زىلىق مەيدان، كۆزقاراش بويىچە ئىش كۆرۈپ يېڭى كەيپىيات يا-
راتتۇق. يامان ئىش قىلماي، خىيانەت قىلماي، ئامىمىنى بىزدىك
قىلماي ھەم ئەمەلدارلىق كەيپىرى كۆرسەتمەي ئامما بىلەن قويۇق مۇ-
ناسىۋەت ئورنىتىپ، خەلق ئىچىدە كومپارتىيىنىڭ ئىناۋىتىنى تۇر-
غۇزدۇق. ئىلگىرىكى ھاكىملار ئەدلىيە خىزمىتىنى قوشۇمچە باش-
قۇرۇپ باي بولغان ئىكەن. بىز خىيانەتچىلىككە قەتئىي قارشى تۇر-
دۇق، شۇڭا تۈرمە گۇندىپايلىرىمۇ بىزگە نارازى بولدى. چۈنكى،
ئۇلار ئىلگىرى ئەپبەرسە گۇناھكارلارنىڭ يېرىم كېچىدە تۈرمىدىن
كېتىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قايتىپ كېلىشىگە يول قويىدىكەن. بىز
خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئۇنداق ئىش-
لارنى قىلىشقا پېتىنالمىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئىئانە توپلىغاندا مەن بىر ئايلىق ئىش
ھەققىمنى ئىئانە قىلدىم. باشقىلار 10% ياكى 5%نى ئىئانە قىل-
دى. دوئەن جېڭچى: نېمانچە كۆپ ئىئانە قىلىسەن، دەپ كايىغان-
دەك قىلدى. ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ چىقسام، ئىئانە قىلغىنىمې-
نىڭكىدىن ئاز بولۇپ قالسا ئۆزىگە سەت بولۇشىدىن ئەندىشە قىل-
غان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا: ھەركىمنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ، مەن
ئائىلەم بىلەن مۇناسىۋىتىمنى ئۈزگەن يالغۇز بىر كىشى. سىزنىڭ
ئۆيلۈك بار. ئەھۋالىمىز ئوخشاش ئەمەس، دېدىم. بىر قېتىم مالىيە
ئىشلىرىگە مەسئۇل بىيالىيەنچى دېگەن كىشى: ئېلىشقا تېگىشلىك
پۇلۇڭلارنىمۇ نېمىشقا ئالمايسىلەن، مەن بۇرۇنقىچە ھاكىملارنىڭ قول
ئاستىدا ئىشلىگەن، لېكىن سىلەردەك ھاكىم، بولۇم باشلىقلىرىنى

تىن ئىبارەت ئۈچىنى قىلماسلىقى بەلگىلەنگەن بولۇپ، پەۋقۇلاددە بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان ئىدى. مۇشۇنداق پەۋقۇلاددە تارىخىي شارائىتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى دۇەن شىمۇ① 1939-يىلى 5-ئايدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئىلى مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بورتالا ناھىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت خىز-مىتىگە ئەۋەتىلىپ، ئىلگىرى-ئاخىرى بورتالا ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، مۇۋەققەت ھاكىمى، ھاكىمى ۋە ھۆكۈمەت كېڭەشى ھەيئىتى-نىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بورتالادا ئۈچ يىل ئۈچ ئاي ئىشلەپ، 1942-يىلى 9-ئايدا بورتالادىن يۆتكەلگەن. ماجىياۋسۇڭ② 1940-يىلى 4-ئايدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن بورتالاغا ئەۋەتىلىپ، بورتالا ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىككى يىل ئىشلەپ، 1942-يىلى 5-ئايدا بورتالادىن يۆتكەلگەن. ئۇلار بورتالادا ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە پارتىيىنىڭ يولىيورۇقى-بويىچە ئىش كۆرۈپ، بورتالادىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تەشۋىق قىلىپ بېرىپ ۋە ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپونغا قارشى ئۇ-رۇشقا ياردەم بېرىش، سوۋېت خەلقىنىڭ فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە ھەرىكەتلەندۇرۇش، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، جامائەت ئىشلىرىنى گۈللەندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئارىلىقتا ئۇزۇن يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ كوممۇنىستلار-نىڭ ھەممە ئىشتا ئۈلگە بولۇپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتماي، جان-دىلى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك روھىنى كىشىلەر يەنىلا ئەسىدە مەھكەم ساقلىغان. تۆۋەندە دۇەن

# ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە دۇن شىمۇ ۋەماجياۋسۇلا قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ بورتالا ناھىيەسىدە ئېلىپ بارغان بىر قىسىم پائالىيەتلىرى

لى شۇچۇن

ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، مىللەتارىس شېڭ شىسەي
شىنجاڭدا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تەرەققىي-
پەرۋەر نىقابىغا ئورىلىۋېلىپ، شىنجاڭدا «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش،
سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر بىردەك باراۋەر
بولۇش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىق، يېڭى شىنجاڭنى قۇرۇش»
تىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويدى. ياپونغا قار-
شى كەڭ مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى
ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەرنى راۋاجلاش-
تۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىمىز شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىكسەپ مۇناسى-
ۋىتى ئورناتقان ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن 1937-
يىلدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىر قىسىم كوممۇنىست-
لارنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي ئۇلارنى شىنجاڭنىڭ ھەر
قايسى جايلىرىغا خىزمەتكە ئەۋەتتى. شىنجاڭغا كەلگەن كوممۇنىست-
لارنىڭ كومپارتىيە ئەزالىق سالاھىتىنى ئاشكارىلىماسلىق، ماركسىزم-
لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلماسلىق، پارتىيە تەشكىلاتىنى كېڭەيتمەسلىك-

جانلىق ۋە تەسىرلىك ئەدەبىيات-سەنئەت نومۇرلىرىنى ئويناپچىقـ
تى. سەنئەت نومۇرلىرىدا ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزمۇنلىرى
سىڭدۈرۈلۈپ، ھەم بورتالادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي
تۇرمۇشى جانلاندۇرۇلدى ھەم ياپونغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ
بېرىلدى.

قويۇلغان ئويۇنلار ئىچىدە 1940-يىلى باھار بايرىمى كۆ-
كۆل ئىچىش يىغىنىدا مۇئاۋىن ھاكىم دۇەن شىۋ رېژىسسورلۇق
قىلغان، مەكتەپ ۋە ئامبولاتورىيە بىرلىشىپ ئويناپ چىققان«يۇرت-
تىمىزغا زەپەر بىلەن قايتايلى» دېگەن دراما ھە دېگەندە تولۇق
مۇۋاپپەقىيەت قازانغان ئويۇن بولدى. ئويۇن ئاممىا ئىچىدە نا-
ھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن بورتالادا بىر تۈركۈم
ئەدەبىيات-سەنئەت ھەۋەسكارلىرى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن: سابىق
ئامبولاتورىيىنىڭ باشلىقى ۋېنياۋ ئويناپ چىققان كۈلكۈلۈك
ئويۇنلار تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ئىلگىرى
ئاياللار كونا ئەنئەنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئويۇندىن چىقماي-
تى. ھاكىم دۇەن جېگچى ۋە مائارىپ بۆلۈم باشلىقى ماجياۋسۇڭلار-
نىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن، بورتالادا ئاياللار ساۋاتچىقىرىش
مەكتىپىدىن بىر قانچىسى ئېچىلدى. ئاياللار ساۋات چىقىرىش
مەكتىپىدىكى ئاياللار دادىللىق بىلەن سەھنىگە چىقىپ ئويۇن قو-
يۇپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى تەشۋىق قىلدى. «قېيىندى ئانامنىڭ
بۇرۇلىشى» دېگەن دراما ئۇلار ئويناپ چىققان بىر قەدەر ياخشى
دراما بولۇپ، بۇ بورتالا ئاياللىرىنىڭسەھنىگە چىقىپ ئوينىغان
بىرىنچى دراممىسى ئىدى. شۇ يىللاردا تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ

شېڭ، ماجياڭسۇڭلارنىڭ بۇرتالادىكى بىر قىسىم پائالىيەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتىمىز.

## ياپونغا قارشى تەشۋىقاتنى كۆپ خىل شەكىلدە كەڭ قانات يايدۇرۇغان

دۇبەن شېڭ 1939-يىلى 5-ئايدا بورتالاغا مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ كەلگەندە، بۇ جاي ئاھالىسى شالاڭ (نوپۇسى 10 مىڭدىن ئاشمايتتى) مىللەت تەركىبى مۇرەككەپ (11 مىللەت بار ئىدى)، مەدەنىيەتتە قالاق، خىلۋەت كۆچمەن چارۋىچىلىق رايون بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى يەرلىك مۆتىۋەرلىرى، بايلار ۋە پومېشچىكلارنىڭ زورلۇقى ئاس-تىدا مەدەنىيەتسىزلىك، جاھالەتچىلىك، قالاقلىق ۋە نامراتچىلىق ئىچىدە ياشاپ كەلگەن ئىدى. ھەممە يەرنى غۇربەتچىلىك باس-قان ئىدى. دۇبەن شېڭ بورتالاغا كېلىش بىلەن ھەر خىل يىغىن ۋە ھېيت-بايرام تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى تەشۋىق قىلدى. ئۇ كېيىن كېلىپ مائارىپ بولۇمىنىڭ باشلىقى بولغان ماجياڭسۇڭ بىلەن بىرلىكتە «7-ئىيۇل»، «1-ئاۋ-غۇست»، «18-سېنتەبىر»، «10-ئۆكتەبىر» قاتارلىق بايرام پائالى-يەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىۋى چوڭ يىغىنلارنى ئېچىپ، ياپون-غا قارشى ئۇرۇش تەشۋىقاتىنى ئېلىپ باردى. مەكتەپلەردىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ياپونغا قارشى ناخشىلارنى ئۆگەتتى. ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ،

قىرىپ، بىرلىكتە جەڭمەيدانىغا ئاتلىنايلى» دېگەن تۇلجى يا-
پونغا قارشى ناخشىنى ئەستىن چىقارمىغان. بۇناخشا خەلقنى ئوي-
غىتىپ، ياپونغا قارشى ئارقاسەپنى مۇستەھكەملەشتە ئەجايىپ رول
ئوينىغان ئىدى.

ياپونغا قارشى تەشۋىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاممى-
نىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، دۇۋەنشېمۇ، ما-
جياۋسۇڭلار كەچلىك ۋاقىت ۋە دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدىن
پايدىلىنىپ، «ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ كۇرسى»، «ھۆكۈمەت خىز-
مەتچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش تەتقىقات كۇرژۇكى»، ۋە «موڭغۇل، قازاق،
ئاقساقاللارنى تەربىيىلەش كۇرسى» قاتارلىق كۇرسلارنى كۆپ قې-
تىم ئېچىپ، ھەرمىللەت ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە يۇرت ئاقسا-
قاللىرىغا ئالتە بۈيۈك سىياسەت ۋە ياپونغا قارشى ئۇرۇش تەر-
بىيىسىنى ئېلىپ باردى. شۇيىللاردىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆ-
لۈم باشلىقى بەيلىيەنچى موڭغۇل مەدەنىي- ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى-
نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سىنگەلەر ھېلىمۇ شۇيىللاردىكى ئۆگىنىش
ئەھۋاللىرىنى ئەسلەپ بېرەلەيدۇ. ھەرقېتىملىق تەربىيىلەش، ئۆگە-
نىش كۇرسلىرىدا دۇۋەنشېمۇ، ماجياۋسۇڭلار بەۋاسىتە دەرس سۆز-
لەپ، دوكلات بېرىپ، لېكتورلۇق قىلاتتى. تەشۋىق-تەربىيە ئارقىلىق
ھەرمىللەت خەلقنى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ياپونغا قارشى ئۇرۇش-
قا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشىغا يار-
دەم بېرىشكە ھەرىكەتلەندۈرگەن ئىدى. ئۇلار ھەر قايسى مىللەتلەر
ئىچىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى
پۇل، قورال چىقىرىشقا، ئىئانە توپلاپ، دۆلەت ۋە جامائەت ئۈچۈن

باشلىقى مۇمەنتاكىنىڭ ياش ئايالى ۋە دۈەنشىمۇنىڭ ئايالى جاڭ يۈلەنلەرمۇ سەھنىگە چىقىپ ئويۇن قويغان ئىدى. ئۇلارنىڭ سەھنىگە چىقىپ ئويۇن قويۇشى ئازسانلىق مىللەت ئاياللىرىغىمۇ چوڭ ئىلھام بېرىپ، نۇرغۇنلىغان ئاياللار چۈمبەللىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئاياللار ساۋات چىقىرىش كۇرسىغا قاتنىشىپ، ساۋاتچىقىرىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇش ۋەدۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش داۋلىلىرىنى ئۆگەندى. بورتالادىكى بىرقانچە مەكتەپلەردە ناخشا- ئۇسسۇل ئانسامبىلى، ئوپېرا ئۆمىكى تەشكىللەندى. تامگېزىتلەر قەرەرلىك چىقىرىلدى. ھەرخىل شەكىلدىكى مەدەنىيەت - تەشۋىقات پاۋالىيەتلىرى ئارقىلىق بورتالادىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ياپونغا قارشى تۇرۇشقا ياردەم بېرىش ھەققىدە تەشۋىق ئېلىپ بېرىلدى. چەت ياقا، قالاق بورتالا ياپىلىقىدىكى كىشىلەر يېڭى زامان مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ تەربىيەلىشىگە تۇنجى قېتىم ئىگە بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بورتالانىڭ ئىلگىرىكى روھسىز قىياپىتى بىردىنلا ئۆزگەرتىلىپ، ھەممە يەردە ياپونغا قارشى ناخشا سادالىرى ياڭرىدى. ھەرمىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزمىللىتىنىڭ تىلى بىلەن «قىلىچ مارشى»، «يۇرتىمىزغا زەپەر بىلەن قايتايلى»، «پارتىزانلار ناخشىسى» قاتارلىق ياپونغا قارشى ناخشىلارنى ياڭراتتى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر خەنزۇچە سۆزلىيەلمىسىمۇ شۇيىللاردا خەنزۇچە ئۆگىتىلگەن «داداۋرىبېن دىگوجۇي» (يوقالسۇن ياپون جاھانگىرلىرى) دېگەن شوئارنى كۆپ يىللاردىن كېيىنمۇ ئەستىن چىقارمىغان. نۇرغۇن ياشانغان كىشىلەر ئەينى يىللاردا مۇئاۋىن ھاكىم دۈەن شېمۇ ئۆگەتكەن «پۇلى بارلا پۇل چىقىرىپ، مىلتىقى بارلار مىلتىق چى-

يېڭىدىكى بىربوش يەرنى تۈزلەپ، بورتالا تارىخىدىكى تۇنـجى
تەنتەربىيە مەيدانىنى لايىھەلەپ قۇرۇپ چىقتى. مەيدان ئىچىگە
ئاددى بولسىمۇ ۋاللېبول، ئىگىزگە يىراققا سەكـرەش ئەسلىھەلىـ
رىنى ئورناتتى. يۈگۈرۈش يولى سىزىپ چىقتى. ئـۇ ئۆزى دائىم
توپ ئويناتتى ھەمناھىيىدىكى ئىدارە جەمئىيەتلەرنى مۇسابىقىغە
ئۈيۈشتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئۇھەرقايسى مەكتەپلەرنى
ھەرىكەتلەندۇرۇپ، مەكتەپلەردە تەنتەربىيە مەيدانلىرىنى ياساتقۇزـ
دى (قازاق باشلانغۇچ بۇنىڭ سىرتىدا)، ھەرمىلـلەت باشلانغۇچ
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە پـائال قاتنىـ
شىشقا ھەرىكەتلەندۈردى. تەنتەربىيە ئىشلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلانـ
دۇرۇش مەقسىتىدە 1939- يىلى «18-سېنتەبىر» نى خاتىرىلەش مۇـ
ناسىۋىتى بىلەن ھاكىم دۇەن شېڭمۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بورتالا تا
رىخىدىكى بىرىنچى نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئېچىلدى. تەنـ
ھەرىكەت يىغىنى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، ھەر قايسى جاڭزىلاردىكى
چوڭلار بىرقەدەر تولۇق تەييارلىق كۆردى. ھەرمىللەت تەنھەرـ
كەتچىلىرى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىنى تۆتكۆزى بىلەن
كۈتۈپ ھازىرلىق كۆردى. تەنھەرىكەت يىغىنى باشلانغان كۈنى
ئـەتراپتىكى يېزا قىشلاقلاردىن دېھقان - چارۋىچىلار ھارۋىلارغا ئولـ
تۇرۇپ، ئاتلارغا مىنىپ رەڭگارەڭ يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، تا -
رىختا بولۇپ باقمىغان بۇتەنھەرىكەت يىغىنىغا كەلدى. بەزىلەر
ئۆزقەبىلە، ئۆزجاڭزىسىدىن مۇسابىقىغا قاتنىشىدىغان ئىسپورتچىلىرىـ
غا مەدەت بەرگىلى، بەزىلەر بالىلىرىنىڭ كارامىتىنى كۆرگىلى، بەزىـ
لەر تاماشا كۆرگىلى تەرەپ‌تەرەپتىن بەس-بەستە يىغىلىپ، ئادەم

پايدىلىق ئىش قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرگەن ئىدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشتۇرغان «قىشلىق كىيىم تەقدىم قىلىش»قا ئوخشاش بىرقانچە قېتىملىق ياپونغا قارشى تۇرۇش چوڭ ئىئانە توپلاش ھەرىكەتلىرىگە بورتالادىكى ھەرساھە، ھەر مىللەت خەلقى پائال قاتنىشىپ، سېخىيلىق بىلەن خېلى كۆپ نەق پۇل، ئاشلىق، ئات، كالا، قويلارنى ئىئانە قىلغان ئىدى. گېرمانىيە-سوۋېت ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن بورتالا خەلقى دۇۋەن شېڭ، ماجياۋسۇڭلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە قىزىل ئارمىيەدىن ھال سوراش كومىتېتىنى قۇرۇپ چىقتى. كومىتېت باشلىقلىقىنى دۇەن شېڭ بىۋاسىتە ئۈستىگە ئېلىپ، ھەرمىللەت خەلقىنى پۇل ئىئانە قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشقا ياردەم بەردى. بىرقېتىمدىلا 10953·6 كۈمۈش تەڭگە، ئۈچ دانە يامبۇ ③ ئىئانە قىلىنغان. يەنەبىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى بورتالاغا كېلىپ ئات سېتىۋالغاندا، قانچىلىك ئاتقا كۆزى چۈشكەن بولسا شۇنچىسىنى سېتىپ بەرگەن. ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاتلىرى تاللانغان تەقدىردىمۇ ئايانماي سېتىپ بەرگەن. بورتالا خەلقى بۇنى سوۋېت خەلقىنىڭ فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇشقا ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن قىلغان ياردىمىمىز دەپ قارىغان.

## بورتالا تارىخىدىكى ئالدىنقى 3 نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى

دۇەن شېڭ تەنتەربىيە ھەۋەسكارى بولۇپ، ئۇ بورتالاغا كەلگەندىن كېيىن گۇناھكارلارنى تەشكىللەپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ

ۋانلىرى بولۇپ، كىمنىڭ يېڭىپ چىقىشىغا ھەممە كىشى ئىنت
كۆڭۈل بۆلەتتى. موڭغۇل، ئۇيغۇرلار ئۆزئالدىغا چېلىشىش ك
دىسى تەشكىللىگەن ئىدى. ھەرقايسى گۇرۇپپىلار، گۇرۇپپىلار
چەمۇسابىقىلىشىپ ھەرقايسى مىللەتتىن بىرىنچىلەرنى تا
چىققاندىن كېيىن ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتۇردى .
غۇللار قەبىلىلەر بويىچە مۇسابىقىلىشىپ، ئاخىرى بورجا دې
پالۋاننى تاللاپ چىقتى. ئۇيغۇر پالۋانلىرىنىڭ كەسكىن
لىشىشىدا ئىسمائىل دېگەن پالۋان تاللىنىپ چىقتى. بۇئىككى
ۋاننىڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى بۇقېتىمقى تەنھەرىك
يىغىنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولدى. جىددىي ھەم قىزغىن ك
ۋىيات ئىچىدە ئەتراپىدىكى ھەرمىللەت ئاممىسى ئۆزپالۋىنىنىڭ چ
مىيون بولۇپ، مىللىتى ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرۈشىگە ئۈ
باغلاپ، ھاياجاندىن ئۆزلىرىنى باسالماي «غەيرەت قىل، بورج
«غەيرەت قىل ئىسمائىل» دەپ ئۇنىڭ بېرىچە توۋلاشاتتى. مەيدان ھە
ساداسى بىلەن زىلزىلىگە كېلىپ، خۇددى تۈمەن كىشىلىك قوشۇن ج
قىلىۋاتقان مەيدانغا ئوخشاش قايناپ كەتتى. موڭغۇل، ئۇيغۇرلارنى
ھەۋەسكارلىرى ۋە تاماشىبىنلار پالۋانلارنىڭ كەسكىن ئېلىشى
ئەگىشىپ قىزىپ كېتىشتى. موڭغۇل پالۋىنى بورجا ئۇيغۇر پالۋى
ئىسمائىلنى يېقىتىپ، مۇسابىقىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈ
بىلەن، ئىككى مىللەتنىڭ ھەۋەسكارلىرى ۋە تاماشىبىنلار ئوتت
رىسىدا ئالا-توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. يەڭگەن تەرەپتىكى ئا
ما خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي سەكرىشىپ تەنتەنە قىلدى
يېڭىلگەن تەرەپتىكى ئاممىا: ناھەقچىلىق بولدى، دەپ، نارازى بو

سانى بەردىنلا نەچچە مىڭ كىشىگە يەتتى. يىغىن باشلانغاندا ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ھەرمىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، رەڭگارەڭ بايراقلارنى كۆتىرىپ، رەتلىك تىزىلىپ، جارائلىق شوئارلارنى توۋلاپ، ياپونغا قارشى ناخشىلارنى ياڭرىتىپ، جۇشقۇن - مەردانە ھالدا يىغىن مەيدانىغا كىرىپ تەنھەرىكەت يىغىنىغا ھۆسن قوشتى.

مۇسابىقە يۈگۈرۈش، ئىگىزگە، يىراققا سەكرەش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. يەرلىك كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان چېلىلىش مۇسابىقىسىمۇ ئېلىپ بېرىلدى. مۇسابىقە شارائىتى ناچار بۇيرۇق بېرىش تاپانچىسى بولمىغاشقا دۇمباق چېلىپ بۇيرۇق بېرىلگەن بولسىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ كەيپىيات روھلۇق بولدى. چېلىش مۇسابىقىسى ھەممىدىن بەك قىزىپ كەتتى. يېزا-قىشلاقلاردىن كەلگەن ھەرمىللەت پالۋانلار بىرىنچى قېتىم چوڭ سورۇندا بەسلەشتى. بۇقېتىمقى مۇسابىقىدا يەنە مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى: چېلىشىش بورتالادىكى ھەرمىللەت خەلقى ياخشى كۆرىدىغان . پائا م ئالىيەت بولۇپ، بۇ پائالىيەتكە ھەشەمەتلىك سورۇننىڭمۇ كېرىكى يوق. يۇمشاق يەرياكى چىملىق بولسىلا بۇ پائالىيەتنى ئېچىلىپ بارغىلى بولاتتى. شۇڭا يېزا-قىشلاقلاردا ئەمگەك ئارىلىقىدا ۋە بوش ۋاقىتلاردا ياشلار ۋە پالۋانلار يىغىلىپ ئويۇن چاخچاق بىلەن چېلىشىشنى باشلىۋېتەتتى. چېلىشتا ئۇتۇپ چىققانلارنى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ «پالۋىنى» دەپ بىلەتتى. ياش قىزلار بۇلارنى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتى. بۇقېتىمقى مۇسابىقىغا قاتناشقانلار، ھەرقايسى يېزا-قىشلاقلاردىن كەلگەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پال-

ئۇ، ھەر مىللەت خەلقىگە 6 بۈيۈك سىياسەتنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەشۋىق قىلدى. كۆپچىلىككە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى چاقىردىق قىلدى. كۆپچىلىك دۈشمەننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قايىل بولدى، كەيپىياتمۇ ياخشىلاندى. تەنھەركەت يىغىنى ئوڭۇشلۇق داۋاملىشىپ، مۇۋاپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى. ④

شۇ قېتىمقى تەنھەركەت يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ ئەسلىھەلىرىنى يەنىمۇ تولۇقلاپ، ۋاسكىتبول مەيدانى ياسىدى، تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ دەرۋازىسى، راشاتكىلار ياپ-يېشىل سىر بىلەن سىرلاندى. تەنتەربىيە مەيدانى راۋۇس شەكىللەندى. بورتالادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ھەۋىسى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىق تەنتەربىيە پائالىيىتى قانات يېيىپ كەتتى.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھەر يىلى «18 - سېنتەبىر»دە ناھىيە بويىچە تەنھەركەت يىغىنى چاقىرىپ، ئارقا سەپتىكى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئەزمەتلەرنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. 1940-يىلى «18-سېنتەبىر»دە بورتالادا تەنھەركەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپلا قالماي، مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ماجىداۋ سۇڭ بورتالا ناھىيىسىنىڭ ئىسپورتچىلار كوماندىسىنى باشلاپ تۇنجى قېتىم ئىلى ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن 4-نۆۋەتلىك تەنھەركەت يىغىنىغا قاتناشتى. 1941-يىلى «18-سېنتەبىر»دە ئۆتكۈزۈلگەن بورتالا ناھىيىسىنىڭ 3-نۆۋەتلىك تەنھەركەت يىغىنى ئالدىنقى ئىككى نۆۋەتتىكىدىن كۆلىمى چوڭ ھەم تېخىمۇ داغ-دۇغىلىق بولدى. تەنھەركەت يىغىنىغا قاتناشقان ھەر مىللەت تەنھەركەت

دى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ گەپ تالىشىپ كەتتى. موڭغۇللارنىڭ رايون باشلىقى ئامجىل بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ رايون باشلىقى ئۇلۇقمۇ گەپ تالىشىپ قالدى. ئاخىرى تەرەققىي قىلىپ ئىككى مىللەت كىشىلىرى بىر-بىرىگە ئالمىيشىپ مۇش تەڭلەشتى.

ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا زور كۆلەملىك ماجرا پەيدا بولۇش، قاش بىلەن كىرپىك ئارلىقىدا قالدى. مۇشۇنداق جىددى پەيتتە، مۇئاۋىن هاكىم دوەن شىمۇ كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، مۇسابىقىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باشلىقلىرىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئاپىرىپ يىغىن ئېچىپ مۇنداق دېدى: «بىز ھەممىمىز جۇڭگولۇق، ھەممىمىز ئىتتىپاقلىشىمىز كېرەك. شىنجاڭدىكى 14 مىللەت قېرىنداشىمىز، ئۆز-ئارا ئۇرۇشىشىمىز توغرا ئەمەس، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز شەرقىي-شىمال ئۈچ ئۆلكىنى بېسىۋالغان ياپون جاھانگىرلىرى.» ئۇ ھەر مىللەت باشلىقلىرىغا تەمكىن بولۇپ ئۆزىنى بېسىۋېلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆچەيتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. ئىككىنچى كۈنى، مۇئاۋىن هاكىم دوەنشىمۇ تەنتەربىيەت يىغىنىغا قاتناشقان ھەر مىللەت ئاممىسىنى يىغىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى مەخسەت بەدەننى چېنىقتۇرۇپ، تەن ساغلاملىقنى ئاشۇرۇش، ئورۇش ئارقا سېپىدىكى جاھانگىرلىككە قارشى ئەزمەتلەرنى بىر قېتىم كۆرەكتەن ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت. مۇسابىقىدە يېڭىش - يېڭىلىش نورمال ئىش، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن مىللىي ماجرا چىقىرىش توغرا ئەمەس.»

ـغەر چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى. ئاپەت كۆرۈلگەن ھامان مىزە-
ـەققەت ھاكىم دۇەن شىمۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە قاراشلىق ئىدارە-
جەمئىيەتلەر، ھەر قايسى مەكتەپلەر ۋە يېزا - قىشلاقلاردىكى خەلق
ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، زور كۆلەملىك چېكەتكە يوقىتىش ھەرىكىتى-
ـنى قوزغىدى. ئىلگىرىدىن ئەۋەتىلگەن 2 نەپەر سوۋېتلىك مۇتەخەسسىس ئەھۋالنى
تەكشۈرۈپ، بۇ خىل چېكەتكە ئىنتايىن تېز كۆپەيدىغان قىزىلقۇ-
تۇشلۇق چېكەتكە، ئۆز ۋاقتىدا يوقىتىلمىغاندا، چېكەتكىلەر تېز-
دىن يامراپ كېتىپ، زىرائەتلەر ۋە ئوت چۆپلەرنى پۈتۈنلەي ناب-
بۇت قىلىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقاردى. ھاكىم دۇەن شىمۇ بۇ جىددى-
دى ئەھۋالنى دەرھال تېلېگرامما ئارقىلىق ئۆلكىلىك دۇ بەن مەھ-
كىمىسىگە مەلۇم قىلدى، ئۆلكىلىك دۇ بەن مەھكىمىسى موسكۋا بى-
لەن ئالاقىلىشىپ، سوۋېتنىڭ ئايروپىلان ئەۋەتىپ، چېكەتكە يو-
قۇتۇشقا ياردەملىشىشىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ ئايروپىلانى قاچان كېلىدىغانلىقى نامەلۇم ئىدى. شۇڭا ھا-
كىم دۇەن شىمۇ، بۆلۈم باشلىقى ماجياۋ سۇڭلار بورتالا خەلقىنى
تەشكىللەپ، كۆپچىلىكنى خەندەك قېزىشقا، تور بىلەن چې-
كەتكە تۇتۇشقا ۋە تۇتۇلغان چېكەتكىلەرنى كۆمۈشكە ھەرىكەتلەن-
دۈردى. ئىش سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، كۆپچىلىكنى
مۇسابىقىگە تەشكىللەپ تۇتقان چېكەتكىلەرنى خالتىغا سېلىپ،
ھەر بىر كىشىنىڭ تۇتقان چېكەتكىلىرىنى جىڭلاپ، كۆپ تۇتقان-
لارنى نەق مەيداندا تەقدىرلىدى. شۇ مەزگىلدە، بورتالادىكى چوڭ-
كىچىك، ياش-قېرى، خوتۇن-قىزلارنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتلىنىپ
چېكەتكە يوقۇتۇشقا ئاتلىنىپ كەتكەچكە، كوچىلاردا ئادەم كۆرۈن-

ماھىرلىرى 200 دىن ئاشتى. تەشكىللەش جەھەتتە ئوقۇغۇچىلار-نى يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن گۇرۇپپىلارغا ئايرىغاندىن سىرت، ئۆسمۈر قىز-ئوغۇللار گۇرۇپپىلىرى ۋە چوڭلار گۇرۇپپىلىرى ئالاھىدە تەشكىللىنىپ، قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆلىمى ۋە دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيتىلدى. ئىلگىرىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە چوڭلار بىلەنلا چەكلىنىدىغان ۋەزىيەت ئۆزگەرتىلىپ، كىچىك باللار، ئايالLAR، شەھەر ئاھالىلىرى، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسىگە قاتنىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى يىغىنغا رەڭگارەڭ لەۋھە ۋە مۇكاپات بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلدى. ئالاھىدە تولسكە ئەنكە بۇ قېتىمقى يىغىن ئەستىن چىقمايدۇ. ھەممە كىشى خوشال-خۇراملىق بىلەن 1942-يىلى «18-سېنتەبىر» دە ئۆتكۈزۈلىدىغان 4-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان پەيتتە، شېڭ شىسەي كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئوچۇق-ئاشكارە قارشى تۇرۇپ، ناھىيە ھاكىمى دۇەن شېمۇنى ئۆلكىگە يۆتكەپ باشقا ئىشقا قويىمىز دېگەن باھانا بىلەن يۆتكەپ كەتتى. ھەم بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇندىن كېيىن، بورتالا ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنى ئۈزۈلۈپ قالدى.

## بورتالا تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئايروپىلان بىلەن چېكەتكە يوقىتىش

1941-يىلى ياز، بورتالا، ئارشاڭ ۋە جىڭ رايونلىرىدا

بۇ قېتىمقى چېكەتكە يوقۇتۇش جېڭىگە دۆەنشېڭ ۋە ماجياۋ
-ۋڭلار ئاممىنى تەشكىللەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلانغان بول-
-سىمۇ، شىڭ شىسەي ئىشپىيونلىرىنىڭ چېقىمچىلىق قىلىشىدىن خالى
بولالمىدى. ھاكىم دۆەن شېڭ ئايروپىلان ۋە دورا ئۇقۇشقىلى ئە-
-لىگە بىر ھەپتە كەتكەن مەزگىلدە، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى
ئۆلكىگە دوكلات يوللاپ، ھاكىم ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ خىزمەت
ئورنىدىن ئايرىلدى، دەپ چاققان، شۇڭا كېيىن، ئۆلكىدىن، چې-
كەتكە يوقۇتۇش خىزمىتىگە مەسئۇل كىشىلەر ۋە تېخنىكلار چې-
كەتكە يوقۇتۇلمىغىچە خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلماسلىق ھەققىدە
تېلېگراما كەلگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە ھاكىمغا قارىتىلغان ئىدى. لې-
كىن دۆەن شېڭنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. پۈتۈن كۈچى
بىلەن چېكەتكە يوقۇتۇش خىزمىتىگە ئاتلىنىپ، ئاممىنى يېتەك-
لەپ، چېكەتكە يوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئو-
رۇندىدى.

## جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى

دۆەن شېڭ ،ماجياۋ سۇڭلار بورتالادا تۇرغان مەزگىلدە،
ھەر مىللەت خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بورتالانى تەرەققى
قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپلەپ ئەمەلىي ئىش قىلىپ، بورتالا خەلقىگە
بەخت ياراتتى. بىر قىسىم تەسىرى چوڭ بولغان جامائەت پارا-
ۋانلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى.

1. ئامبار سېلىپ، ئاشلىق زاكىتوپ قىلىپ، قەھەتچىلىكنىڭ
ئالدىنى ئالدى.

1939-يىلى 5-ئايدا دۆەن شېڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ بور-

ھەيتى. كېيىن، موسكۋا بورتالاغا ئايروپىلان ئەۋەتىشنى بەلگىلە-
دى، ھاكىم دۇەن شىمۇ ئىلىگە ئايروپىلان ۋە دورىلارنى يۆتكەش-
كە كەتتى. ماجياۋسۇڭ قاتارلىق كىشىلەر خەلقنى تەشكىللەپ، چېكەتكە
يوقۇتۇش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. دۇەن شىمۇ بىر ھەپتە ئۆت-
كەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ بورتالا بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدە
قېزىلغان ئۇزۇنلىقى 10 نەچچە كىلومېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر،
چوڭقۇرلىقى 4-5 مېتىر كېلىدىغان خەندەكنى كۆرۈپ، ھەيران بول-
غان ھالدا ماجياۋسۇڭغا: «ياھ، بىر قانچە كۈندە مۇشۇنچىۋالا
چوڭ خەندەك قېزىپسىلەن» دەپ ئاپرىن ئوقۇغان. بۇ خەندەك قا-
نات چىقارمىغان چېكەتكىلەر يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش ئۈچۈن قېزىلغان ئىدى. (شۇ چاغلاردا قېزىلغان خەندەكلەر
نىڭ ئىزىنى ھېلىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ) كېيىن ئىلىدىن زور
تۈركۈمدىكى دورىلار يۆتكەپ كېلىندى. ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارى-
تىنىڭ نازىرى لى فۇلىن يېتىپ كېلىپ، چېكەتكە يوقۇتۇش خىز-
مىتىگە قوماندانلىق قىلدى. دۇەن شىمۇ، ماجياۋسۇڭلار ئاممىنى
ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ قونۇپ ئۇچۇشى ئۈچۈن
ئاددىي ئايروپىلان ئىستانسىسى ياسىدى. ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى
ۋە ئاممىنى تەشكىللەپ، دورا چاچىدىغان رايونلارغا بېرىپ باي-
راق قادىدى. ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئاق ئۈن، ماي، گۆشلەر-
نى توشۇپ كېلىپ، لۇتچىكلەرنى مېھمان قىلدى. بىر ئايدىن ئار-
تۇق جاپالىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق، چېكەتكە يوقۇتۇلۇپ، ئەتو-
لاق ۋەزىيەتلەر قوغداپ قېلىندى، چېكەتكە ئاپىتىنىڭ زىيىنى ئازاي-
تىلدى.

ئاسانلىق يارتىلىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدى. كۆلە چاغان، كۆكشار قاتارلىق كەنتلەردىكى سۆگۆل، شارا، نەدمەت قاتارلىق كىشىلەر ئەينى يىللاردا ئاشلىق زاكتوپ قىلىپ، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كوممۇنىسىنىڭ ئامبىرىدىن ئۇرۇقلۇق بوغداي ئالغان ئىدى.

2. بورتالادىن ئۈتەيگە بارىدىغان تاشيول ياسالدى.

دۈەن شېمۇ بورتالاغا كەلگەندە ئۈرۈمچى ئىلى تاشيولىدىن بورتالاغا تۇتىشىدىغان تاشيول يوق ئىدى. شۇ يىلى گارنىزون باش قوماندانى لى ياۋشۇڭ گېنېرال بورتالانى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە كەلگەندە بورتالاغا كىرىدىغان يول تاپالمىغان ئىكەن. بۇ ئۆز ۋاقتىدىكى بورتالا قاتنىشىنىڭ بېكىنمە ھالەتتە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا دۈەن شېمۇ سابىق ھاكىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بورتالا خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بورتالادىن ئۈرۈمچى-ئىلى تاشيولىغا تۇتىشىدىغان تاشيولنى ياساشنى قارار قىلدى. دۈەن شېمۇ ھۆكۈمەتتىن پۇل سورىماي، پۇلى بار كىشىلەرنى ياردەم قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈردى. كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە ئەمگەككە قاتنىشىپ، ئۆزى بىۋاستە دۈربۈن بىلەن ئۆلچەپ تانا تارتتى. بۇ يولنى ياساش 1939-يىلى قىشتا باشلىنىپ، 1940-يىلى يازدا پۈتتۈرۈلدى. ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، كەڭلىكى 2 جاڭ بولغان بۇ تاشيولغا تاش شېغىل ياتقۇزۇلدى. لى ياۋشۇڭ بورتالانى ئىككىنچى قېتىم كۆزدىن كۆچۈرگەندە ئالاھىدە تەقدىرلىدى.

تالانغا كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئاشلىق زاكىتوپ قىلىپ، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتىنى قۇرۇپ چىقتى. ھەر مىللەت خەلقىگە كەڭ تەشۋىق ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، كۆپچىلىك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق زاكىتوپ قىلىپ، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشتى. 1939-يىلى 7-ئايدا ھەر مىللەت خەلقى 2 مىڭ جىڭ دادەن ⑤ ئاشلىق، 4 مىليون 200 مىڭ سەر ئۆلكىلىك قەغەز كۆمۈچ تەڭگە (تەخمىنەن 1050 يۈەن كۆمۈچ تەڭگىگە توغرا كېلىدۇ) ئىئانە قىلدى ھەم 5 ئېغىزلىق ئاشلىق ئامبىرىنى سالدى. 1940-يىلى يەنە ئۈچ ئېغىزلىق ئامبار سېلىپ، ئاشلىق زاكىتوپىنى 3 مىڭ جىڭ دادەنگە يەتكۈزدى. 1942-يىلى 3500 جىڭ دادەنگە يەتكۈزدى. بۇ ئاشلىقلارنى ئاساسەن بايلار ئىئانە قىلدى. ئەينى چاغدا 100 دادەن بۇغداي ئىئانە قىلغانلارغا ⑥ ھۆكۈمەت قىزىل گۈل تاقاپ، شەرەپ تاختىسى تەقدىم قىلاتتى. خەلق داقالدۇمباق بىلەن شەرەپ تاختىسىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرەتتى. شۇ يىللاردا شىلىڭ زىبەن، ھاشىمباي، نەچچە مانبايلار 100 دادەندىن بۇغداي ئىئانە قىلغاچقا، ھۆكۈمەت ئۇلارغا قىزىل گۈل تاقاپ، شەرەپ تاختىسى تەقدىم قىلغان ئىدى. ھەر يىلى ئەتىيازدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتىنىڭ ئامبىرىدىكى زاكىتوپ قىلىنغان ئاشلىقلارنى دېھقانلارغا ئۇرۇق ئۈچۈن ئۆسۈمسىز قەرزىگە بېرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم قىلاتتى. كۈزدە دېھقانلار شۇ سانى بويىچە قايتۇرۇپ بېرەتتى. نەتىجىدە نامرات دېھقانلارغا

قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلدى. قۇرۇلۇشنى لاھىيىلەش
ئىشلىرىگە ئىلمىدىن تەجرىبىلىك بىر ئۆزبەك ئىنژېنېر تەكلىپ قىلى-
لىندى. ئالدىنقى قېتىملىق ساۋات قوبۇل قىلىنىپ، كۇلۇبنىڭ ئۆب-
كىزىسىگە 1941-يىلى يازدا چېكەتكە يوقۇتۇش دورىلىرىنى قاچى-
لاپ كەلگەن توگىلار تىزلەپ قاقالتىر قىلىپ يېيىتىلىپ ئۆت-
كىزىنىڭ ئىغىرلىقى ئازايتىلدى. 1941-يىلى كۆزدە سەھنىسى، كىنو
قويۇش ئۆيى بار 800-900 ئادەم سىغىدىغان كۇلۇب ئاخىرى
پۈتتۈرۈلدى. 1942- يىلى دۈەن شىمۇ ھەر مىللەت زاتلىرىنى
ھەرىكەتلەندۈرۈپ 5 مىڭ نەچچە يۈەن كۈمۈش تەڭگە توپلاپ،
كۇلۇبقا 100 دانە چوڭ ئورۇندۇق، 40 دانە يۆلەنچۈكلىك ئورۇن-
دۇق، 12 دانە ئۇزۇن جوزا سېتىۋېلىپ، كۇلۇب ئىچىدىكى ئەس-
لىھەلەرنى يۇرۇشلەشتۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يىغىن ۋە ئە-
دەبىيات-سەنئەت ئويۇنلىرى كۇلۇبتا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ بۇرتالادا
ئەڭ چوڭ ئەدەبىيات-سەنئەت، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى بولۇپ
قالدى.

دۈەن شىمۇ، ماجياۋسۇڭلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن،
شۇ يىللاردا بورتالادا خەلق قوزغىلىپ جامائەت پاراۋانلىق ئەش-
لىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ياخشى كەيپىيات شەكىللەندى.
شىڭ زىبىن، ھاشىمبايىنىڭ كۆۋرۈك سالدۇرۇشى ۋە كامبۇلامانىڭ
ئۆستەڭ چاپتۇرۇشى بۇلار ئىچىدىكى بىر قەدەر چوڭ تەسىر كۆر-
سەتكەن 3 ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شىڭ زىبىن بورتالادىكى دېھقانچىلىق ۋە سودا-سانائەت
ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان تەرەققىيپەرۋەر زات ئىدى. ئۇ دۈەن

### 3. خەلق كۇلۇبى سېلىندى.

1939-يىلىنىڭ باشلىرى، دۇبەن شېڭ بورتالاغا كېلىشتىن بۇرۇن بورتالادىكى ھەر مىللەت چوڭلىرىنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن، خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە، بورتالا بازىرىدا بىر خەلق كۇلۇبى سالماقچى بولۇپ ئۇيغۇر، موڭغۇل قازاق خەنزۇ تاتارلىق 4 مىللەت خەلقى جەمئىي 30 مىليون سەر ئۆلكىلىك قەغەز تەڭگە كۆمۈش پۇلى ئىئانە توپلىغان ئىكەن(تەخمىنەن 7500 يۈەن كۆمۈش تەڭگە). بۇ كۇلۇب قۇرۇلۇشىنى ئۇلۇقبايىنىڭ كېپىللىكى بىلەن ئىمىن پەرەڭ دېگەن بىر ئۇيغۇر ياغاچچى ئۇستا ھۆددىگە ئېلىپ، 5-ئايدا توختام تۈزۈپ ئىش باشلىغان ئىكەن. لاھىيىلەش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئىلمىي بولمىغاچقا، 10-ئايدا قۇرۇلۇش پۈتۈش ئالدىدا بىر قېتىملىق قاتتىق يامغۇردا ئۆرۈلۈپ كېتىپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىن باشقا 2مىڭ يۈەن كۆمۈش تەڭگىدىن ئارتۇق پۇل زىيان بولۇپ كەتتى. مۇۋەققەت ھاكىم دۇبەن شېڭ ھەر مىللەت خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ قۇرۇلۇشنى داۋاملاشتۇردى. خىراجەتنىڭ يەتمىگەن قىسمىغا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىئانە توپلىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقى بىلەن سودىگەر مۇھەممەتـھاجى قاتارلىق 25 كىشى 7425 يۈەن كۆمۈش تەڭگە ئىئانە قىلىشىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولدى.⑦ قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھاشىمباي مەسئۇللىقىدىكى كۇلۇب قۇرۇلۇش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ،

-ۋلاتىنى بىر ھەسسە ئاشۇردى. ئۇنىڭ بۇ خەلق ئۈچۈن بەخىت يارىتقان ئىش-ئىزلىرى ئۈلگىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. ⑩

## ھەقىقەت يولىنى تۇتقان پاك ئەمەلدار

شۇ يىللىرى بورتالانىڭ مىللەت تەركىۋى مۇرەككەپ، مەدە-نىيىتى قالاق، ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەر خىل ئىدى. شۇڭا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يەر-مۈلۈك، قەرز، نىكاھ ماجىرالىرى ۋە ئالاقىدار دېلولار پات-پات يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇرۇن داۋادا يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن، ھەر ئىككى تەرەپ ھەدەپ يامبا، پۇل سوۋغات قىلىپ، پارە-ۋېرگەنلىكتىن، شۇنىڭ بىلەن ھاكىم ۋە ئىش بېجىرگۈچىلەر باي-بولۇپ كېتەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ دېلولارنى ئادىل بىرتەرەپ قىلماي-تى. لېكىن، دوەن شىمۇ ھاكىم بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشلارنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، پارىنى رەت قىلىپ، دېلولارنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلدى. ئىشى بار پۇقرالارنى بىۋاستە ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ دەرت-ئەھۋالى-نى ئېيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بەزى چاغلاردا سىرتتىن دېلو ئۇچرىسا، شۇ جايدا تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىپ، پۇقرا-لارنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە مۇيەسسەر بولدى.

شۇ يىللىرى دوەنشىمۇ ھۆكۈم چىقارغان مۇنداق بىرقانچە دېلو ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئىچىدە تا بۈگۈنگىچە سۆزلىنىپ كەلمەكتە:

بىرىنچى، تويلۇق بىلەن كۆز بويامچىلىق قىلىپ، نى-كاھ سودىسى قىلىش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى.

شىمۇ ۋە ماجياۋسۇلارنىڭ ئاممىنى يېتەكلەپ كۆپلەپ يېڭىلىشىنى ئىش قىلىۋالغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، 1940-يىلى تىرىشىپ- تىرمىشىپ يىغقان قورۇلۇش ماتېرىياللىرىنى سېتىپ قىلىپ، ئىش ھەققىنى ئۆزى چىقىرىپ، تەخمىنەن 3 مىڭ يۈەن كۈمۈش تەڭگە خەجلەپ، بورتالا دەرياسىغا ئۇزۇنلىقى 5 چاقىرىم، كەڭلىكى 2 چاڭ 5-3 تون- نا ئېغىرلىقتىكى يۈكنى كۆتىرەلەيدىغان بىر چوڭ كۆۋرۈك سالدۇردى. بىخەتەر بۇ كۆۋرۈك ھارۋىلارنىڭ 2 سائەتتىن ئارتۇق ئايلىنىپ ماڭىدىغان يولىنى قىسقارتتى . دۇەن شىمۇ شىڭ زىبىننىڭ خەلق ئۈچۈن بەخت ياراتقان بۇ مەردانە ئىش ئىزىزىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇنى مۇكاپاتلىدى. ⑧ ھاشىمباينىڭ ئانىسى مەريەم ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى بىر كۆۋرۈك سېلىشنى ۋەسىيەت قىلغان ئىكەن. 1941-يىلى ھاشىمباي ئۆزى پۇل چىقىرىپ، بورتالا دەرياسىغا ئۇ- زۇنلۇقى بەش چاقىرىم، كەڭلىكى ئىككى چاڭ 5-3 توننا يۈك كۆتە- رەلەيدىغان بىر چوڭ كۆۋرۈك سالدۇرۇپ، ئانىسىنىڭ ئارزۇ- سىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ناھىيە ھاكىمى دۇەن شىمۇ بۇنىمۇ ئۆل- كىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇنىمۇ مۇكا- پاتلىدى. ⑨

1942-يىلى 1-ئايدا كۆلچاغان كەنتىدىكى كامبۇلاما كەنتىگە كىرەلمىگەن سۇ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يېڭىدىن مەبلەغ چىقىرىپ ئۆستەڭ چاپقۇزۇپ، بورتالا دەرياسىدىن سۇ باشلاپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، كەنتنىڭ دېھقانچىلىق مەھ-

ئالدىدا تۇرغان ئەرنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە ئەلچىنىڭ زورلىشى بىلەن ماقۇل بولغان ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ئەمەس، بەلكى 50 دىن ئاشقان قېرى چال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قىلىپ، ئۈمىدى-سىزلىك ۋە نەپرەت ئىچىدە پەريات ئۇرۇپ ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ بېشىنى تاشقا ئۇرىدۇ. بەختىگە يارىشا باشقىلار دەرھال ئۇنى كىرىپ كېلىپ تۇتىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ قىز جىنىدىن تويۇپ، نەچچە قېتىم ئۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇنغان. بۇ قىز ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق كۈنگە قالغان. ناھەقچىلىقنى كۆرۈپ چىداپ تۇ-رالمىغان خەلق بۇ ئىش ئۈستىدە يۇقىرىغا ئەرزى قىلىدۇ. بۇ ئەرزى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرى-لىدۇ. ھاكىم دۇەن شېمۇ ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى ئىگەل-لەپ، بۇ ئىش بىرىنچىدىن: ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسات قىلىش پەر-مانىغا خىلاپ، ئىككىنچىدىن: بۇ سېپى ئۆزىدىن بولغان تويلۇق بىلەن كۆز بوياپ، ئىنسانى ئەركىنلىكىنى ئاياق ئاستى قىلغان نىكاھ سودىسى دېلوسى، قاتتىق جازالىمىغاندا، بۇنداق دېلولار يەنىمۇ كۆپلەپ سادىر بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراپ، بۇ دېلونى ئەستايى-دىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. ھاكىم دۇەن شېمۇ بايىلىقا قىزدىقىپ، ئالدامچى ئەلچى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جان-جىگەر قىزىنى دوزاققا ئىتتىرگەن چىڭگىمغوزا يۇقىراسى ماۋشىڭچۇننى قاتتى-تىق ئەيىپلىدى. ئۆز-ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ئايالارغا زىيانكەش-لىك قىلغان ئالدامچى ئەلچى ساۋلىيەن، ۋاڭكېيىگىلار يېۋالغان تەشەككۇر پۇلنى پۈتۈنلەي مۇسادىر قىلىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئېغىر

1940-يىلىنىڭ باشلىرى، يېشى 52 دىن ئاشقان دەي فەنتىنىڭ دېگەن سەنتەيدە تۇرۇشلۇق بىر سودىگەر، ساۋلىيەن، ۋاڭ كېيىڭ دېگەن ئىككى كىشىنىڭ ۋاستىسى بىلەن يېشىنى كىچىكلەتىپ، قورغاس ناھىيەسى چىگىسغوزىدىكى ماۋشىڭچۈننىڭ 18 ياشلىق قىزى بىلەن بىلەن توي قىلىدۇ. تويدىن بۇرۇن، ساۋلەيەن، ۋاڭ كېيىڭلار قىز تەرەپكە دەي فەنتىڭنىڭ يېشىنى 44 ياش دەپ يالغاندىن مەلۇم قىلىپ، تۇرلۇك ۋاستىلارنى قوللىنىپ، قىز تەرەپنى توي قىلىشقا كۆندۈرگەن. ئەرتەرەپكە قىزنىڭ يېشى 22 دەپ يالغاندىن مەلۇم قىلىپ، بىرسىنىڭ يېشىنى كىچىكلىتىپ، بىرسىنىڭ يېشىنى چوڭايتىپ، ئىككىسىنىڭ يېشىنى قوشۇپ نىكاھلاندۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق ئارىدىن پۇل-مال ئېلىشقا ئىنتىلگەن. بۇ ئىككى ئەلچى دەي فەنتىڭنى ماۋ ئائىلىسىگە 500 يۈەن تويلۇق، 500 يۈەن كىيىم-كېچەك پۇلى، 300 يۈەن سوغاتلىق بولۇپ جەمئىي 1300 يۈەن بېردىشكە كۆندۈرگەن. دەي فەنتىڭ 200 قوينى 17 يۈەندىن سېتىپ، 3000 يۈەن پۇل قىلىپ، ئەلچى ساۋلىيەنگە 200 يۈەن، ئەلچى ۋاڭ كېيىڭگە 100 يۈەن تەشەككۈر پۇلى بەرگەن. بۇ پۇللارنى تويلۇققا بەرگەندىن سىرت، ھەممىسىنى تويدا خەجلەپ تۈگەتكەن. توي قىلغاندا سەنتەيدىكى سۇجەجاڭ يالغۇز كېلىپ بورتالادىن نىكاھ قەغەزىنى ئېلىپ، نىكاھ تەكشۈرۈش كىراپىسىگە تويلۇقنىڭ كونكىرت سانىنىمۇ يازمىغان، ئەرنىڭ يېشىنى 44 ياش، قىزنىڭ يېشىنى 22 ياش قىلىپ يېزىپ قويغان. نەتىجىدە ئۇلار نىكاھلىنىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ ھوجرىسىغا كىرىپ، ئۇستى بېشىدىكى قىزىل يوپۇقنى ئالغاندىن كېيىن، 18 ياشلىق قىز كۆز

قامچا بىلەن قاتتىق ساۋايدۇ. ئەت ئىگىسى بىلەن كۈچلۈك دې-
گەندەك، شۈجىشەن بىلەن بىرلىكتە كەلگەن گۇڭتۇ لىيۇشىنشەن
خېنى قاتتىق دومبالاپ، قاتتىق ئايغى بىلەن
بىقىنىغا ئىككى قېتىم قاتتىق تېپىپ، مىدىرلىماس
ھالەتكە يەتكىچە ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، پېشىنى قېقىپ كې-
تىپ قالىدۇ. شۈجىشەن باشقىلارنىڭ ئۇلارنى ئايرىپ قويۇشىغا
يول قويمايدۇ. ئەتراپتا بۇنى كۆرۈپ تۇرغان خەلق غەزەپلىنىش-
مۇ كەپ قىلالماي ئىچ-ئىچىدىن نەپرەتلىنىدۇ. شۇنداق
تۇرۇقلۇق، خېمۇجاڭنى ساقچى ئىدارىسى بىر كېچە قامايدۇ.
ئەتىسى ئۇلار خېنىڭ ئاغرىقىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ، ئامبۇلاتو-
رىيىنىڭ مۇدىرى لىۋېنياۋنى چاقىرىپ كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە ئىچ-
كى ئەزاسىنىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقى ۋە داۋالاشنىڭ ئۈنۈم بەر-
مەيدىغانلىقى ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ھاكىم دۇەنشىمۇ بۇ ئەھۋالنى ئۇ-
قۇپ، ئادەم ئەۋەتىپ تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ئىلى ئالتۇن كان
ئىدارىسىگە ئالاقە ئەۋەتىپ، قاتىل شۈجىشەن، لىيۇشىنشەنلەرنى
قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلغان. ھاكىم دۇەنشىمۇ بۇ كۈچكە
تايىنىپ ئادەم بوزەك ئېتىشتەك قەبىھ قىلمىشتىن ئىنتايىن
نەپرەتلىنىپ، ئىلى ئالتۇن كان ئىدارىسىگە ئەۋەتكەن
ئالاقىسىدە ھەققانى ۋە ئاچچىق سۆز بىلەن: «خېمۇجاڭ
ئاردىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى دېگەن سۆزلەر
شۈجىشەن ئويدۇرۇپ چىقارغان قۇرۇق سۆز بولۇپ، شۈجىشەن
مۇدىر بىلەن لىيۇشىنشەن گۇڭتۇ ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولۇشتەك
ھوقۇق كۈچىدىن پايدىلىنىپ، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ خېمۇجاڭغا

جېرىمانا قويدى. بۇ دىلو بىر تەرەپ قىلىنىش ئارقىلىق كونا جەمئىيەتتە ئەڭ تۆۋەن قاتلامدا ياشاۋاتقان ئاياللارنىڭ پاجىئەسىگە كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارى ۋە ھەسداشلىقى قوزغىتىلدى. «پۇلى بارلار شەيتاننىمۇ مەدىكارلىققا سالىدىغان» كونا جەمئىيەتتە كىشىلەر ھەققانىيەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلىمىدى. (11)

ئىككىنچى ئىش، ئىلى ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ بورتالادا تۇرۇشلۇق ئالتۇن قېزىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى شۇجىشەن كۈچىگە تايىنىپ باشقىلارنى ئۇرۇپ دۇمبالىغان ئەنزىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

ئىلى ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ بورتالادا تۇرۇشلۇق ئالتۇن قېزىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى شۇجىشەن بىلەن بورتالادىكى ئالتۇن قازغۇچى، جۇڭگو مۇھاجىرى خېمۇجاڭ ئىلگىرى كېپ تالىشىپ قىلىپ، ئارىدا ئاداۋەت چۈشكەن ئىكەن. 1940 - يىلى 6 - ئايدا شۇجىشەن كۈچىگە تايىنىپ خېمۇجاڭغا «ئالتۇن قازغۇچىلار ئارىسىدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئالتۇن قېزىش خىزمىتىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىپلا قالماي، ھۆكۈمەتنىڭ كان بايلىقىنى ئېچىش پەرمانىغا خىلاپلىق قىلدى. يامان سۆزلەر بىلەن ھۆكۈمەتنى قارىلاپ، مۇدىرنى ھاقارەتلىدى» دېگەن جىنايى بەتنامىنى چاپلاپ خېمۇجاڭنى بىرقانچە كۈن قاماتقان. كېيىن خېمۇجاڭ ئاغرىق سەۋەبى بىلەن داۋالىنىش ئۈچۈن كېپىللىك بىلەن تۈرمىدىن چىقىپ، بىر كۈنى ۋاڭ كۆي دېگەن كىشىنىڭ مەيخانىسىدا ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ قالىدۇ. شۇجىشەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، خېمۇجاڭنى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ ئالدىغا چاقىرىپ كېلىپ، يەرگە يېقىتىپ

قىلىنسۇن ھەم ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن تەنقىت بېرىلسۇن. «دەپ قارار چىقاردى ھەم «بورتالا ناھىيىسى ۋاقىپلاندۇرۇلسۇن» دەپ ئۇقتۇرۇش چىقاردى. قەستەن باشقىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈش جىنايىتى ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىشقا تېگىشلىك بولغان جىنايەتچىنى ئىلى ئالتۇن كان ئىدارىسى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئىنتىزام جازاسى بېرىپلا ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزىۋەتتى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى «قەستەن ھاراق ئىچىپ ماجرا چىقارغان» دېگەن. ئەمگەكچى جىنايەتچى كۆكتۇلىيۇشىنسەننى تۈرمىگە قاماپ جازالىدى. «بورتالا ناھىيىسى ۋاقىپلاندۇرۇلسۇن» دەپ ئىشنى تاماملاپ، ھاكىم دۇەنشېمۇنىڭ قايتا سۈرۈشتۈرۈشىگە ئىمكانىيەت قالدۇرمىدى.

بۇ دېلودا ھاكىم دۇەن شېمۇ ئادالەتلىكنى قەتئىي ياقلاپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تىركەشكەن بولسىمۇ، ئاخىرقى نەتىجىسى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە يارىغىدەك بولمىدى. لېكىن باي-بايغا باقمىدىغان، سۇسايغا ئاقمىدىغان، ئەمەلدارلار ئەمەلدارلارنىڭ كېيىنى قىلمىدىغان، پۇقرالارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان كونا جەمئىيەتتە ئىلى ئالتۇن كان ئىدارىسى بورتالا ئالتۇن قېزىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرىغا چارە كۆرۈشمۇ ئاسان گەپ ئەمەس. ھاكىم دۇەنشېمۇ ئاددىي پۇقرالار ئۈچۈن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ تىركىشىپ، بىر ئاز بولسىمۇ ھەقىقەتنى نامايەن قىلدى. (12)

ئۈچىنچى ئىش، كەمبەغەلنىڭ يېرىنى بايلار قاقتى سوقتى قىلغان دېلونى بىرتەرەپ قىلدى.

1940-يىلى ئەتمياز مەزگىللىرى، ئىبراھىم دېگەن بىر كەمبەغەل

نى ئۇرۇپ دۈمبالاپ ئېغىر يارىلاندۇرغان.....بۇنىڭغا خەلقنىڭ
نارازىلىقى كۈچلۈك بولماقتا. تېنچلىق سىياسىتى يولغا قويۇلۇۋاتقان
شارائىتتا، مەزكۇر مۇدىر ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى تۇرۇقلۇق كۆكتۆلىيۇ-
شىنىسەنى باشلاپ باشقىلارغا ۋەھشى ۋاستىلارنى قوللانغانلىقى،
دۆلەت قانۇن-نىزامىغا پەسەڭ قىلماي، قەبىھلىكتە ئۇچىغا چىققان-
لىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇلارنى قاتتىق جازالىمىغاندا
باشقىلارغا ئىبرەت قىلغىلى بولمايدۇ. شۇئىلىيۇ ئىككى جىنايەتچى-
نىڭ پاكىتى ئېنىق، جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى زەخمىلەندۈرۈش
جىنايىتىنى سادىر قىلدى» دەپ يېزىپ ئەملى كان ئىدارىسىدىن
«مەزكۇر مۇدىرنى قولغا ئېلىپ، سوراق قىلىپ، خەلقنىڭ ھەققانى-
ھوقۇقىنى قوغداش»نى قاتتىق تەلەپ قىلغان. ھاكىم دۈەنشېمۇ-
نىڭ كۆپ قېتىم ئارىلىشىشى ۋە تەلەپ قىلىشى بىلەن ئەملى كان
ئىدارىسى ئامالنىڭ يوقىدىن: «شۇجەشەن مۇدىر تۇرۇقلۇق، بۇنداق
ئىشقا يولۇققاندا (خېمۇجاڭنىڭ مەس بولۇپ قالغانلىقىنى دېمەك-
چى) ئۇنى قامچىلىماستىن، بەلكى قەستەن ھاراق ئىچىپ ماج-
را چىقارغان قىلمىشىنى يەرلىك ناھىيىلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرى-
غا مەلۇم قىلىش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ خېمۇجاڭنى قامچىلىشى
ھۆكۈمەت خىزمەتچىسىگە خاس بولمىغان قىلمىش بوپتۇ» دەپ ئې-
تىراپ قىلىپ، «مەزكۇر مۇدىر خىزمەتتە تىرىشچان، ئۇنىڭ ئۇستى-
گە تاسادىپىي سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن» دېگەننى بانا قىلىپ «ئىدا-
رە باشلىقىنىڭ ياش ھەم ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم گۇنا سادىر قىل-
غانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ،
بىر قېتىم چوڭ گۇنا يېزىپ، يېرىم ئايلىق ئىش ھەققى تۇتۇپ

دى بىلەن بىرقانچە كىشىدىن يەرباھاسى ۋە ئىجارە ھەققى ئەھۋالىنى ئىگەللەپ، ئىبراھىمنىڭ دېگەن ئىجارە باھاسىنىڭ ئەقەللىغا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئاندىن موللا ياسىنغا: «يەرسېتىۋالغان ھۆججىتىڭنى ئەكەل» دەپ بۇيرۇيدۇ. موللا ياسىن بەش يىلدىن بۇرۇنقى ئىبراھىمنىڭ بارماق ئىزى بېسىلغان ھۆججەتنى تاپشۇرىدۇ. ھۆججەتنى كىگىسىن دېگەن تەرجىمانغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، تۇردى شاكىيۇ ۋە ماموتھاجى دېگەن ئىككى كىشىنىڭ ئىبراھىمنىڭ ساتقانلىقىغا گۇۋاچى بولۇپ قول قويغانلىقىنى بىلىدۇ. توختامدا: «ئىبراھىم 10 مو يېرىنى موللا ياسىن بايغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ساتتى» دېگەن خەتلەر ئېنىق يېزىلغانىكەن. ھاكىم دوەن شىۋ گۇمانلىنىپ: «بۇ توختامنى كىم يازغان؟» دەپ سورايدۇ. ئىبراھىم: «موللا ياسىن يازغان» دەيدۇ. موللا ياسىن: «قەشقەردىن كەلگەن بىر تىجارەتچى يېزىپ بەرگەن. ھازىر ئۇ كىشى بۇ يەردە ئەمەس» دەپ جاۋاپ بەرگەن. ھاكىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ گۇۋاچى بولغان تۇردى شاكىيۇ ۋە ماموتھاجىنى چاقىرتىپ: «ئىبراھىم يەرساتقاندا سىلەر نەق مەيداندا بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «بىز نەق مەيداندا يوق» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ھاكىم ئۇلاردىن: «سىلەر يەر ساتقان يەردە يوق تۇرۇغلۇق نېمە ئۈچۈن توختامغا قول قويدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «موللا ياسىن پۇلى بار، كۈچى بار باي، ئۇ بىزگە يەر سېتىۋالغان چاغدىكى ئىككى گۇۋاچى قەشقەرگە كېتىپ قالدى. شۇڭا سىلەر ئۇلارنىڭ ئورنىدا قولۇڭلارنى قويۇپ قويۇڭلار دېگەنتى، بىز ئىلاجسىز قولىمىزنى قويدۇق» دەپ يەرگە قاراپ جاۋاپ بېرىدۇ. ھاكىم دوەن شىۋ موللا ياسىندىن: «سەن دې-

هاكىم دۆەن شېمۇغا 10 موييەردىنى موللا ياسىن قاقتى-سوقتى قىلىۋالغانلىقىنى ئەرزى قىلىپ، هاكىم دۆەن شېمۇنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىپ بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشىنى مۇراجەت قىلغان. ئىبراهىمنىڭ ئېيتىشىچە 5 يىلدىن بۇرۇن، موللا ياسىن دېگەن باي هەر يىلى 10 قوي بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭ 10 موييەرىنى بەش يىللىق ئىجارىگە ئالغان. شۇچاغدا موللا ياسىن باي ئىبراهىمنى ئۆيىگە چاقىرىپ بېرىپ، يېزىپ تەييارلاپ قويغان بىر قەغەزنى چىقىرىپ: «مانا بۇ يەر ئىجارە توختىمى» دەپ ئىبراهىمنىڭ قولىنى قويغۇزغان. بەش يىل مۇددەت توشقاندىن كېيىن، ئىبراهىم يەرنى قايتۇرۇۋېلىپ باشقا كىشىگە ئىجارىگە بەرمەكچى بولغان. لېكىن موللا ياسىن يۈزىنى ئۆرۈپ «يەرنى مەن ئىجارىگە ئالمىغان، بەلكى سېتىۋالغان، شۇڭا ساڭا نېمىدەپ قايتۇرىدىكەنمەن» دەپ تېنىۋالغان. ئىبراهىم ئۇنىڭ بىلەن خېلى يوللۇق سۆزلەشكەن بولسىمۇ موللا ياسىن: «10 موييەرنى ئىبراهىم ئۆز قولى بىلەن ماڭا ساتقان» دەپ ئىبراهىمنىڭ بارماق ئىزى بېسىلغان توختام قەغەزنى كۆتۈرۈپ چىقىپ «مانا بۇ ئۇنىڭ ماڭا يەر سېتىپ بەرگەن توختام خېتى» دەپ مۇتەھەملىك قىلىپ تۇرۇۋالغان. ئىبراهىم ساۋاتسىزلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئىنتايىن قايغۇرۇپ ۋە نەپرەتلىنىپ، هاكىم دۆەن شېمۇغا ئەرز قىلغان. دۆەن شېمۇ موللا ياسىننى چاقىرتىپ: «ئىبراهىمنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئالغانمۇ ياكى سېتىۋالغانمۇ؟» دەپ سورىغان. موللا ياسىن باي: «سېتىۋالغان» دەپ جاۋاپ بەرگەن. هاكىم: «قاچان، قانچە پۇلغا سېتىۋالغان» دەپ سورىغان. موللا ياسىن باي: «بەش يىلدىن بۇرۇن يىلىغا 10 قوي بېرىش توختامى بىلەن سېتىۋالغان» دەپ جاۋاپ بەرگەن، هاكىم ئال-

يازغان بۇيرۇقلىرىنى كېسىۋەتمىگىنىدە يەنە بىرسىگە زىيانكەشلىك قىـ
لىدىكەن» دەپ ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇق قىلدى. مۇللا ياسىن قورقـ
قىنىدىن ئۆلگۈسىلى قالماي تاشلىنىپ يەرگە يىقىلىپ، باش قويۇپ يالـ
ۋۇرۇپ گۇناھىدىن ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە سورۇندا تۇرـ
غانلارنىڭ ياخشى گەپ قىلىپ تىلىۋېلىشى بىلەن، مۇللا ياسىن نەق مەيدانـ
دا ئىبراھىمغا ناماقۇل بولۇپ، يەرنى قايتۇرۇپ بەردى. ھەممۇ-
كۈمەتكە 3 مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلەتمەش بىلەن بۇ دېلودىن خۇلا-
سە چىقىرىلدى. بۇ دېلو ئارقىلىق، ھاكىم دۇۋەن شېمۇ كەمبەغەللەر ئۇ-
چۇن ھەققانىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ، بايلارنىڭ ھەيۋىسىنى ئۇرۇپ
چۈشۈردى. كۆپچىلىك خوش بولۇپ: «ھاكىم ياخشى قىلدى،
ھاكىم دۇۋەن شېمۇ دىيانەتلىك ئەمەلدار ئىكەن» دەپ ماختاشتى. ⑬ بۇ
ھەقىقەتەنمۇ كەمبەغەل ئالدىنىپ يەرنى بايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە
تاس قالغاندا ھاكىم ئادىل ھۆكۈم چىقىرىپ، باي توخۇنى ئوغۇرلـ
يالمىغانىنىڭ ئۈستىگە بىر ئۇچۇم گۇرۇچنى تارتقۇزۇپ قويغاندەك
ئىش بولدى.

## «ئۇياقتىن كەلگەنلەر تۆپتىن ئوخشىمايدىكەن»

دۇەن شېمۇ ۋەماجىياۋسۇڭلار پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ خىيا-
نەتچىلىك ۋە پارىخورلۇقتىن ئۆزىنى تارتىپ يۇقىرىلارنى بۇزەك قىلـ
ماي بورتالادىكى پۈتۈن خەلقنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

بىر قېتىم ھاكىم دۇەن شېمۇ سايرام چارۋا رايونىغا بېرىپ خىز-
مەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە تەرجىمان كىرىمجان چارۋىچىلارغا
سۆزىنى ئەينەن تەرجىمە قىلماي، ئەينۇلۇق قىلىپ ھاكىم قوزايەـ

گەن گۇۋاچىلار، يەرنى ئالغانلىقىنىڭ ھەقىقەتە گۇۋالىق بېرەلمىدى. ئەمدى يەنە دەيدىغان گېپىڭ بارمۇ» دەپ سورىغاندا موللا ياسىن: «گۇۋاھچىلار قىشەرگە كەتكەن ئىدى» دەپ دۇدۇقلايدۇ. ھاكىم دۇەن شېمىز ئۇنىڭغا: «10 كۈن ئىچىدە توختامنى يازغان كىشىنى تېپىپ كەل، 10 كۈن ئىچىدە تېپىپ كېلەلمىسەڭ، يەرنى سېتىۋالدىم دېگىنىڭ يالغان» دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. موللا ياسىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «ئۇ ئادەم سودىسىنى پۈتتۈرۈپلا كەتكەن، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن» دەپ ھىدۇقان. ھاكىم موللا ياسىننىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئۆزىگە يازغۇزۇپ ئېلىپ قېلىپ، ئۇيغۇرچىنى پىششىق بىلىدىغان بىرقانچە كىشىنى چاقىرتىپ، ھېلىقى بەش يىل بۇرۇن يېزىلغان توختامدىكى خەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغۇزىدۇ. نەتىجىدە كۆپچىلىك بۇ ئىككى پارچە قەغەزگە يېزىلغان خەتلەر تامامەن بىر كىشىنىڭ قولىدا يېزىلغان، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. توختامنى موللا ياسىن ئۆزى يازغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاكىم موللا ياسىن ۋە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئىككى پارچە قەغەزنى چىقىرىپ موللا ياسىننىڭ يالغانچىلىقىنى ئاشكارىلايدۇ. موللا ياسىن ھولۇقۇپ گەپ تاپالماي قالىدۇ. ھاكىم دەرغەزەپكە كېلىپ: «ھەي باي، كۈپكۈندۈزدە ساۋاتسىز بىر نادراتنى قاقتى- سوقتى قىلامسەن؟ سەن بايلار كەمبەغەللەرگە نىمانچە ۋەھشىلىك قىلىشىسەن، قانداق جازاغا تارتىلىشىڭنى بىلەمسەن!» دەپ ۋاقىرايدۇ. ھەم ئۇزۇن ئورۇندۇقتىن بىرنى ئەكەلدۈرۈپ، موللا ياسىننىڭ ئوڭ قولىنى بېغىشىدىن ھەم ئالقىنىدىن بىر تۆمۈر كالتەككە باغلىتىپ، ئۇنى يەنە ئەكەلدۈرگەن ئۇزۇن ئورۇندۇق ئۈستىگە باغلىتىپ: «باشقىلارنى قاقتى سوقتى قىلىش ئۈچۈن خەت

كەلگەننى جۆيلىگەن. ماجىياۋسۇك خۇتەندە ئىشلىگەن چاغلىرىدا
ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىۋالغاچقا، ئۇنىڭ بۇنداق بىلجىرلاۋاتقانلىقى-
نى بىلىپ، ھەق مەيداندا كېرىمجاننىڭ ئاردىغا بۆلگىنىچىلىك سى-
لىشتەك نەيرىڭنى ئاشكارلاپ: «دادا-بالا» دەپ نىمىلەرنى جۆيلۈپ
يۈرىسەن» دەپ ئۇنى قوغلىۋەتكەن. (14)

ئىلگىرىكى ئادەتلەر بويىچە ھاكىم توي قىلغاندا ئۇن دې-
ھەسىلا تۆۋەندىن سوۋغاتلار قاتمۇ-قات كېلىپ، توي قىلىش باھانى-
سى بىلەن مەلۇم بايلىققا ئىگە بولۇپ قالاتتى. ھاكىم دوەن شېھو
توي قىلغاندا تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىنى سىناپ بېقىش
ئۈچۈن: «سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلامدۇق» دەپ سورايدۇ. ئەگەر ھاكىم
ماقۇل بولسىلا سوۋغات تەقدىم قىلىش كەڭ-كۆلەمدە باشلىنىپ كېتەتتى.
لېكىن ھاكىم دوەن شېھو ئېنىق قىلىپ: «ھەرقانداق سوۋغا-سالامنى قوبۇل قى-
لمايمەن، ئەكەلگەنلەرنى قەتئىي قايتۇرۇۋېتىمەن-كىلار» دەپ كەس-
كىن ئۇقتۇردى. بۇرۇن ھاكىمنىڭ تەرجىمانى بولغان كېرىمجان
توي كۈنى بىر يۈرۈش چىنە-چەينەك سوۋغات قىلىدۇ. بۇنى ھا-
كىم قايتۇرۇۋەتسە ئۇ يەنە ئەكىلىپ: «بىر ناھىيىنىڭ باشلىقى
تۇرسىڭىز بۇنچىلىك ئەرزىمەس نەرسە نېمە بولاتتى» دەپ تاڭدۇ.
لېكىن ھاكىم بۇنى قەتئىي رەت قىلىپ قايتۇرىدى. دوەن شېھو
تويغا بىر قوي سېتىۋېلىپ، بىر قازان پولۇ بېسىپ كۆپچىلىكنى
چاقىرىپ، تويىنى ئاددىي ئۆتكۈزدى. كەچتە يېڭى ئۆيگە كىرگەن-
دە كارۋات ئۈستىدە تۇرغان يېڭى تاۋار يوتقاننى كۆرۈپ، ئۇ ئە-
جەبلەنگەن ھالدا: «بۇ يوتقان نەدىن كەلدى. باشقىلار سوۋغات قىلى-
دىمۇ-يا؟» دەپ سورايدۇ. ئايالى: «تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ

گىلى كەلدى، قوزاسىرىيەسىلىكلار ئۆزىدىن قىلىمىز دېيىشتىدۇ، مۇنداق قىلمۇۋې-تىدۇ دېگەنلىكىنى ۋەپۇقرالارنى قورقۇتۇپ ئۆزى قالتىس - سوقتى قى-لمۇۋاتقانلىقىنى بىر ئازسېزىپ قالىدۇ. تىل ئۇقمىغانلىقتىن بۇئەبلەخ-نىڭ ئاستىرتىن نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئېنىق بىلەلمەيدۇ. شۇيېڭپەندىن چىقىپ سايرامنى ئارىلاپ كەلگەندىن كېيىن ناھى-يىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەرجىمانى پەنجىڭشەننى بۇئەھۋالنى يوشۇرۇن ئىگەللەپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. نەتىجىدە ھاكىم قىلمىغان بەزى سۆز-لەرنى كېرىمجاننىڭ قوشۇپ دېگەنلىكى، مىللەتلەر مۇناسىۋەتىگە بۇز-غۇنچىلىق سالىدىغان بەزى سۆزلەرنى قىلغانلىقى ۋە چارۋىچىلارغا ھاكىمغا ياخشى گەپلەرنى قىلىدىم، قوي-چاي بېرىڭلار دەپ پوپوزا قىلغانلىقى ئېنىقلانغان.

چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق چارۋىچىلار ھاكىمنىڭ كېرىمجان دېگەن-دەك تەمەخور ھاكىم ئەمەس ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، كې-رىمجان ئۈستىدىن ئەرز-شىكايەت قىلدى. ھاكىم دۇەن شېمۇ ئۇنىڭ مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئېنىقلاپ، ئۇنى قولغا ئېلىپ ئۆلكىگە ئەۋەتىپ بەردى. كېرىمجان ئۆلكىگە يەتكەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ ئەشپىيونلىرىنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ، بىر يىل تەربىيىلەپ قو-يۇپ بەردى. 1941-يىلى يازدا بورتالادا چېكەتكە ئاپەتتى يۈز بې-رىپ، ماجياۋسۇڭ كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ چېكەتكە يوقۇتۇش خىزمىتىدىكى قىزىۋاتقاندا، ئۇ ئۆزى سەكرەپ چىقىپ تەرجىمان بولۇپ كۆپچى-لىككە: ماكىجاڭ ھۆكۈمەت سىلەرگە ئاتا، سىلەر ھۆكۈمەتنىڭ با-لىسى، بالا دادىنىڭ گېپىنى ئاڭلاش كېرەك. شۇڭا سىلەر ھۆكۈمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىڭلار كېرەك دېدى. دەپ ئاغزىغا

تۆۋەننىڭ ئەھۋاللىرىنى ۋاختى-ۋاقتىدا ئىگەللەپ تۇردى. ھاكىم دۆۋەن شىمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە بولغان تەلەپ-پىكىرلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئاڭلاپ تۇرۇش ۋە خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن، ئىككى پىكىر ساندۇغى ياسىتىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا ئېسىپ، ئاممىنىڭ پىكىرىنى ھەر ۋاقىت ئاڭلاپ تۇردى.

ئىزاھاتلار:

① دۆۋەن شىمۇ: (——1913) ئىچكى موڭغۇل تومۇت سول خوشۇنلۇق، 1928-يىلى 4-ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى يەنئەندىن شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئىسمىنى دۆۋەن جېڭچى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. بورتالاغا كېلىشتىن بۇرۇن شىنجاڭ ئۆلكىلىك «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» دا تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن لەنجۇ پېلى ئىشچىلار تېخنىكومى (سابىق لەنجۇ نېفىت ئىشچىلار تېخنىكومى) دىن پېنسىيىگە چىققان.

② ماجياۋسۇڭ: (——1919)، خۇيزۇ، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ ئەنچىڭ ناھىيىسىدىن. 1938-يىلى 11-ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنئەندىن شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئىسمىنى مارۋېي دەپ ئۆزگەرتكەن. بورتالاغا كېلىشتىن بۇرۇن خوتەندە مائارىپ ۋەزىرى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى بولغان. كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومدىن پېنسىيىگە چىققان.

باشلىقى مۇمەنتاڭ بايام كېلىپ، ھاكىمنىڭ قۇتلۇق كۈنىدە كارۋىتىدا
كونا يوتقان تۇرسا باشقىلار ئالدىدا سەت تۇرىدۇ، دەپ ئۆز-
لىرىنىڭ تويىدا ئالغان يوتقىنىنى ئەكىلىپ قويۇپ كەتتى. توي-
تۈگىگەندىن كېيىن ئەپكەتتىغان بولدى» دەپ ئىزاھات بەرگەن.
ھاكىم دۇەن شىمۇ دەرھال ئادەم چاقىرتىپ يوتقاننى مۇمەنتاڭنىڭ
ئۆيىگە ئاپارغۇزۇۋەتكەن. تويدىن كېيىن ساقچى ئىدارىسى تەرەپ-تە-
رەپتىن ھاكىمنىڭ قانچىرەك سوۋغات قوبۇل قىلغانلىقىنى تېك-تەك-
لىغان. مۇمەنتاڭ بولسا كۆرۈنگەن ئادەمگە: «ئۇ ياقتىن كەلگەنلەر⑮
تۆپتىن ئوخشىمايدىكەن» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەپ
بەرگەن.

ئىختىساتچانلىقىمۇ پاك-دىيانەتلىكىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ھاكىم
دۇەن شىمۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىراجىتىنى تېجەش مەقسىتىدە،
خىزمەتچىلەر ئىشلىتىپ بولغان كېرەكسىز قەغەزلەر -
نى كونۋېرت ياساش ۋە ماقالىنىڭ ئارگىنالى قىلىپ ئىشلىتىشنى
تەشەببۇس قىلدى. بىر دانە ماۋېنىنى ئاز دېگەندە 3-2 ئاي ئىش-
لىتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ ئۆزىدىن بىر يىلدا 120 نەچچە
يۈەن تېجەپ قالدى. ⑯

دۇەن شىمۇ، ماجياۋسۇڭلار بورتالادا ۋەزىپىدە تۇرۇپ ئىشلىگەن
مەزگىلدە پاك-دىيانەتلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھۆ
كۈمەتنىڭ سىياسەت-پەرمانلىرىنى داغدۇغا بىلەن تەشۋىق قى
لىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرى ئۈلگە كۆرسىتىپ، نەپسانىيەت
يەتچىلىككە قارشى تۇردى. ئىقتىدارلىق- ئىشچان كىشىلەرنى ھۆ
كۈمەت خىزمەتچىلىكىگە قوبۇل قىلدى. پىكىر يوللىرىنى كېڭەيتىپ

ئۇنۇۋېرسال تور» نىڭ 306 توپلام، 196-222 بەتلىرىدىن ئېلىندى.

⑩ «بورتالا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 31 - يىللىق سوئىنشائەت، ئېرىق-ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش كېراپىسى» دىن ئېلىندى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئارخىپخانىدا ساقلانغان «ئىلى ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئارخىپى. يېزا ئىگىلىك تۈرى» نىڭ 343 - توپلام، 174- بېتىدىن ئېلىندى .

⑪ «تويلۇق بىلەن كۆز بوياپ، ئىككى سودىسى قىلىپ، قېرىپ يېشى يېتىپ قالغانلىقىغا قارىماي ياش قىزنى ئېلىپ ئىنسانىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغان سەنتەيدىكى سودىگەر دېيفەنتەڭنى ناھىيىمىزگە بۇيرۇق بىلەن تاپشۇرۇپ، باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن قاتتىق جازالاش توغرىسىدىكى دوكلات» تىن ئېلىندى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئارخىپخانىدا ساقلانغان «ئىلى ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئارخىپى. خەلق ئىشلىرى تۈرى» نىڭ 212- توپلام، 116-، 117- بەتلىرىدىن ئېلىندى.

⑫ «خېمۇجاڭنىڭ دىلوسى» دىن ئېلىندى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئارخىپخانىدا ساقلانغان «ئىلى ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئارخىپى، ئەدلىيە تۈرى» نىڭ 214- توپلام، 169-، 163- بەتلىرىدىن ئېلىندى.

⑬ «بالامەھەممەت بىلەن سۆھبەت خاتىرىسى» دىن ئېلىندى. بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا.

⑭ «دۆەن شېمۇ بىلەن سۆھبەت». «ماجياۋسۇڭ بىلەن سۆھبەت» (2) دىن ئېلىندى. بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پار-

③ «ئىلى ۋىلايىتى بورتالا ناھىيىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ مەنگۈنىڭ 30- يىللىق ئەستە تەستىكاگىراپپىسى»دىن ئېلىندى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئارخىپخانىدا ساقلانغان«ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئارخىپى،ئۇنىۋېرسال تۈرى»نىڭ 301 (1)- توپلام،3-بېتىدىن ئېلىندى.

④ «دۆن جېڭچىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى»دېگەن ماقالىدىن ئېلىندى. ھازىر بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا.

⑤ جىڭ دادەن 133.3 جىڭغا توغرا كېلىدۇ.

⑥ بىر دادەن3جىڭشىگە،يەنى 400 جىڭغا توغرا كېلىدۇ.

⑦ «مەھەممەتھاجى قاتارلىق 25 كىشىنى بۇيرۇق بىلەن يەقدىرلەشنى ئىلتىماس قىلىش دوكلادى»دىن ئېلىندى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىق ئارخىپخانىدا ساقلانغان «ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئارخىپى. ئىئانە ئىشلىرى تۈرى»نىڭ 218 - توپلىمىدىن ئېلىندى.

⑧ «شىڭزېبىنىڭ ئىئانە قىلغان ئىشلىرى»دىن ئېلىندى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئارخىپخانىدا ساقلانغان«ئىلى ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئارخىپى. خەلق ئىشلىرى تۈرى »نىڭ 212 - توپلام، 30-43، بەتلىرىدىن ئېلىندى.

⑨ « بورتالا ناھىيىسىنىڭ 31 - يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلادى»دىن ئېلىندى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئارخىپخانىدا ساقلانغان «ئىلى ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئارخىپى.

# دۇجۇكيۇەننىڭ جىڭدا ئېلىپ بارغان ياپونغا قا

# تەشۋىقات پائالىيەتلىرى

ۋاڭ جىڭفۇ

1939-يىلى 7-ئاينىڭ باشلىرى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ
تەتىل مەزگىلىدە ئىنىستىتۇت باشلىقى دۇجۇكيۇەن «شىنجاڭ ئى
تۇتىنىڭ يازلىق تەتىلدە ئېلىپ بارىدىغان ساياھەت قىلىش ئۆمىكى»نىڭ ت
ەشكىللەنگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۆمەك باشلىقلىقىنى ئىنىستىتۇت باشلىقى د
ۇەن ئۆزى بىۋاستە ئۈستىگە ئالدى. مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى جاڭ ج
ۇئەللىم ۋە ئىلمىي مۇدىر گوشىڭشەنلەر ئالدى.

شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى يازلىق تەتىل ساياھەت ئۆمىكى
لىيەتتە خىزمەت ئۆمىكى، تەشۋىقات ئۆمىكى بولدى. ئۆمەكنى ج
خىزمەت تەقسىماتى مۇكەممەل بولۇپ، كاتىۋات، غوجىلىق، تەشۋ
ەكشۈرۈش ۋە ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلغان ئىدى.

ساياھەت ئۆمىكى كۆرۈنۈشتە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىد
ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ
سەيلى-ساياھەت قىلىدىغان ئۆمىكىدەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە
لار تەشۋىقات خىزمىتىنى دادىللىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ ، ياپ
قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ۋە ياپونغا قا
مىللىي بىرلىكسەپنى كەڭ تەشۋىق قىلدى. ھەر مىللەت خە

تىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا ساق-لانماقتا.

⑮ «ئۇزىياقتىن كەلگەنلەر» — ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋ-رىدە پۇقرالار شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن كوممۇنىستلارنى «ئۇياقتىن كەلگەنلەر» ياكى «8 - ئارمىيىنىڭ ئادەمى» دەيتتى. «ئۇياق» دېگەنلىك يەنئەن دېمەكتۇر.

⑯ بورتالا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مىنگونىڭ 30 - يىللى 7 - ئايدىكى سالدى خىراجەتلىرىنى ئىشلىتىش توغرىسىدىكى دا-كۇمېنتىدىن ئېلىندى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ-خانىدا ساقلانغان ھۆكۈمەت ئارخىپىنىڭ 459-2-3 - توپلام 78-84 - بەتلىرىدىن ئېلىندى.

جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇقى! سوۋېت خەلقىنىڭ ياردىمىگە رەھمەت!»، ئۇرا، ستالىن!»، دېگەن شۇئارلارنى ياڭراتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى كالوندىكى شوپۇرلارمۇ ھاياجانلانغان ھالدا كابىنكىدىن قوللىرىنى چىقىرىپ، كۆپچىلىككە ئىشارەت قىلدى. ئۆمەك ئەزالىرى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان قىزغىنلىق بىلەن خەلقئارا كالوندىكى ئاپتوموبىللارنى بىر-بىرلەپ ئۇزاتتى. ساياھەت ئۆمىكى بۇ كۈنى كەچسائ ئىچىدىكى ئەرتەيگە بېرىپ قونماقچى ئىدى. لېكىن ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاپتوموبىل بارغانسىرى كۆپەيگەچكە گۈگۈم چۈشكەندە ئاران سەنتەي (سايرام بويى) گە يېتىپ كەلدى. كېلىۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ چىرىغى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ خۇددى ئوت ئەجدىھادەك كۆرۈنەتتى. ئىنىستىتۇت باشلىقى بىلەن مۇئەللىملەر مۇزاكىرە قىلىپ، تاشيول بويىدىكى ئاي دالىدا قونۇشنى قارار قىلدى.

ساياھەت ئۆمىكى ئەتىسى سەھەر يولغا چىقىپ، سۈيدۈڭنى بېسىپ ئۆتۈپ، چۈشتىن كېيىن ئىلى شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئىلىدە 10 نەچچە كۈن ياپونغا قارشى تەشۋىقات پائالىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش مەزمۇنىدىكى جەڭگىۋار ناخشا سادالىرى ئىچىدە ئىلى بىلەن خوشلىشىپ قايتىش سەپىرىگە چىقتى.

بىرىنچى كۈنى سۈيدۈڭدە قونۇپ، ئىككىنچى كۈنى جىڭغا يېتىپ كېلىپ، بازار ئىچىدىكى مەكتەپكە چۈشتى. تاماقتىن كېيىن، ھەر تەرەپكە بۆلۈنۈپ تەشۋىق پائالىيىتى ئېلىپ باردى. بەزىلەر چوڭ-كىچىك كوچىلاردىكى تاملارغا ئۇيغۇرچە خەنزۇچە يې-

ئاممىسىنى ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەتلەن-
دۈردى

يولغا چىقىشتىن بۇرۇن تەييارگەرلىك خىزمەتلىرى جىددىي ئىش-لەندى. ئۆمەككە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە خىزمەتچىلەر بولۇپ جەمئىي 200 نەچچە كىشى قاتناشتى. بۇلار ئىچىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، مانجۇ، شىۋە قاتارلىق ھەر مىللەتتىن بولغان ساۋاقداشلار بار ئىدى. ئۆمەك 7-ئاينىڭ 17-كۈنى سەھەردە ئىلى ساقچى ئىشتابى ئە-ۋەتكەن 12 ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۆلكە مەركىزى دىخۇادىن يولغا چىقتى. ئىنستىتۇت باشلىقى دۇجۇڭيۈەن، مۇئەللىم جاڭ جۇڭشى ۋە كوشگۈشەنلەر ساۋاقداشلار بىلەن جاپادىمۇ ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇپ سەپەر پائالىيەتلىرىدە پائال يېتەكچىلىك قىلدى. بۇنىڭ-دىن ساۋاقداشلار چوڭقۇر تەسىرلەندى.

ساياھەت ئۆمىكىنىڭ بىرىنچى چۈشكەن بېكىتى ماناس، ئىك-كىنچى بېكىتى شىخۇ ناھىيىسى بولدى. 19-كۈنى سەھەر شىخۇدىن يولغا چىقىپ، چۈش قايرىلغاندا جىڭ ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كېلىپ، چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا يەنە يولغا چىقتى. جىڭ-دىن چىقىپ تەخمىنەن 2 سائەت ماڭغاندىن كېيىن ئۆمەك سوۋېت ئىتتى-پاقى ئەللىمىزنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى ئۈچۈن ياردەمگە بەرگەن ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى توشىغان ترانسپورت كارۋىنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى-نىڭ ئەللىمىز خەلقىگە قىلغان ياردىمىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ساياھەت ئۆمىكى ماشىنىلىرىنى يولنىڭ چېتىگە توخ-تاتتى. ساۋاقداشلار تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن: «ياشىسۇن

سول ۋە ئومۇمىي خور ئورۇنلاندى. سەھنىدە ياپون تاجاۋۇزچىلى-
رىنىڭ ئېلىمىز قېرىنداشلىرىنى قانلىق
قىرغىنچىلىق قىلىشىدەك كۆرۈنۈشلەر ۋە ئېلىمىز خەلقىنىڭ
ياپونغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى، دەھشەت سەلتەنەتلىك كۆرۈنۈشلەر
نامايەن قىلىندى. «پىدائىلار مارشى»، «قىلىچ مارشى»، «دۈشمەن-
نىڭ ئارقا سېپىگە بارايلى»، «تەيخاڭ تېغىدا» دېگەنگە ئوخشاش
ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش مەزمۇن-
دىكى ناخشىلار ئورۇندالدى. ئۇيغۇر يولداشلار ناخشا ئورۇنلىغان-
دىن سىرت، مىللىچە ئۇسسۇل ئويىنىدى.

ئازلىق شارائىتى ناچار، ياتقان يەر مەينەت، چىۋىن كۆپ
بولغانلىقتىن، بولۇپمۇ ھاكىم ياڭ تېگىلىنىڭ مۇئامىلىسى سوغۇق
بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار جىگدا تۇرۇشنى خالىماي، ئەتىسى يول-
غا چىقىشنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن شۇكۈنى كەچتە ئوقۇغۇچى-
لار ئويۇن قويغاندا تاماشىبىن ئاممىنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى قىز-
غىن بولدى. ياڭ ھاكىم ۋە ھەرمىللەت يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ ئەي-
نىشچە تۇرغۇنلىغان موڭغۇل، قازاق خەلقى 100 چاقىرىمچە يول-
نى بېسىپ ئويۇن كۆرگىلى كەلگەن ھەم چوقۇم يەنە بىر كۈن
تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كېتىشتەچىك
كۆردى. بىر قىسىم خىزمەتچىلەر ئۇلار بىلەن ئوخشاش تەشەببۇش-
تا بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، دۇ جۇڭيۈەن ئەپەندى ئەتىسى سە-
ھەردە بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى خالى بىر جايغا يىغ-
ىپ، ئۇلارغا تەربىيە بېرىپ، كۆپچىلىكتىن ئاممىنىڭ تەلىۋىنى
چىقىش قىلىپ، ھەمدە ئاممىنى كۆزلەش ۋە ياپونغا قارشى تۇ-

زىدىقتا «يوقالسۇن ياپون جاھانگىرلىرى!»، «ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملەيلى!»، «ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىمىزنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك ۋە تەسلىمچىلىككە قارشى تۇرايلى!» دېگەن چوڭ خەتلىك شوئارلارنى يازدى. بەزىلەر تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تارقاتتى. كوچىلاردا كوچا تىياتىرلىرىنى قويۇپ ياپونغا قارشى تەشۋىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. پىرىستاننىڭ جىلىق بازىرى زىلزىلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئامما ئىلھاملاندۇرۇلدى. كەچتە ئوقۇغۇچىلار بازار سىرتىدىكى چوڭ سۇمەدە ئويۇن قويۇش ئۈچۈن راسلانغان سەھنىگە پەردە، چىراقلار (گاز چىراق)نى ئېسىپ ئويۇن قويدى. كۆڭۈل ئېچىش كەچلىكىگە يەرلىك ئاھالىلەردىن باشقا جىلىق قاتناش بېكىتىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ترانسپورت ئەترىتىنىڭ شوپۇرلىرىمۇ قاتناشتى. ئۇلار مەيدانغا رەتلىك تىزىلىپ-سەپ تارتىپ كىردى. سايابەت ئۆمىكىدىكى بارلىق خادىملار ۋە ئامما ئۇلارنى قىزغىن ئالقىش بىلەن كۈتۈۋالدى.

كۆڭۈل ئېچىش كەچلىكى باشلىنىشتىن بۇرۇن ئىنىستىتۇت باشلىقى دۇجۇڭيۈەن مۇنبەرگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ ئاممىباپ سۆزلەر بىلەن ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ۋە ۋەزىپىلىرىنى چۈشەندۈردى. ئۇ جاراڭلىق ئاۋازدا ۋەزمىلىك ھەم ئېنىق سۆزلىدى. كەڭ ئامما ئۇنىڭ سۆزىنى ھىمايە قىلىپ، كەينى-كەينىدىن ئالقىش ياڭراتتى. كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىغا سوۋېتلىك دوستلارمۇ قاتناشقانلىقتىن، جاڭ جۇڭشى مۇئەللىم تەرجىمانلىق قىلدى. كۆڭۈل ئېچىش كەچلىكىدە بىر پەردىلىك درامما، مىللىي ناخشا-ئۇس-

...ەرلەپ ئۆلتۈردى ھەم جەسەتنى كۆيدۈرۈپ ئىزىنى يوقىتىۋەتتى. ...نۇ زىيانكەشلىككە ئۇچۇرغاندا 46 ياشتا ئىدى. تاھازىرغا قەدەر ئۇ-...نىڭ سۆڭىكى تېپىلمىدى.

دۇجۇكيۈەننىڭ ئەسلى ئىسمى چەنشۇ بولۇپ، 1897-يىلى 3-ئاي-...نىڭ 15-كۈنى (قەمەرىيە) جىلىن ئۆلكىسى خۇەيياڭ بازىرى چولۇ فىكخۇالىگىدا تۇغۇلغان، ئەسلى يۇرتى خېبى ئۆلكىسى يۇكچېڭ گۇەن-جۇ ناھىيىسى بولۇيتو كەنتى. دۇجۇكيۈەننىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئە-ۋ-لاتتىن-ئەۋلات دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئائىلە تۇرمۇشى ناھايىتى نامرات ئۆتكەن. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ فامىلىسى دۇخۇي، ئانىسىنىڭ فامىلىسى دۇڭ ئىدى.

ئىزاھات:

بۇ ئەسلىمىنى يېزىپ چىقىشتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «دۇجۇكيۈەن» دېگەن كىتاب ۋە «ئۈرۈمچى شەھرى تارىخ ماتېرىياللىرى (1)» دىن پايدىلاندىم ھەم «دۇجۇكيۈەن» دې-گەن كىتابنى تەكشۈرۈپ چىققۇچى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللارنى يېزىپ رەتلەش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش جيۇ يۈلىن ۋە «دۇجۇكيۈەن» دېگەن كىتابنىڭ «شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ يازلىق تەتىلدە ئىلىمنى ساياھەت قىلىش ئۆمىكى» دېگەن پىراگراپىنىڭ ئاپتورى، 1938-يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلىمگە ساياھەت قىلىش ئۆمىكىنىڭ قاتناشقۇچىسى مېياۋگ-ۋاڭۋىن قاتارلىق دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم يولداشلارنى زىيارەت قى-لىش ئاساسىدا يېزىپ چىقتىم، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك تارىخى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

رۇشنى دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق سا-ۋاقداشلار خوشال-خوراملىق بىلەن جىڭدا يەنە بىر سوتكا تۇرۇپ ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن يەنە ئويۇن قويۇپ، ياپونغا قارشى جەڭگىۋار ناخشىلارنى ئورۇنداپ بەردى.

ساياھەت ئۆمىكى بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلغان سە-پەردە مىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىر يول يۈرۈپ، 8 ناھىيىنى بېسىپ ئۆتتى. ساياھەت ئۆمىكىدىكى 3 رەھبەر ئاممىۋى يىغىنلاردا 50 نەچ-چە قېتىم نۇتۇق، لېكسىيە سۆزلىدى. سەپەر جاپالىق، خىزمەت جىددى بولغانلىقتىن، دۇجۇڭيۈەن ئەپەندى سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، ئىنتايىن جاپا چەككەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھى ئىزچىل كۆتۈرەڭ-گۈ بولۇپ، ئېچىلىپ-يېيىلىپ يۈردى. ساياھەت ئۆمىكىنىڭ تەش-ۋىقات پائالىيەتلىرى ئاما ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. دۇ-جۇڭيۈەن ئەپەندىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، 1939-يىلى 11-ئايدا ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، نەزەربەنت قىلدى. 1940-يىلى 5-ئاينىڭ 18-كۈنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. دۇجۇڭيۈەنگە چېتىلىپ 1200 نەچچە كىشى قولغا ئېلىندى. دۇجۇڭيۈەن ئەپەندى قاتتىق تەن جازالىرىغا ئۇچۇرغان بولسىمۇ، قەتئىي تىز پۈكمىدى. شېڭ جۇنىنۇ، خۇاڭ يەنپېي، زۇ داۋفېڭ، شېڭ جىيۈەن، جۇ ئىنلەي، دۇڭ بىۋۇ، كاۋسولىكىمىن، سۇڭ چىڭلىڭ قاتارلىق كىشىلەر ئىلگىرى-ئاخى-رى تېلېگرامما يوللاپ ھەر تەرەپتىن قۇتقۇزماقچى بولدى. شېڭ شىسەي ئۇنى ئوچۇق ئاشكارا ئۆلتۈرۈشكە پېتىنالماي، 1943-يىلى 6-ئاينىڭ 17-كۈنى مەخپىي بۇيرۇق بىلەن ئالاھىدە تۈرمىدە زە-

كومىنداڭنىڭ ئىلىدىكى ھەربىي-مەمۇرىي قوماندانلىق شىتابىنى تېز-
لىك بىلەن ئىشغال قىلىندى. 11- ئاينىڭ 12- كۈنى ئۈچ ۋىلا-
يەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئىلىدە قۇرۇلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىنقىلاب كۈچىنى يەنىمۇ تەرەققىي
قىلدۇرۇش مەقسىتىدە 11- ئاينىڭ 20- كۈنى ئىمىنوپ (مىللىتى
تاتار، سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك تەرەققىيات شىركىتىنىڭ بورتالادا
تۇرۇشلۇق تېرە- يۇڭ سېتىۋالغۇچىسى) ۋە ئېردە (مىللىتى موڭغۇل،
سابىق ئارشاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى بولغۇنىنىڭ ئوغلى) نىڭ قو-
ماندانلىقىدا بىر بۆلۈك پارتىزانلارنى چاغاننۇ تېغىدىن ئېشىپ
ئارشاڭ ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ
بىلەن بورتالانى ئازات قىلىش ئۇرۇشى باشلاندى.

ئارشاڭ ناھىيەسى بورتالانىڭ ئەڭ غەربىي قىسمىدىكى چەت
ياقا جايغا جايلاشقان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ھەربىي قوشۇن يوق،
پەقەت ئازغىنە قوراللىق ساقچى قىسىملار بار ئىدى. ئارشاڭ ناھى-
يەسىنى شەرققە يۈرۈش قىلىشتىكى بۆسۈش ئېغىزى قىلىش ئاقى-
لانە ئىش ئىدى. ئارشاڭ ھاكىمى ۋاڭبىڭشاڭ ئەھۋالنىڭ چاتاق-
لىقىنى بايقاپ، 11- ئاينىڭ 7-كۈنىلا ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ خەۋى-
رىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ئۇچۇڭشىڭغا دوكلات قىلىپ:
«ئىلى فاۋادا قولدىن كېتىپ قالسا، ئارشاڭنى قوغدىماق قىيىن.
ئالدىنقى تېلېگراممىدا بىرىنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان
ئىدىم. قوشۇن بەلگىلىك كۈندە ئارشاڭغا ئەۋەتىلمىشى كېرەك. ئۇن-
داق بولمىغاندا ئۆزىمىزنى قوغداش زادىلا مۇمكىن ئەمەس» دەپ
تېلېگرامما يوللىغان. پارتىزانلار 20-كۈنى ياردەمچى قوشۇن يې-

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي بورتالادا

خۇبۇشىلىڭ

1944- يىلى شىنجاڭنىڭ غەربىي- شىمالىي قىسمىدىكى ئىلى،
تارباغاي ، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە جۇڭگو ۋەچەت ئەل
نى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بىر مەيدان ئىنقىلابىي كۈرەش پارتلىدى.
بۇ ئۇلۇغ ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئاجا-
يىپ ئىنقىلابىي كۈرەش جاسارىتى بىلەن، قان كېچىپ كۈرەش قى-
لىپ، گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى
نى ئۈزۈل- كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ
جۈملىدىن پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى، ئۈچۈن مۇنەي
يەن تۆھپە قوشتى. ئەينى ۋاقىتتا ئىلى رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا
بولغان بورتالادىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمران
لىقىغا قارشى بۇ كۈرەشكە پائال ئاتلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنق
قىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تېگىشلىك تۆھپە
قوشتى.

1944- يىلى 8- ئايدا نىلقا خەلقى ئالدى بىلەن تۆلىجى پاي
ئوقىنى ئېتىپ، ئۇلاستاي تاغلىق رايونىدا ئات تەقدىم قىلىش ھە
رىكىتىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئارقىدىنلا ئىلىد
قوزغىلاڭ پارتلىدى. ئىنقىلاب كۈچى شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ

گومىنداڭ ئارشاڭنىڭ قولىدىن كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، مۇدا-
پىئەگە ئالماشتۇرۇشقا تەييارلانغان زاپاس 7- دېۋىزىيىسىنى ئالدىراپ
ياردەمچى قىسىمغا ئۆزگەرتىپ، ئارشاڭ ناھىيىسىگە يەنە ئىككى
پەي ئەسكەر ئەۋەتتى. ياردەمچى قىسىم ماشىنا بىلەن بازارنىڭ
شەرقىي تەرىپىدىكى چوڭكۆۋرۈككە يېتىپ كەلگەندە يوشۇرۇن زەر
بىگە ئۇچرىدى. دۈشمەن قوشۇنى پارتىزانلارنىڭ كۈچى كۆپلىكىنى
كۆرۈپ، شۇ كۈنى كېچىسى يېقىن يەردىكى مۇڭغاۋدىن ھاكىم
پازىلىنىڭ قورۇسىغا چېكىنىپ كىردى. پازىلىنىڭ قورۇسى مۇھەم
جايغا جايلاشقان بولۇپ، ئۆيلىرى مۇستەھكەم ئىدى. پارتىزانلار
ئۇلارنى قاتمۇ - قات قورشىۋېلىپ، بىر قانچە كۈن جىددىي ئې-
لىشقان بولسىمۇ، ئىشغال قىلالمىدى. شۇڭا، ئازكىشىنى قاراۋۇللۇق
قىلىپ، پات - پات كۆرۈنۈشكە ھۇجۇم قىلىشقا
قالدۇرۇپ، ئاساسىي قوشۇن قارا بۇقىغا يۈرۈش قىلىپ، يول بويى
قارابۇقا، كونا شاۋپاڭ، شاۋبېكچېن قاتارلىق جايلارنى ئىگەللىدى.
بورتالا ناھىيە- يېزىلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى پائال
ھەرىكەتكە كېلىپ، پارتىزانلارغا ياردەملەشتى.

پارتىزانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىدىن گومىنداڭ قوشۇنلى-
رى ساراسىمىگە چۈشتى. ئارشاڭ- بورتالا، جىڭ ناھىيىسىنىڭ
تۇسىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىق يېتەرلىك، ئات-كۆلۈك كۆپ
ئىدى. جىڭ رايونلىرىدىكى ياردەمچى قوشۇنلار ئۇزۇق-كۆلۈكتە
ئۈلۈتنى بورتالا-ئارشاڭغا باغلايتتى. ئارشاڭ قولىدىن كېتىپ بور-
تالانىمۇ ساقلىيالمىسا، جىڭنىڭ پۇت-تېرەپ تۇرۇشى مۇمكىن ئە-
مەس ئىدى. شۇڭا 12-ئاينىڭ 28-كۈنى زاپاس 7-دېۋىزىيىسىنىڭ

تىپ بارماي تۇرۇپ، ئارىشاڭ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى بار-
لىق ساقچىلارنى يوقاتتى. شۇكۈنى پارتىزانلار ئارىشاڭ بازىرىنىڭ
30 كىلومېتىر شەرقىدە ياردەم ئۈچۈن ئارىشاڭغا كېلىۋاتقان گومىن-
داڭنىڭ ئىككى پەي ئەسكىرىگە توسۇپ زەربە بەردى.

12- ئاينىڭ 18- كۈنى 300 نەچچە كىشىلىك پارتىزانلار ئەت-
رىتى ئارىشاڭدىن بورتالاغا تۇتىشىدىغان تېلېفون سىملىرىنى ئۈ-
زۈپ تاشلاپ، ئارىشاڭ بازىرىنى قوغدىغۇچى قوشۇنغا ھۇجۇم باش-
لىدى. قوغدىغۇچى قوشۇندىن بىرپەي ئەسكەر بازارنىڭ جەنۇبىدا
پارتىزانلار بىلەن تىركىشىپ جەڭ قىلدى. ئىككى سائەتلىك كەس-
كىن جەڭدە قوغدىغۇچى قوشۇن بەرداشلىق بېرەلمەي، بازار ئە-
چىگە چېكىندى. 19- كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئارىشاڭ ناھىيىسى-
نىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى پازىل بازار ئىچىدىكى موڭغۇل- قازاق قا-
تارلىق ھەرمىللەت ئاممىسىنى باشلاپ پارتىزانلارغا ئىچكى جە-
ھەتتىن ماسلىشىپ، قوغدىغۇچى قوشۇننى بازارنىڭ شەرقى- جەنۇ-
بىي بىر بۇلۇڭغا قامىۋالدى. 20- كۈنى سەھەردە، 70 نەچچە نە-
پەر دۈشمەن ئوفىتسېرى- جەڭچىلىرى ۋە ئارىشاڭ ھاكىمى ۋاڭ بىڭ-
شاڭلار بىريولىلا يوقىتىلىپ، ئارىشاڭ بازىرى ئازاد قىلىندى.

ئارىشاڭ بازىرىنىڭ ئازاد بولۇشى، شۇ جايدىكى خەلقىنىڭ
ئىنقىلابىي جاسارىتىگە ئىنتايىن زور ئىلھام بەردى. ھەرمىللەت ياش-
لىرى پارتىزان ئەترىتىگە پائال تىزىملاندى. (پەقەت، ئارىشاڭنىڭ
غەربىي تەرىپىدىكى زالمۇتۇ دېگەن قىشلاقتىن 30 نەچچە لەپەرموڭ-
غۇل ياشلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن پارتىزان ئەترىتىگە قاتناش-
قان) بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي قوشۇن ئۇلغايدى.

دۈشمەن مۇداپىئە قوشۇنلىرى توساقتىن ئايرىلدى. ئەكسىچە پار-
تىزانلار مال- مۈلۈك جەھەتتىن تولۇقلاندى. تولۇقسىز مەلۇماتقا
قارىغاندا، 1945-يىلى بورتالادىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئىختىيا-
رى بىلەن پارتىزانلارغا 1152 تۇياق قوي ئىئانە قىلغان. شۇ
يىلى 2-ئايدا بورتالا ناھىيەسى قارا بۇقىدا تۇرۇشلۇق پارتىزان-
لارغا 4000 جىڭ يەم-خەشەك، 1500 دانە نان يەتكۈزۈپ بەرگەن.
سەنتەيدە تۇرۇشلۇق پارتىزانلارغا 16 دادەن يەم-خەشەك، بىر تۇ-
ياق ئۆكۈز، 4000 باغ بىدە يەتكۈزۈپ بەرگەن. 3-ئايدا پارتىزان-
لار ئۈچۈن 10 مىڭ باغ ئوت-چۆپ، 300 دادەن يەم-خەشەك، بىر
يېرىم توننا نان، 560 تۇياق ئىگەر-جابدۇقلۇق ئات قاتارلىق
ماددىي ئەشيالارنى ئىئانە قىلىپ توپلىغان. 6-ئايدا، بورتالادىكى
ھەر قايسى مەسچىتلەر ھەرىكەتكە كېلىپ، مىللىي ئارمىيەگە كۆپ
مىقداردىكى نەق پۇل، قوي، ئاشلىق، سەرەڭگە، تاماكا، سوپۇن، چاي
قاتارلىق ماددىي بويۇملارنى ئىئانە قىلغان. 1946-يىلى 5-ئايدا
بورتالا ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسى مىللىي ئارمىيەگە 1 مىليون
110 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلغان. 6-ئايدا بورتالادىكى ھەر مىللەت ئاياللىرى
مىللىي ئارمىيەگە 22 مىڭ يۈەن نەق پۇل، 360 دانە قوي، تۆت دانە
ئالتۇن ئۈزۈك، بىر دانە كۈمۈچ ئۈزۈك، 5 دانە كۈمۈچ بىلەيزۈك، 120 دانە يامبۇ،
24 لوڭگە، 30 باش ياغلىق، 32 سوپۇن، 5 قولاقچە، 8.4 مېتىر
رەخت ئىئانە قىلغان. ھەر مىللەت خەلقى ئىئانە توپلاپ پارتى-
زانلارغا كۈچلۈك ياردەم قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بورتا-
لادا غەلىبە قىلىشىنى مۇھىم ماددىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.
1945- يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى پار-

مۇناۋىن باشلىقى خوشگىيالڭ ئۆزى بورتالاغا كېلىپ ئورۇشقا قوماندانلىق قىلدى. ھەم تۆت لىيەن ياردەمچى قىسمنى بورتالا، داخىيەنزى، ئوتەي، سەتەيلەرگە ئەۋەتىپ بورتالانى چىڭ قوغداپ، ئاردىشاڭنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى.

1945-يىلى 1-ئاينىڭ 16-كۈنى گومىنداڭ قوشۇنلىرى غالجىرلىق بىلەن قايتارما ھوجۇم قىلىپ، ئىلگىرى-ئاخىرى شاۋيىڭپەن، كونا شاۋپاڭ ۋە قارا بۇقىلارنى تارتىۋالدى. ئاردىشاڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىش خەۋپىدە قالدى. مۇشۇنداق پەيتتە 1000 كىشى ئەتراپىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى ياردەمگە يېتىپ كېلىپ (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەم ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان ئىدى.) پارتىزانلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ غالجىرانە قايتارما ھوجۇمنى چېكىندۈردى. پارتىزانلىق قورۇسىنى مۇستەھكەم ساقلاۋاتقان 80 نەچچە نەپەر دۈشمەن ئوفىتسېر- جەڭچىلىرى ياردەمچى قوشۇنغا ئەگە بولالمىغاچقا پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

2-ئاينىڭ 16-كۈنى دۈشمەن قوشۇنى قارا بۇقىدىن شاۋيىڭپەنگە چېكىندى. كېيىن جىڭغا چېكىندى. 18-كۈنى، بورتالا نايىيىسىنىڭ ھاكىمى شۇسۇگۇتاۋ ۋە مۇناۋىن ھاكىمى فەن شۇسەنلەر يېزا تۆرىلىرى، سودىگەرلەر ۋە كۆپ قىسىم خەنزۇ ئاھالىلىرىنى باشلاپ شەھەرنى تاشلاپ شەرققە قېچىپ كەتتى. پارتىزانلار بورتالانى ئىگىلىدى.

ئاردىشاڭ، بورتالا ئازاد بولۇش بىلەن جىڭدىكى

شۇڭىمۇ ئىلگىرى بېرىشقا ئۈلگىرەلمەي، جىڭدا تۇرۇپ قالغان ئىدى.

جىڭ مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن 1945-يىلى 2-ئايدا گومىنداڭ قوشۇنلىرى جىڭدىكى خەلق ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى چېكىنىشكە مەجبۇرلاپ، خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى بۇزۇپ، تېرەكلىرىنى كېسىپ ئاكوپ، ئىستىھكام قاتارلىق مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ياسىغان. 2 مىڭدىن ئارتۇق خەلقنى مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىپ بىر ھەپتە ئىچىدە بىر ئاددى ئايرودروم ياساپ چىققان. جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، جىڭنى چىڭ ساقلىماقچى بولغان.

4-ئاينىڭ 15-كۈنى مىللى ئارمىيە جىڭدىكى دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قوزغاپ، ئىلگىرى-ئاخىرى ساسەنزە ۋە يۈكجەنخۇ مۇداپىئە لىنىيەسىنى بۆسۈپ ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى 4 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنىدا يېڭىش-يېڭىلىش بولۇپ تۇردى. ساسەنزە، يۈكجەنخۇ ۋە باجاخۇ رايونلىرىدا ھەرەتار تىشىھەك ئۇرۇش بولۇپ تۇردى.

9-ئاينىڭ 3-كۈنى، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، شىبە قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان مىللى ئارمىيە يۈكجەنخۇنى يەنە بىر قېتىم قولغا چۈشۈردى. ئۇرۇشتا شىبەلەر لىيەنى بىلەن دۈشمەنلەر ئوتتۇرىسىدا قانلىق جەڭ يۈز بېرىپ، نۇرغۇن جەڭچىلەر شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. ئارقىدىنلا مىللى ئارمىيەدىن مىڭ نەچچە كىشى باجاخۇنى 3 تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىپ توپقا تۇتتى. جەڭ باشلانغاندىن كېيىن، دۈشمەن تاشيولنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشقان ئىستىھكاملارغا مۆكۈۋېلىپ، مىللى ئارمىيەنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتتى. مىللى ئارمىيەدىن يارىلانغانلار ۋە قۇربان بول-

تىزان ئەترەتلىرى ئاساسىدا مىللىي ئارمىيىنى رەسمىي قۇرۇپ، 5 پولك قىلىپ رەتلىدى. بورتالا، ئارشاڭ ناھىيىلىرىدىكى پارتىزان ئەترەتلىرى موڭغۇل ئاتلىق يەڭگى قىلىپ رەتلەندى. ئىلگىردە يېڭىجاڭلىقتا تەيىنلەندى. بۇ چاغدا جەڭنى گومىنداڭ ئىگەللەپ تۇرغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىلى رايونىغا قاراشلىق 12 نا-ھىيە(مەركىزىي رايونلار) نىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئازات بولدى. ئۇرۇش غەلىبىسىنى يەنىمۇ زورايتىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈ-مىتى شىمالىي لىنىيە تارباغاتاي ۋە ئالتايغا ھوجۇم قىلىش، ئوت-تۇرا لىنىيە جىڭ ۋە شىخۇلارغا ھوجۇم قىلىپ، ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىش، جەنۇبىي لىنىيە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر بىلەن ماسلىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تىزگىنلەپ، شىمالىي ۋە ئوتتۇرا لىنىيىدىكى ھەربىي ئىشلارنىڭ غەلىبە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ لىنىيە بويى-چە ھوجۇمغا ئۆتۈش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى.

4- ئاينىڭ باشلىرىدا، موڭغۇل ئاتلىق يەڭگى بىر قىسىم مىل-لىي ئارمىيىگە ئەگىشىپ، شىمالىي لىنىيىدە ھوجۇمغا ئۆتۈپ، بور-تالانىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قىزىلتۈزدىن تارباغاتايغا ئاتلاندى. ئوتتۇرا يولدىكى 4 مىڭ نەچچە كىشىلىك ئاساسىي قوشۇن جىڭ ئەتراپىدىكى داخېيەنزى، ئاچا داۋان، سەنتەيى، ئۆتەيلەرگە توپلاندى. جەڭدە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنى 7000 كىشىدىن ئارتۇق بولۇپ، 45-دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى كۈچى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىقىغا تەيىنلەن-دى. ئەمدىلا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ تەيىنلەنگەن زو-

شۇ كۈنى كەچ دۈشمەن قالدۇق قىسمى تۆت تېرەككە يېتىپ كې-
لىپ، شىخۇنىڭ 9-ئاينىڭ 7-كۈنىلا قولدىن كەتكەنلىكىدىن ۋە دىۋى-
زىيە باشلىقى گو چىنىڭ ئاز بىر قىسىم ئوفىتسېر-جەڭچىلەرنى
باشلاپ بەدەر تىكىۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇلار 18-كۈنى
كۈيتۈڭ بىلەن يۈكجىخۇنىڭ ئارىلىقىدا ئەسىرگە چۈشىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن، شىخۇنى ئالاپ ئۆتۈپ ماناسقا بېرىۋالغان 1- پو-
لىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دۈشمەن 45-دىۋىزىيەسى پۈتۈنلەي يو-
قۇتۇلدى ۋە ئەسىرگە ئېلىندى.

جەڭدىكى ئورۇشتا مىللى ئارمىيە دۈشمەن قوشۇنىدىن
3000 كىشىنى ئەسىرگە ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە گېنېرال مايوردىن 1
نەپەر، گېنېرال پولكوۋنىكتىن 2 نەپەر، پولكوۋنىكتىن 4 نەپەر، مايوردىن 15
نەپەر، باشقا ئوفىتسېرلاردىن 198 نەپەر بار. 12 دانە مىناموت،
9 دانە زەمبىرەك، 38 دانە پىلموت ۋە زور تۈركۈمدىكى ھەربى
بويۇملار قولغا چۈشۈرۈلدى.

ئارىشاڭ، بورتالا، جىڭ ناھىيەلىرى ئازات بولغاندىن كېيىن،
ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى سابىق گومىنداڭنىڭ ناھىيەلىك ھۆكۈمە-
تىنى ئىلگىرى- كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ناھىيەلىك ھۆ-
كۈمەتلەرنى قۇرۇپ چىقتى.

سابىق بورتالا، ئارىشاڭ موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ
1945- يىلى 9- ئاينىڭ 8- كۈنى مايتاغدا موڭغۇل ئاتلىق ئەس-
كەرلەر پولكى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ھەم «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقى-
لابىنىڭ تۆھپىكار پولكى» دېگەن نام بېرىلدى.

1945- يىلى 9- ئاينىڭ 16- كۈنى تارباغاتاي، ئالتايلار

غانلار كۆپ بولدى. مۇشۇنداق پەيتتە، ئەلى 4-ئىيۇلنىڭ 1-يېرىمىدى-كى زوخرۇللا ئۆزلىگەندىن 5 جەڭچىنى باشلاپ باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەننىڭ 3 ئىستىھكامىنى ئارقا-ئارقىدىن پارتلىتىپ، قىسمىنىڭ ئىلگىرلەش يولىنى ئېچىپ بەردى. 9-ئاينىڭ 7-كۈنى مىللى ئار-مىيە باجاخۇنى ئىشغال قىلدى.

باجاخۇ جىڭ بازىرىغا يېقىن بولۇپ، مىللى ئارمىيىنىڭ قەدەم-مۇ-قەدەم يېقىنلاپ كېلىشى جىڭنى قوغداۋاتقان دۈشمەننى ئەندى-شىگە سېلىپ، تەنتىرىتىپ قويدى. مىللى ئارمىيە مۇشۇ پۇرسەت-نى غەنىمەت بىلىپ، جىڭ ناھىيە بازىرىغا ھوجۇم قىلىش جېڭىنى تېزدىن ئۇيۇشتۇردى. 9-ئاينىڭ 8-كۈنى مىللى ئارمىيە ئومۇ-مىيۈزلۈك ھوجۇم قوزغىدى. دۈشمەن قوشۇنى بازارنىڭ غەربى-تەرىپىدىكى 8 ئىستىھكامنى دالدا قىلىپ، جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. مىللى ئارمىيە پارتلىتىش گۇرۇپپىسىنى چىقىرىپ، دۈش-مەننىڭ ئىستىھكاملىرىنىمۇ بىلەن پارتلاتتى. دۈشمەن پانا جاي-دىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، جىڭ كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، ئىلى-ئۇرۇمچى تاش-يولىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ بەدەر قاچتى.

10-كۈنى دۈشمەن قوشۇنى قېچىپ گورتۇ چوڭ كۆۋرۈككە بار-غاندا، مىللى ئارمىيىنىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچرىدى. بۇ ۋا-قىتتا كۆۋرۈك ئاللىبۇرۇن كۆيدۈرۈلگەن بولۇپ، دۈشمەنلەر سۇ كې-چىپ دەريادىن ئۆتمەكچى بولدى. لېكىن، سۇ كۆپ، ئۇنىڭ ئۈس-تىگە مىللى ئارمىيە كەينىدىن قوغلاپ، ئالدىدىن توسۇپ زەربە بەرگەنلىكتىن ئۆلگەنلەر ۋە يارلانغانلار ناھايىتى كۆپ بولدى.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسىدە تۇرغان چاغلىرىدىكى بىرقانچە ئىش

## دۈشمەننى ئەجەلگە مەھكۇم قىلغان گىرەدە نان

ئەخمەت تۇردىيۇپ

1944-يىلى ئىلى خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى بىر يوللا ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىلى ۋىلايىتىنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرگەن بولسىمۇ، بۇ يەردىكى گومىنداڭ قالدۇق كۈچلىرى غۇلجا شەھرىنىڭ ھەرەمباغ، ئايرودروم ۋە سۈيدۇڭ قاتارلىق ئورۇنلىرىغا تىقىلىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. گومىنداڭ قىسىملىرى ئىلىدىكى قالدۇق قىسىمىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە كېچىخۇ، جىڭ قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدىن 1 دىۋىزىيە ئارمىيە تەشكىللىگەن بولۇپ، بۇ قىسىمنىڭ ئالدى كەسكايدا، كەينى سىتەي، چۆل ئېدىرلاردا غەربكە قاراپ چۈمۈلىدەك يامراپ كېلىۋاتاتتى.

ئىلى ۋاقىتلىق ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ، ئايرودروم ۋە سۈيدۇڭ قاتارلىق ئورۇنلاردىكى تىقىلىپ ياتقان گومىنداڭ قىسىملىرىنى ئاز بىر قىسىم پارتىزانلار بىلەن قورشاپ تۇرۇپ، ئاساسى كۈچىنى تۈپلاپ يامراپ كېلىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىپ، ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغىلى-

ئازاد بولدى . موڭغۇل ئاتلىق پولكى مىللى ئارمىيە بىلەن بىرلىكتە ماناس دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىقىغا يېتىپ بېرىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن تىركىشىپ تۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش نەتىجىسىدە، 10- ئاينىڭ 17- كۈنى تىنچلىق 11 پۈتۈمى ئىمزالاندى.
ئىككىنچى يىلى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.

1949-يىلى 9- ئاينىڭ 25- كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى جاكالاندى . 10- ئايدا خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسى شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپ ، مىللى ئارمىيە بىلەن ئۇچراشتى . 12- ئايدا موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى باشقا مىللى ئارمىيە قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 جۇنى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

خوشۇمنى يىغىۋېلىپ، ئالدىراشلىق بىلەن: «ھۆرمەتلىك گېنېرال، تاپشۇرغىنىڭىزنى بىجانىدىل ئورۇنلايمەن» دەپ جاۋاپ بەردىم. گېنېرال كۈلۈپ كېتىپ: «يارايسىز، خودۇقماڭ، ئۆزىڭىزنى تېتىك تۇتۇڭ. سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلەر ئەڭ موھىم، دۈشمەننى قانچە تېز يوقاتساڭلار شۇنچە ياخشى. ئۇلارنىڭ بېشىنى ئېزىپ تاشلاپ زەھەر چاچالمايدىغان قىلىپ قويۇش كېرەك» دېدى. تۈنۈگۈنلا بىر كەمبەغەل ئائىلىدە كەتپەننىڭ قولى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن بىر ياش، بۈگۈنكى كۈندە گېنېرالنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ، بىر ئەترەتكە قوماندانلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش، ھەقىقەتەنمۇ مېنى ھاياجانلاندۇردى. ھەر قايسى پارتىزان ئەترەتلىرى ئۇرۇش سەپىرىگە مېڭىشتىن بۇرۇن، گېنېرال مۇساھىبەك ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكىنى قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئىككى چوڭ ئىشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىرىنچىدىن، دۈشمەننى ئۆگىسىدىن چىقالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىنقىلابىمىزنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاساس يارىتىدۇ. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە، دۈشمەن كۆپ، بىز ئاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تولۇق قوراللانغان مۇنتىزىم قوشۇن، شۇڭا سىلەر دۈشمەننى يەر شارائىتىدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئوشتۇمتۇت زەربە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تارمار قىلىشىڭلار كېرەك، ھەممىڭلارنىڭ غەلىبە قىلىشىڭلارغا تىلەكداشمەن». ئاخىرىدا ئۇ ئىنتايىن ئىشەنچلىك تەلەپپۇزدا:

دىن كېيىن ھەرەمباغ، ئايردوم، سۈيدۈڭ ۋە باشقا جايلاردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ھۇجۇم بىلەن يوقۇتۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ-نىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىسىگە ئاساسەن، ھەر قايسى جايلاردىكى پارتىزان ئەترەتلىرى تەيپ-لاندى. بىزنىڭ توققۇز تارا ناھىيىسىدىن ئىلىگە كەلگەن ئاتلىق پارتىزان ئەترىتىمىزمۇ گېنېرال ئىسھاقبەكنىڭ قوماندانلىقىدا، كەڭ-سايدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىپ تارمار قىلىشتىن ئىبارەت پۈتۈن ئىنقىلابنىڭ تەقدىرىگە مۇنا-سىۋەتلىك بولغان بۇ ئۇرۇشقا ئاتلاندى.

دىكابىرنىڭ باشلىرى ئىدى، بىز ناھايىتى ئۇيۇشقاق ھالدا چارۋىچىلارنىڭ قىشلاقلىرىدىن ئۆتۈپ، كەڭساي داۋىنىدىن ئېشىپ سېنتەيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قارغانلىقتا يېتىپ كەلدۇق. قوماندانلىق ئىشتاب مۇشۇ جايغا ئورۇنلاشتى. بىز ئۆلۈزىمىز ئېلىپ كەلگەن ئۇزۇقلۇق ۋە يەم خەشەك بىلەن ئاتلارنىڭ ۋە ئۆزىمىزنىڭ قو-ساقلىرىنى تويغۇزۇپ، بىركۈن دەم ئالغاندىن كېيىن گېنېرال ئىسھاق-بەك ھەر قايسى پارتىزان ئەترەتلىرىگە ئۇرۇش ۋەزىپىسى تاپشۇر-دى. جۈملىدىن ماڭا: «ئەخمەت، ئۆز ئەترىتىڭىز بىلەن چۆل ئې-دىردىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى ئۆزدىل-كېسەل يوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى سىزگە تاپشۇرىمەن» دېدى. ھاياتىمدا ئالى قوماندانىنىڭ ۋەزىپە تاپشۇرغان بۇيرۇقىنى تۇنجى قېتىم بىۋاستە ئاڭلىشىم ۋە مۇستەقىل ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن، ھاياجانلىنىپ ھودۇقۇپ كېتىپ پىروزىتسىيە بىلدۈرۈشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. گېنېرال مېنىڭ گەپ قىلمىغانلىقى-مىنى كۆرۈپ: «ھە؟ ئىشەنچىڭىز بوقمۇ يا؟» دېگەندە ئاندىن

ئالدى بىلەن يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىشكە ئەپلىك ئورۇنلارنى تاللىدۇق. ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەدبىرلەرنى بەلگىلىدۇق. تاڭ ئەنىدىلا يورىشىغا ئۈچكە بۆلۈنۈپ ئىنتايىن چەبدەسلىك بىلەن چېدىرلارغا ھۇجۇم باشلىدۇق. ھەر بىر جەڭچى قولىدىكى قۇراللىنى تولۇق ئىشقا سالدى، نەتىجىدە جەڭ بىز ئويلىغاندەك قاتتىق بولمىدى. دۈشمەنلەر بىر ئاز قارشىلىق كۆرسەتكەندەك قىلدى، ئەمما بىز ئىنتايىن تېزلىك بىلەن تارمار قىلدۇق. بارلىق جەڭچىلەر بۇ غەلىبىدىن خۇشاللىنىپ تەنتەنە قىلدۇق، شۇ ۋاقىتتىكى خوشاللىقنى بۇ ئاجىز قەلىمىم بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش مەڭزىدە چوكدەك تۆكۈلۈپ قالغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. بىز تەھلىل قىلغاندەك ھەر بىر چېدىردا راستىنلا 10 دىن ئەسكەر بار ئىكەن. ھەر بىر ئەسكەر توڭ تېزەكتەك قېتىپ قالغان 10 دىن كىمەردە نانىنى يەپقا ئۆتكۈزۈپ، بويىنىغا ئېسىۋاپتۇ.

مەن بۇ غەلىبىنى قوماندانلىق ئىشتابىقا تېز دوكلات قىلىش ۋە يېڭى ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئەترەتنى مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئات مىنىپ قوماندانلىق ئىشتابىقا ئۇچقاندەك يورۇپ كەتتىم. پوس خەۋەر بېرىشى بىلەن گېنېرال ئىسھاقبەك چېدىردىن ئالدىمغا چىقىپ تۇرغان ئىكەن. ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، گېنېرالغا سالام بېرىپ، جەڭ نەتىجىسىنى: ھۆرمەتلىك گېنېرال ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز بويىچە چۆل ئېدىردىكى دۈشمەنلەرنى تامامەن تارمار قىلىپ، 71 دانە ئاق چېدىر، 902 دانە چوڭ-كىچىك ھەر خىل قوراللارنى ئوق-دورىلىرى بىلەن قولىغا چۈشۈردۇق، ئالتە نەپەر ئوفىتسېر، 113 نەپەر ئەسكەر بولۇپ

ـئاتلىنىڭلار»دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

قار قېلىن، يەرجاھان ئاپاق قار بىلەن قاپلىنىپ كەتكەچكە
ئوي-چوڭقۇرنى بىلگىلى بولمايتتى، قىشنىڭ ئىزغىرىدىن شامىلى
قارلارنى ئۇچۇرۇپ ئازگاللارغا تىقاتتى. بوي تارتىپ
ئۆسكەن قارغايلارنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئاپپاق قار لىباس ياپقانـ
لىقتىن ھەيۋەتلىك مۇنارلاردەك كۆرۈنەتتى. ئادەم ۋە ئاتلارـ
نىڭ ئۈستىگە يېپىلغان ئاق نىقاپ قار بىلەن قاپلانغان زېمىن
بىلەن بىردەك بولۇپ، پەرىق ئەتكىلى بولمايتتى. شۇرغان قار
ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرۇپ، جەڭچىلەرنىڭ يۈزىگە ئۇراتتى، قاتـ
تىق سوغۇق كىشىنى زەھەردەك چاقاتتى. لېكىن، بۇ قېتىمقى ۋەـ
زىپىنى ئادا قىلىش ھەر بىر پارتىزاننىڭ قەلبىدە ئوت بولۇپ
يانغانلىقى ئۈچۈن، زەھەردەك سوغۇق تەسىر قىلمايتتى. پارتىزانـ
لار ۋە ئاتلاردىن چىققان تەرنىڭ ھورلىرى قار ئۇچقۇنلىرى
ئىچىدە غايىپ بولاتتى. بىز ئاتلىرىمىزنى بەزىدە مىنىپ، بەزىدە
يېتىلەپ، تەڭرى تاغ باغرىنى بويلاپ، ئېدىرلارنى پانا قىلىپ
تاش يولنىڭ 200 مېتر جەنۇبى تەرىپىدىكى چوڭ ئېدىرلىقتا بىـ
خەتەر يېتىپ كەلدۇق. ئالدىن ئەۋەتىلگەن رازۋېتكورۇپپىلىرىنىڭ
دۈشمەن ئەھۋالدىن بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، چۆل ئېدىردە 100
دىن ئارتۇق چېدىر بارلىقى مەلۇم بولدى. بۇ ئەھۋال مېنى
چۆچۈتۈپ، تەنتىرىتىپ قويدى. ھەر بىر چېدىردە بەشتىن ئەسـ
كەر بولغاندا 500 ئەسكەر بار، ئەگەر 10 دىن بولغاندا 1000
ئەسكەر بار دېگەن گەپ. دۈشمەن كۆپ، بىز ئاز، شۇڭا، بىر
مەيدان كەسكىن جەڭ بولىدىغانلىقى ھەممىزگە ئايان ئىدى. بىز

ئېلىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مەن قولۇمدىكى گەردە نانىنىڭ شۇنچە ئېغىرلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدىم. گېنېرالغا چىن دىلىمدىن قايىل بولدۇم.

## چۆل ئېدىردىن بورتالاغا يۈرۈش قىلىش

1940-يىلى ماي ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالدىنقى سەپكە يۈرۈش قىلىش ئورتا يۆلۈنۈش ئىنقىلابىي مۇنتىزىم قىسىمىدىن سۈيدۈڭ 1-پىيادە پولىك (شىخۇ ئازاد بولغاندىن كېيىن تۆت پولىك قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن) سېپىلەتتۇزا، سەنتەي، چۆل ئېدىر قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان ئىدى، مەن تۇرغان 1 روتا چۆل ئېدىردا ئىدى.

چۆل ئېدىر بورتالا ناھىيىسىگە قاراشلىق بولۇپ، شەرقىي تەرىپى سەنتەي، غەربىي تەرىپى سەنتەي، جەنۇبىي تەرىپى تەڭرى تاغ تىزمىلىرىغا، شىمالىي تەرىپى قۇرۇق تېرەك تاغلىرىغا تۇتاشقان، ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق چۆلدەك ئېدىرلىق، قاتمۇ - قات قۇرۇق ساي-جىرالار بىلەن تولغان سۇسىز چۆل ئېدىر ئىدى. ئەمما ئۆيەرنىڭ يەر تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى مۇداپىئەلىنىشكە ناھايىتى ئەپلىك بولۇپ، ئىلى ۋىلايىتىنى ئۈرۈمچى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان تاشيولنىڭ مۇقەررەر كېسىپ ئۆتىدىغان جايى بولغاچقا ئۇرۇشتا مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن ئىدى. قوشۇنىمىز مانا مۇشۇ جاينى تاللاپ ئورۇنلاشتى. ئالدى بىلەن بىز 11 كىشى ياتقۇدەك قىلىپ ئورەك قېزىپ، تاغلاردىن قارىغاي سۆرەپ كېلىپ ئۈستىنى يېپىپ، ئۆپا قىلدۇق. ئەينى ۋاقىتتا چۆل

جەمئىي 119 نەپەر دۈشمەن ئەسىرگە ئېلىندى، ئۆلگەنلەرنىڭ سانـ
ـنى ئالالمىدۇق.» دەپ مەلۇم قىلدىم، گېنېرال دوكلاتىمدىن مەمنۇن
بولدى. مەنمۇ ئىنتايىن مەغرۇرئىدىم. گېنېرال بۇ غەلىبىنى ئاڭلاپ بىرنەرـ
سىنى ئويلىغاندەك قىلدى-دە، چېدىرىغا كىرىپ تەپسىلى دوكلات
قىلىشنى ئېيتتى. مەن گېنېرالغا ئەگىشىپ چېدىرغا كىرىپ، ئۇرۇش
ئەھۋالىنى تەپسىلى دوكلات قىلدىم، گىردە نان مەسىلىسىگە كەلگەنـ
دە ئېلىۋالغان 10 تىزىق گىردە ناننى ئېلىپ كېلىپ گېنېرالنىڭ
قولىغا بەردىم، گېنېرال گىردە ناننى قولىغا ئېلىپ ئۇياق-بۇياقـ
قا ئۆرۈپ كۆرۈپ: «سىلەرنىڭ چۆل-ئېدىردىكى گومىنداڭ قوشۇنىنى
تېز تارمار قىلىپ غەلىبە قىلىشىڭلاردىكى ئاساسىي ئامىل مانا مۇـ
شۇ گىردە ناندا» دېدى. گېنېرال ناننى قولۇمغا قايتۇرۇپ بېرىپ،
سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بۇ گىردە ناننىڭ تېشى قىزىرىپ پىشـ
قاندەك تۇرغان بىلەن ئىچى پۈتۈنلەي خام ھەم پېتىر، بۇنداق
نان مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇقتا چۆيۈندەك قاتىدۇ، ئادەمنىڭ چىـ
شى تۇرماق ئاي پالتا بىلەن چاپسىڭىزمۇ ئۆتمەيدۇ. گومىنداڭ
ئەسكەرلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە سىلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىڭلار مانا
مۇشۇ گىردە نانغا باغلىق. ھەر قانداق بىر ئارمىيىنىڭ تەمىناتى، ئوـ
زۇقلىنىشى ئۇرۇشتا يېڭىش، يېڭىلىشتىكى مۇھىم بىر ئامىل. خەلـ
قىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-ئىدرىكىنى ئىشقا سېلىپ، گومىنداڭنىڭ
سېلىقىنى ئەپچىللىك بىلەن ئادا قىلىپ، پەۋقۇلئاددە شاـ
رائىتتا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ئەجەل دورىسى بېرىپ، ئالدىنقى
سەپ پارتىزانلىرىغا ئەملى ياردەم بېرىپتۇ، بىزنىڭ تۈگىمەس كۈچ
قۇدرىتىمىز باتۇر ئەقىل-ئىدرەكلىك خەلقىمىزدە.» دېدى، گېنېرال

دەرە-جىرالار قالمىدى. بىز قىلمىغان جەڭ مەشىقى قالمىدى. يا كومىنداڭ ئارمىيىسى ھۇجۇم قىلمىدى، يا بىز ھۇجۇم قىلمىدۇق. قاچانغىچە بۇ چۆل-ئېدىرنى ساقلاپ ياتىمىز؟ جەنۇبى شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىزگە قاراپ كۆزى تېشىلىپ كەتكەندۇ. ئەقەللىسى تاپىنىمىز ئاستىدىكى جىگدىكى جەڭگىمۇ قاتنىشالمىدۇق. پارتىزانلىرىمىز نېمە دەۋاتقاندۇ؟ جىلغ ئۇرۇشىدا يارىدار بولغانلارنى ھەر كۈنى ماشىنا بىلەن يېنىمىزدىن ئېلىپ ئۆتۈۋاتىدۇ، بەزى يارىدارلارنىڭ يارىسىنى روتىنىڭ سېستىراسىغا تاڭغۇزۇپ ماڭدى. ئىچىم قايناپ بىئارام بولۇۋاتىمەن» دېدىدە ئاستا ئورنىغا قىيسايدى. بارلىق جەڭچىلەر تەرەپ-تەرەپتىن توختىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىشىپ: «توختى ھەممىزنىڭ يۈرىكىدىكى گەپنى قىلدى» دېيىشتى. كۆرەي كەلگەن پىلىموتچىمىز ئورازقان: «قاچان پىلىموتەنى ئىشقا سالارمەن دېگەن ئوي-پىكىر مەندىن زادى نېرى كەتمەيدۇ» دېدى ھەم يېنىغا قويۇلغان پىلىموتنى سىلاپ تۇرۇپ: «سىز بىلىمىزغۇ ئەزۋۇت كوماندىرى، دۈشمەنگە قانداق زەربە بەرگەنلىكىمنى» دېدى ماڭا قاراپ(ئىككى كۈندىن بۇرۇن قارىغا ئېتىشمەشىقىدە 10 تال ئوقنى ئۆز جايىغا تەككۈزگەنلىكىنى دېمەكچى).
مەن كۆپچىلىككە قاراپ: «جەڭگىۋارلىقىمىز پەسىيىپ يېتىلگەن بولسىمۇ ھوشيارلىقىمىزنى يۇقىرى كۆتىرىپ، مۇداپىئەلىنىشنى كۈچەيتىپ، ھۇجۇم تەييارلىقىنى پۇختىلاپ، قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈشىمىز كېرەك» دېدىم. دەل مۇشۇ پەيتتە روتىنىڭ يىغىلىش سىگنالى چېلىندى. بۇ ۋاقىت 1945- يىلى 8- ئاينىڭ 16 - كۈنى كەچ سائەت 10 ئىدى. پۈتۈن روتا بەش مىنۇت ئىچىدە مەيدان-

ئېدىر چۆل ئەمەس، ئاۋات ئىدى. جەڭچى-ئوفىتسېرلار ياڭراتقان
جەڭگىۋار زەپەرمارشى ساداسى ئېدىر-جىرالارنى چاڭ كەلتۈرەتتى.
سۇيدۇڭ 1- پىيادە پولك، جۇملىدىن 1- روتىنىڭ جەڭچى-ئوفىتس-
-ېرلىرى پۈتۈن شىنجاڭنى ئازات قىلىش مەقسىتىدە، بىر تەرەپ-
-تىن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش
ئۈچۈن ئاكوپ-ئىستېھكاملارنى مۇستەھكەملىدۇق (شۇ چاغدا جىڭ
ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن 3 ۋىلايەت پارتىزان-
لىرى شىددەتلىك جەڭ قىلىۋاتاتتى)، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىي
مەشىقنى چىڭ تۇتۇپ، ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىلىرىنى ئۆگەندۇق،
يەر شارائىتى بىلەن تونۇشتۇق ۋە ھەر خىل قورال جابدۇقلارنى
ئىشلىتىش تېخنىكىلىرىنى پىششىق ئۆگەندۇق. دالا مەشىقى ئېلىپ
بېرىش ئارقىلىق، مۇنتىزىم ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىلىرىنى ئاساس
جەھەتتىن ئۆزلەشتۈرۈۋالدۇق. بارلىق ئوفىتسېر-جەڭچىلەر شىنجاڭنى
ئىمكان قەدەر تېزدىن ئازاد قىلىش مەقسىتىدە، يۇقىرىنىڭ
جەڭ قىلىش بۇيرۇقىنى تەقەززارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇردۇق. بىر كۈنى كەچ-
تە ئۇخلاشتىن بۇرۇن يېنىمدا ياتىدىغان جەڭچى توختى تاماكىنى
توختاتماي قاتتىق شوراپ ئوھ تارتىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن بى-
ئاراملىقى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ: «بۇرادە كەيپىيا-
تىڭ باشقىچىغۇ، نېمە بولدى» دېدىم ئادەتتىكى تەلەپپۇزدا
ئۇ: «ئەزۋۇت كوماندىرى سىزنىڭ ئىچىڭىز مۇتىت-تىت بولۇۋاتقاندۇ» دېدى. ئۇ
تاماكىنى يەنە ئىككى شوراپ يەرگە سۈركۈپ ئۆچۈردى-دە، ماڭا
بىر قاراپ قويۇپ: «بىزنىڭ چۆل ئېدىرگە كەلگىنىمىزگە 2-3 ئاي بولۇپ
قالدى، بۇ جەريانىدا بىز كولىمىغان ئاكوپ، بىز باسمىغان ئې -

دىن ساقلىنىش، شۇڭا، ھوشيارلىق بىلەن مېڭىپ، ئەستەرويىنى بوز-
ماسلىق، قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىسىز ھەرىكەت قىلماسلىق كېرەك.
يول يىراق ئۆتەڭگەنلەرنىڭ پىتەكىنى يومشاقىراق سېلىپ، پاي-
تىماقلارنى ياخشىراق ئوردىغايسىلەن. دۈشمەن ئەسكەرگاھىغا يېقىن-
لاشقانسېرى دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ زەربىسىگە شۇنچە كۆپ
ئۇچرايمىز. ۋەزىپىمىز ئېغىر ھەم جاپالىق، لېكىن شەرەپلىك. بۇ
تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە شەرەپلىك ۋەزىپىنى شىنجاڭ خەلقى ۋە قو-
ماندانلىق شىتابى بىزگە تاپشۇردى. بىز تاكى غەلىبىنى ئۈزۈل-
كېسىل قولغا كەلتۈرمىگىچە توختىمايمىز. بۇ مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ ئىرا-
دەڭلەر بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن ئىنقىلاۋىيىمىزنىڭ ئىرادىسى.
شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدى-ئىدى. جەڭ-ئۇرۇشلار-
نىڭ چېنىقتۇرۇشىنى باشتىن كۆچۈرگەن روتا كوماندىرى راشىدىن ئاتى-
لارچە مەھرى بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: ئەتە پۈتۈن پولىك،
جۈملىدىن بىزنىڭ روتا قۇرۇق تېرەك يولى ئارقىلىق داۋان ئې-
شىپ بورتالاغا كىرىمىز. ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قې-
لىشىمىز مۇمكىن. بورتالا خەلقى ئىنقىلابىي ئىرادىسى كۈچلۈك،
مەيدانى مۇستەھكەم، مۇئامىلىسى قىزغىن، ئىشچان، باتۇر خەلق. بورتالا
خەلقى ئىنقىلابىمىزنىڭ ئىلقىدا ئېتىلغان تۇنجى ئوق ئاۋازىنى
ئاڭلاش بىلەنلا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىنقىلابىمىزغا ياردەم
بەردى. پارتىزانلىرىمىز چۆل ئېدىرلاردا دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ
قىلىۋاتقاندا ئۇلار ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ،
دۈشمەنلەرگە ئەجەللىك زەربە بەردى. بۇ جەھەتتىكى كىشىنى تە-
سىرلەندۈرىدىغان ھېكايىلەرنى ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن سىلەرگە

غا ھازىر بولدى. روتا كوماندىرى راشىدىن، مۇئاۋىن كوماندىرى ئارتىقوپ (سوۋېتلىك ئۆزبېك) لار جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋار ھالىتىنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ كۆزدىن كەچۈردى. مۇئاۋىن روتا كوماندىرى ئارتىقوپ ئىستروېدا مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان توختىنى كۆرۈپ مەمنۇن بولغان ھالدا: «يارايسەن» دەپ توختىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى. جەڭچى توختى 19 ياشلاردىكى كەڭغوللۇق، قارا قاشلىق، كۆزلىرى چوڭ يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن كۈچ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ئادەتتە ئانچە كۈلۈپ ئويۇن چاقچاق قىلمايتتى. تازا كۈلدى دېگەندىمۇ مىيىغىدە كۈلۈپ قوياتتى. ئۇنىڭ روھى ھالىتى داۋاملىق تېتىك ئىدى. ھەر ئىشتا چېچەن ۋە زېرەك بولۇپ، خىزمەتلەرنى بىجانىدىل ئىشلەپ، ھەربىي ھەرىكەتلەردە ھەر قاچان ئالدىدا ماڭاتتى. مىلتىق، گىرانات، باكولوشكا ۋە كىچىك ھەربى كۆرجەكلەرنى ھەربىي تەلەپ بويىچە رەتلىك ئاساتتى.

روتا رەھبەرلىرى تەكشۈرۈپ كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، روتا كوماندىر راشىدىن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانىنىڭ ھەم سۈيدۈڭ 1-ئاتلىق پولك ئىشتاپ قوماندانىنىڭ ئالدىنقى فىرونتقا يۈرۈش قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇقنى يەتكۈزدى. بۇنىڭدىن پۈتۈن روتىدىكى ئوفىتسېر-جەڭچىلەر ھاياجانلىنىپ، ھۇررا-ھۇررا! دەپ تولاشتۇق، ھۇررا ساداسى پۈتۈن چۆل ئېدىرنىڭ ساي-جىرالىرىدا جاراڭلىدى. روتا كاماندىرى ئۇزۇلۇپ قالغان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «كېچىدە يۈرۈش قىلىشىمىزدىكى سەۋەب دۈشمەننىڭ رازۋېت ئايروپىلانلىرى ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى-

ئېتىزلىقلار بولۇپ يېرىلىك كىشىلەر بۇيەرنى «لەڭگەتەي» دەپ ئاتى-
شىدىكەن. ئەنە شۇ سىزىلىك بۇلاقلاردىن قېنىپ-قېنىپ سۇ ئىچتۇق.
دەرياغا چۆمۈلۈپ دەم ئالدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي شۇۋاقىتلاردىكى ھا-
كىملاردىن ئىمىتاجى، لامجىل، قوسمانىيە، سوت باشلىقى بالامە-
ھەممەت، ساقچى باشلىقى ھاشىماخۇن قاتارلىق ھۆكۈمەت ئەمەل-
دارلىرى، يۇرتىمىزنىڭ ئاقساقال-مۆتىۋەرلىرى، دېھقان- ئىشچىلار ۋە-
كىللىرىدىن بولۇپ 1000دىن ئارتۇق كىشى قوغۇن- تاۋۇز-يېمەك-
ئىچمەك، ھەتتا گۆش گىردە، سامسا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ
ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. بورتالا دەريا بويى ئارمىيە بىلەن
خەلقىنىڭ شاتخورام ساداسىغا چۆمدى. بورتالا خەلقىنىڭ قىزغىن
ئالقىشى جەڭچىلىرىمىزنىڭ كۆرەش ئىرادىسىگە زور دەرىجىدە ئىل-
ھام بەردى. بازارغا كىرگەندە ھەرمىللەت خەلقى يولنىڭ ئىككى
تەرىپىدە تۇرۇپ بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. بەزى ياشلار سېپ-
ىمىزگە كىردۈۋېلىپ، چىن دىلىدىن ئەسكەر بولۇشنى تەلەپ قىلدى.
بىزنىڭ 1- روتا مەتربېھىم ھاجىنىڭ تۆگمەن بېشى بوستانلىقىغا ئور-
رۇنلاشتۇق. بۇيەر گۈل-گىيالار ھەممە يەرنى قاپلىغان ھاۋاسى ساپ
بوستانلىق بولۇپ، ھەقىقەتەن دەم ئېلىشقا ياخشى جاي ئىكەن. بوستانلىق
ئوتتۇرىسىدىكى تولدۇرۇپ سېلىنغان گىگىزدە بەھۇزۇر ئېغىناپ دەم
ئالدۇق ۋەكۆكۈل ئاچتۇق. بۇ يەردە بىرھەپتە تۇرۇپ قالدۇق.
دەم ئېلىش شارائىتىمىز شۇنداق كۆڭۈلدىكىدەك بولسىمۇ بىزنىڭ
قەلبىمىزدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىپ، ئازاپ-ئوقۇبەتتە
ياشاۋاتقان قېرىنداشلارنى بالدۇرراق ئازاد قىلىشتەك ئالىي مەق-
سەت ئوت بولۇپ يانغانلىقتىن كۆڭلىمىز ئارامىدا ئەمەس ئىدى.

بولغان سۆزلەپ بېرەلمەيمەن. كېيىن ئۆزەڭلار ئاڭلارسىلەن، دې-
دى. ئۈجەنچىلەرنىڭ بورتالا خەلقىنىڭ قانداق ئۇرۇش قىلغان-
لىقىنى ئاڭلاشقا تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئاخىرى، بورتالا
خەلقى غەزەپ ۋەغەيرەتكە كېلىپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى بېرىيول-
لا ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ھازىر بورتالا پارتىزانلىرى جەڭ، داخىيەن-
زى، يۈنجىخولاردىكى گومىنداڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ
قىلىپ، بىزنىڭ بورتالا قىزىلتۇز كۆلى ئارقىلىق دۈشمەن كۈچ-
لىرى توپلانغان شىخۇغا يان تەرەپتىن زەربە بېرىشىمىز ئۈچۈن
ھەرخىل پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. شۇنداقلا بورتالا
ئارقا سەپ تەمىنات بازىسى. شۇڭا ئۇيەرگە بارغاندىن كېيىن،
خەلق بىلەن مۇئامىلىدە قىزغىن بولۇش، چوڭلارنى ھۆرمەت قى-
لىش كېرەك. ئىنقىلابىي ئارمىيە خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنى دې-
گەن نامغا مۇناسىپ ئىش قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.» دېدى
ھەم يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. قوشۇن ئۈچ سەپ بولۇپ يول-
غا چىقتى. ھەربىر ئىزۋوت 5 مېتىردىن ئارىلىق قويۇپ ماڭدى. تۈن
ئىنتايىن قاراڭغۇ بولۇپ خۇددى قارا قازاننى دۈم كۆمتۈ-
رۈپ قويغاندەك سىزىلەتتى. جەڭچىلەر ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قى-
لىپ، تاماكىمۇ چەكمەي، بىر-بىرى بىلەن پاراڭلاشماي ئۈن-تۈنسىز
ماڭاتتى. ئەنە شۇتەرىقىدە بىركېچە يۈرۈش قىلىپ، ئەتىسى سا-
ئەت 10 لاردا بورتالانىڭ تاش كۆۋرۈك دەريا بويىغا يېتىپ كەل-
دۇق. كۆۋرۈكنىڭ غەربىي شىمالى (دەريانىڭ شىمالىي)
تەرەپىدىكى ئىككى مودەك يەردە سازلىق بولۇپ، ئورغۇنلىغان
بۇلۇقلار بار ئىكەن. كۆۋرۈك بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقىدا

نىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە كېلىدىكەن دېگەن كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان خەۋەر يېتىپ كەلدى. مەن شىركۈنى باتالىيون دىۋورنە-ىئىدىم. پولىك كوماندىرىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، مەن ئەخ-مەتجان قاتارلىق رەھبەرلەرگە قىسمىمىزنىڭ جەڭگىۋار ھالىتى ھەق-قىدە دوكلات قىلىشقا تەييارلاندىم. قەلبىمدە ئەخمەتجاننى ئىنتا-يىن ھۆرمەت قىلاتتىم ھەمبىر كۆرۈش ئارزۇيۇم بارئىدى. ئەنە شۇ ئارزۇيۇم بۈگۈن ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى. قەلبىم ئۆركەشلەپ، ئۆزەمنى ھېچبىر باسالمىدىم. بۇيالغۇز مېنىڭ ئارزۇيۇم بولماستىن مىڭلىغان جەڭچىلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئىدى. ئۇزۇنتۇلماس ۋاقىت ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسھاقبەك ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باشلىق بىرقانچە رەھبەرلەر ئالدىنقى سەپ قىسىم قوماندانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قىسمىمىزنىڭ تۇرار جايىغا يېتىپ كەلدى. مەن ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا ھەربىي قائىدە بويىچە ھۆر-مەتقەدەم بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەربىيچە سالام بېرىپ، قىسمىمىزنىڭ جەڭگىۋار ھالىتىدىن قىسقىچە دوكلات قىلدىم، ئەخمەتجان قاسىمى بەكمۇ يارىشىملىق ماش رەڭ ھەربىي كىيىم، پۇتىغا ھەربىيچە سېرىق ئۆتۈك كىيگەن بولۇپ، مېنىڭ دوكلاتىمنى يېقىملىق- سەممىي تەبەسسۇم بىلەن دىققەت قىلىپ ئاڭلىدى. ئىمزىنىڭ شۇچاغدىكى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئىللىق چىرايى، كەڭپېشانىسى ۋە ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقان قاپ-قارا بۇرۇتى-تاھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى دوكلاتىمنى ئاڭ-لاپ بولۇپ ھەربىيچە سالام بەردى. ھەمسەپ بولۇپ تىزىلىپ تۇرغان ئوفىتسېر- جەڭچىلەرگە سالام بېرىپ: «جەڭگىۋار جەڭچى- ئوفىتسېر-

دەم ئېلىشتا كوچىلارغا چىقىش خىيالىمىزغىمۇ كەلمەيتتى. ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ قوراللارنى سۈرتۈپ، جەڭ مەشىقى قىلىپ، ئۇرۇشتەييارلىقنى قىلدۇق. پۈتۈن ئەسيادىمىز ئالدىنقى سەپكە يۈرۈش قىلىشتا بولدى. 1945-يىلى 8-ئاينىڭ 23-كۈنى بورتالا خەلقى بىزنى داغ-دۇغىلىق ئۇزىتىپ قويدى. بىز قىزىل تۈزكۆلى ئارقىلىق جىڭنى ئەگىپ ئۆتۈپ، شىخۇغا قاراپ يۈرۈش قىلدۇق.

## ئۇنتۇلماس خاتىرە

1948-يىلى سىنتەبىر ئايلىرىنىڭ باشلىرى ئىدى. مەن بۇ چاغدا شىخۇ 40-پولكنىڭ 3-باتالىيون 7-روتىسىنىڭ كوماندىرى ئىدىم. پولكىمىز 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش ئالدىنقى سەپ قىسمى بولۇپ، شىخۇ ناھىيىسىدىن 60كىلومېتر يىراق جايدىكى ئەنجىخەيگە ئورۇنلاشقان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئالدىنقى قىسىملار جەنۇبىي تەرەپتە قاراتۆگىنىڭ كۆكبۇلاق دېگەن يېرىدىن باشلىنىپ، شىمالىي تەرەپتە چولاق تېرەك ۋەجۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ قۇملۇقلىرىغىچە قۇرۇلغان ئىستىھكاملاردا جەڭگىۋار ھالەتتە ھوشيارلىق بىلەن تۇراتتى. بۇ مەزگىل گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «پۈتۈم»نى قەستەن بۇزۇۋەتكەنلىكتىن، 3 ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ قىسىملىرى جىددىي ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغان مەزگىل ئىدى. شۇڭا بىز گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز ئىستىھكام ياساپ جەڭ مەشىقى قىلىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆردۇق.

بىر كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەر ئالدىنقى سەپ-

غا ئاساسەن پەيدىن يۇقىرى دەرىجىلىك بارلىق ئوفىتسېرلار ئىش-
تاپ يېنىدىكى ئورمانلىقتا ئاددىي قىلىپ ياسالغان يازلىق كۆ-
لۈب ئالدىغا يىغىلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ گۈلدۈراس ئالقىش
سادالىرى ئىچىدە سەھنىگە چىقتى. سەھنىگە جۇڭگو خەرىتىسى ئې-
سىلدى. ھەممىمىز قانداقتۇر بىر جىددى ۋەزىپە بېرىلىدۇ، دېگەن
ئويدا ئىدۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قولىغا ئىنچىكە بىر تال چىۋىق
ئالغان ھالدا سالماق قەدەم بىلەن خەرىتە قېشىغا كېلىپ
ھەممىمىزگە قاراپ: «ھۆرمەتلىك ئوفىتسېرلار، كوماندىرلار يۇقىرىنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن بۈگۈن مەن سىلەرگە جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ
قولىغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن»
دېدى. (قىزغىن ئالقىش) ھەممىمىز زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ
دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇردۇق. ئۇ ئالدى بىلەن گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرىنىڭ "11 پۈتۈم" نى بۇزغانلىقى، يەتتە ۋىلايەت خەلقى-
گە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرى ۋە خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ زۇلۇمىغا
قارشى كۈرەشلىرى ئۈستىدە سۆزلىدى. بۇ چاغدا مەندە:
تاكتىكا- ستراتېگىيە جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك بىزدە، بىز تەشەببۇسكار-
لىق ھوقۇقى ۋە ھوجۇم قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە. بۇنىڭ ئەكسى-
چە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىپ، ئا-
مالسىزلىقتىن «پۈتۈم»گە ئىمزا قويغان. ئەندى بولسا گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرى «پۈتۈم» نى قەستەن بۇزۇپ، خەلققە شۇنچە زور-
لۇق- زومبۇلۇق قىلىپ، تۈگىمەس ئازاب- ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرۈ-
ۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، ھەجەبا، بىز پاسسىپ مۇداپىئەدە تۇر-

لەر سالامەتمۇ سىلەر؟» دەپ ئەھۋال سورىدى. جەڭچى- ئوفىتسېر-
لەرنىڭ بىر ئېغىزدىن: «ۋەزىپىنى ئۆتەشكە تەييارمىز!» دېگەن جەڭگى-
ۋار سادالىرى يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. دەل-دەرەخلەرگە قو-
نۇپ ئارام ئېلىۋاتقان قۇشلارمۇ ئەخمەتجان ئەپەندىگە ھۆرمەت بىل-
دۈرگەندەك جەڭچىلەرنىڭ سالتەنەتلىك ئاۋازى بىلەن تەڭ قانات
قېقىپ پەرۋاز قىلىشتى. ئارقىدىنلا ئەخمەتجان قاسىمى ئىسھاق-
بەك، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىق رەھبەرلەر قىسىمنىڭ ئۇرۇش
تەييارلىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئاكوپ، لەخمىلەرنى،
جەڭچىلەرنىڭ ياتاق- ئاشخانىلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈردى. ئەخ-
مەتجان قاسىمى تەكشۈرۈشتىن كېيىن جەڭچى-ئوفىتسېرلەرگە: «بار-
لىق جەڭچى- ئوفىتسېرلەر يۈكسەك جەڭگىۋارلىقنى ساقلاپ،
ئۆز ئىستەھكاملىرىنى يۈكسەك ھوشيارلىق بىلەن قورۇپ ۋە قوغداپ
تۇرغانلىقتىن، ئارقىمىز خاتىرجەم تۇرماقتا. لېكىن دۈش-
مەننىڭ تەۋەككۈلچىلىك قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھوشيار-
لىقىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، جەڭگىۋارلىقىمىزنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرۇپ
قويماسلىقىمىز كېرەك... پات ئارىدا يەتتە ۋىلايەتمۇ تەلتۆكۈس
ئازات بولىدۇ، شۇ ۋاقىتتا ھەممىمىز تېخىمۇ خاتىرجەم بولىمىز»
دېدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزلىرىنى جەڭچى-ئوفىتسېرلەرنىڭ
قىزغىن ئالقىش-ھۇررا سادالىرى پات-پات ئۈزۈپ قوياتتى. ئەخ-
مەتجان قاسىمى كۆزدىن كەچۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن
باشقا رەھبەرلەر بىلەن بىرلىكتە قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئى-
چىدە پولكنىڭ ئىشتابى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن پولك ئىشتابىنىڭ ئۇقتۇرۇش

گو كومۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ غەلىبىسى، ئالغا ئىلگىرلىشى ئوخشاشلا بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرلىشىمىز ئىكەنلىكىنى، نىشانىمىزنىڭ بىردەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مەن جۇڭگو كومۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو كومۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ھەققىدە دەسلەپكى ساۋاققا ئىگە بولدۇم. شۇنداقلا بىزنىڭ مۇداپىئە كۆرۈپ تۇرۇشىمىز شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى كۈچ بىلەن ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا قىستاش ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈپ يەتتىم. خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ غەلىبىسى بىزنىڭمۇ غەلىبىمىز ئىكەنلىكىنى ۋە بىزنىڭ ئىنقىلابىي تۇرۇشىمىز جۇڭگو كومپارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق تۇرۇشىنىڭ تەركىۋىقىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈپ يەتتىم، نەزەر دائىرەم كېڭەيدى. 1949-يىلى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازات بولۇشى مىللىي ئارمىيە بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قېرىنداش قوشۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

شۇ كۈنى كەچ 2-پولكىنىڭ يەر ئاستى كۇلۇبىدا پەيدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلار ۋە سىياسىي خىزمەتچىلەر قاتناشقان يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا ئەخمەتجان ئەپەندى سۆز قىلدى. ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: «ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ سىياسىي دوكلاتىنى ياخشى ئۆگىنىپ ئىنتىزامچانلىقنى، جەڭگىۋارلىقنى ۋە ھەربىي مەشىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش لازىم» ئاخىرىدا مۇنداق 3 تۈرلۈك كونكرې-

مىزمۇ؟ نىمىشقا ھوجۇم قوزغىمايمىز؟ دېگەنگە ئوخشاش ئويلار
بار ئىدى. ئابباسوپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسى رەھبەرلىگەندىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيە نەنكىڭ ئال-
خىرقى غەلىبىنى پىلانلىق قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، ئۆزلىرىنىڭ
ئىنقىلابىي بازىسى يەنئەندىن 1947-يىلىنىڭ باشلىرى چېكىنىپ
چىققاندا شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى يوقاتتۇق، دەپ پو ئاتقان ئىدى. ئۇلار-
نىڭ بۇنداق پىتنە ئىغۋالارنى تارقىتىشتىكى مەقسىدى 3 ۋىلا-
يەت ئىنقىلابىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئىدى. لېكىن گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرى چوتنى خاتا سوقتى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەل
قىلغۇچ ھوجۇمغا ئۆتۈپ يەنئەننى قايتۇرۇۋالدى. شەرققە يۈرۈش
قىلدى، دېدى. ئۇ قولىدىكى چىۋىق بىلەن خەرىتىدىكى ئورۇنلارنى
بىر-بىرلەپ تەپسىلى كۆرسىتىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
ھەر بىر ئۇرۇش مەيدانلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق ئۇرۇش
غەلىبىلىرى، ئۆۋەتتە بولىۋاتقان ئۇرۇش، ئۆلگەن-يارىلانغان، ئەس-
سىرگە ئېلىنغان ۋە تەسلىم بولغان دۈشمەن سانى قاتارلىق كون-
كىرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلى توختالدى. بىزنىڭ ھوجۇمغا
ئۆتمەي تۇرۇشىمىزنىڭ قىسقىچە سەۋەپلىرىنى، يەنى- گومىنداڭنىڭ
شىنجاڭدا 100000 كىشى ئەتراپىدىكى ئەسكىرى كۈچى تۇرۇۋاتقانلىقى، ھو-
جۇمغا ئۆتكەندە قان تۆكۈلىدىغانلىقى بىز مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلى-
رىنى قوللانغىنىمىزدا ئىنقىلابىي كۈچ ساقلىنىپلا قالماستىن، بەلكى،
گومىنداڭ قوشۇنلىرى مىدىر قىلىشقا پېتىنالماي باشقا ئۇرۇش
مەيدانلىرىغا ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتەلمەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا جۇڭ-

# بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخ ماتېرىياللارنى توپلاش تېزىسى

(1988 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى 6 ـ نۆۋەتلىك 4 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللانغان)

## بىرىنچى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى تارىخى ۋەقەلەر ۋە تارىخى شەخسلەر

### سىياسىي ھەربىي ئىشلار جەھەتتە

1) چاقار موڭغۇللىرىنىڭ ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ غەرپكە كۆچۈشىگە ئائىت تارىخى ماتېرىياللار.

2) چاقار موڭغۇللىرى غەرپكە كۆچكەندىن كېيىن بورتالادا 13 خارۇل (قارۇل) نىڭ قۇرۇلۇشى ھەم چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش جەريانى.

3) تورغاۋۇتلارنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىش جەريانى، ئۇنىڭ غەربى قەبىلىسىنىڭ جىڭدا تۇرۇپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالى.

4) شىۋەيىگىنىڭ غەربكە كۆچۈپ كېلىپ جىڭدا تۇرغانلىقىغا ئائىت خاتىرەلەر.

رتنى يېڭىلىرۇق بەردى: «بىرىنچى، بىز ھازىرغىچە ئارمىيىنىڭ ئۆز- زۈق- تىزلىك مەسىلىسىنى ئاساسەن بايلاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىش ئارقىلىق ھەل قىلىۋاتىمىز، بۇ ئەھۋالنى ئىمكان قەدەر ئۆزگەرتىپ، ئۆزىمىز ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ ئۆز-ئۆزىمىزنى تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قىسىملار بىر بۆلۈك كۈچ ئاجرىتىپ، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇش لازىم، بۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئىككىنچى، قىسىمدىكى جەڭچى-ئوفىتسېر- لەر ئىمكان قەدەر تېزدىن ساۋات چىقىرىش، تېخنىكا ئۆگىنىش، بىلىم ئاشۇرۇش كېرەك. بۇجەھەتتە پەلان تۈزۈپ چىقىپ، تەدبىر قوللىنىش لازىم. ئۈچىنچى، ھەربىي مەشىقنى كۈچەيتىپ، ھوشيار- لىقنى ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەڭچى- ئوفىتسېرلەر سىيا- سى ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيا ۋەزىيىتى ھەققىدە توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش لازىم.»

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يوليورۇقى قىسىملاردا تېزدىن ئىز- چىللاشتۇرۇلدى. پولكنىڭ ئىشتابى شۇ كۈنىلا بىر قىسىم كۈچلەر- نى ئاجرىتىپ، شىخۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق پوتۇڭگە دېگەن يەر- دە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ ئىش باشلىدى. شىخۇ ناھە- يىسىدە شوپۇرلار كۇرسى ئېچىپ، بىر قىسىم جەڭچىلەرنى شۇكور- سىدا ئوقۇشقا ئاجراتتى. قىسىمنىڭ سىياسى تەشۋىقات خىزمىتى جانلاندۇرۇلۇپ، قىسىم قىياپىتىدە زور يېڭىلىق بارلىققا كەلتۈرۇلدى.

تالادىكى پائالىيىتى ۋە باستۇرۇلۇشى.
11) جىڭ ئامبىلىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخى.
12) بورتالا ناھىيىسىنىڭ دەسلەپتىكى (1920-يىلى) قۇرۇلۇشىغا ئائىت ئەسلىمىلەر.
13) 1938-يىلى ئارشاڭ مەمۇرىي رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئائىت ئەسلىمە ۋە ئۇنىڭ تارىخى.
14) ۋەتەنپەرۋەر دۇجۇڭيۈەننىڭ 1938-يىلى جىڭدا ئېلىپ بارغان ياپونغا قارشى تەشۋىقات پائالىيەتلىرى.
15) ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى كومپارتىيە ئەزاسى دۇەن شىمو، ماجىياۋسۇڭلارنىڭ بورتالادىكى پائالىيەتلىرى.
16) ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى بورتالا خەلقىنىڭ ئىئانە توپلاش پائالىيىتى.
17) ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېچىلغان بىر قاتچە قېتىملىق قەبىلە باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئەھۋالى.
18) شېڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭ قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن بورتالا، جىڭ، ئارشاڭدىن ئىبارەت 3 ناھىيىدە گومىنداڭ نام ھېيلىك داڭبۇسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى.
19) شېڭ شىسەي دەۋرىدە جىڭ، بورتالا، ئارشاڭ ناھىيىلىرىدىكى «ئاسىيلىق قىلىش» ۋە ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى.
20) 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ بورتالادا جەڭ قىلىشى.

5) زوزۇڭتاڭ ئېلىنى قايتۇرۇۋېلىشتىن بۇرۇن چاقار يېڭىنىڭ ئامبىلى بولغان سابىق شىۋە يېڭىنىڭ ئامبىلى قارماڭاشىۋە ھەم چاقار لەشكەرلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ بورتالادا ئۆستەڭ چاپقان، بوز يەر ئاچقان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغانلىقىغا ئائىت ئەھۋاللار ۋەۋەقەلەر.

6) چاررۇسىيە تاچاۋۇز قىلىپ ئېلىنى ئىگەللىۋالغاندىن كېيىن بورتالادىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش كۆرشىگە ئائىت تارىخى ۋەقەلەر.

7) شىنخەي ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە چاقار يېڭىنىڭ ئېلىدىكى ھەقىقەتكە قايتقان نارمىيىنىڭ جىڭنىڭ گۇرتۇدا جەڭ قىلىشىغا ياردەم بېرىشى، شۇنىڭدەك چاقار يېڭىدىكى سومۇيەنىڭ ئاسىلىق قىلىشى ۋە ئىلى ئىنقىلابى ئارمىيىسىنىڭ ئۇنى بېسىقتۇرۇشىغا ئائىت تارىخى پاكىتلار.

8) شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن چاقاريېڭىنىڭ بورتالادا تۇرۇشلۇق ئۆزىنى قوغداش قۇراللىق «لەمجەن قىسمى» نىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇنىڭ ئىشتاتى ۋە ئاقىۋىتى.

9) مىنگونىڭ باشلىرىدا رۇسىيەدىن نورغۇنلىغان مۇساپىرلار نىڭ بورتالاغا كېلىش ئەھۋالى، ئۆز ۋاقتىدىكى جۇڭگوھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئائىت ئەسلىمە، رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن نورغۇن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ (ئالىنكوپنىڭ باشچىلىقىدا) بورتالاغا بېسىپ كىرىشى ۋە جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ ئۇلارنى قۇرالسىزلاندۇرۇش ئەھۋالى.

10) 1916-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە «گېلاۋخوي» نىڭ بور-

تالا ناھىيەسىدىكى ئاممىۋى ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيىتى.

31) ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە بورتالا ناھىيىسىنىڭ تارىخىدا تۇنجى قىزلار مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشى.

32) ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ھەر قايسى «مىللىي مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» بورتالا تارمىقىنىڭ پائالىيەتلىرى.

33) ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە بورتالا ناھىيەسىدە قاسىمجان، قاسىم قاتارلىقلارنىڭ قازاق مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالى.

34) ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە بورتالادا ئاۋام كۇلۇبىنىڭ سېلىنىشى.

## مىللىي-دىنىي ئىشلار جەھەتتە

35) بورتالادىكى 3 چوڭ سۈمەنىڭ سېلىنىشى ۋە دىنىي پائالىيەت ئەھۋالى.

36) بورتالادىكى 8 بۇتخانىنىڭ سېلىنىشى.

37) 1905-يىلى بورتالا چوڭ مەسچىتىنىڭ سېلىنىشى.

38) 1946-يىلى بورتالا چوڭ مەسچىتىنىڭ كېڭەيتىلىشى ۋە مۇنارىنىڭ سېلىنىشى.

## ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە

39) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا بورتالانىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە شەھەر بازىرىنىڭ شەكىللىنىش ئەھۋالى.

21) ئېردە پارتىزانلار ئەتىرىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىپ موڭغۇل ئاتلىق باتالىيونغا ئۆزگەرتىلىشى ۋە ھېبەرىكەت قىلىش ئەھۋالى.

22) بورتالادىكى سوۋېت مۇھاجىرلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلىشى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى.

23) نايمان قەبىلىسىنىڭ تامغا- مۆھۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش.

24) قاپتۇقاي يەر نامىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى.

25) جاتقىنبايىنىڭ 1915-يىلى قازاق چارۋىچىلارنى قويتاشتا توراقلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشى.

## مەدەنىيەت-مائارىپ جەھەتتە

26) موڭغۇل مائارىپىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۆتمۈشى.

27) دۆلەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ھەر- بىر دەۋرلەردىكى ھەر قايسى مىللەت مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە.

28) 1936-يىلى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى موللا ياسىن ۋە تايىرخانلارنىڭ خەلقنى تەشكىللەپ ئىئانە توپلاپ، بورتالادا ئۇيغۇر تىلىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇش جەھەتتىكى ئىش ئىزلىرى.

29) بورتالا تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق تەنھەرىكەت يىغىنىدىن ئەسلىمە. 1938-يىلى 9-ئاينىڭ 18-كۈنى

30) ياپونغا قارشى تۇرۇش مەزگىللىرىدىكى بور-

سوپجان ياسونوپ.

52) دورجى ۋە موڭغۇل ياشلىرىنىڭ ئۆگىنىش تەشكىلاتى.

53) ھاشىم ئوسمانىنىڭ بورتالادىكى پائالىيەتلىرى.

54) داشۋاڭنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ئاقىۋىتى.

55) ئىبىرايىم باي ھەققىدە.

## ئىككىنچى، دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى تارىخ ماتېرىياللار

### سىياسىي جەھەتتە

56) خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بورتالاغا كىرىشى.

57) خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بورتالادا بوز يەر ئېچىش ئەھۋالى.

58) جىڭ، بورتالا، ئارىشاڭ ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ئەھۋالىدىن ئەسلىمە.

59) بورتالادا ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتىدىن ئەسلىمە.

60) بورتالادا ئېلىپ بېرىلغان «ئەكسىل ئىنقىلابچىلار»نى باستۇرۇش تارىخىدىن خاتىرە.

61) بورتالادا ئېلىپ بېرىلغان «ئۈچكە قارشى»، «بەشكە قارشى» ھەرىكەت تارىخىدىن خاتىرە.

62) ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم بېرىش مەزگىلىدىكى بورتالا خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىئانە توپلاش پائالىيەتلىرى.

40) جىڭ، بورتالالاردا ئەڭ دەسلەپتە قۇرۇلغان شوفاڭ (ھاراقخانا)، بۇياقخانا ۋە جۇۋازخانىلار ئەھۋالىدىن ئەسلىمە.

41) بورتالادىن ئۆتەيگە بارىدىغان تاشيولنىڭ ياسىلىشىدىن ئەسلىمە.

42) جىڭ تۇز مەيدانىنىڭ ئېچىلىش تارىخى.

43) جىڭ، بورتالا باج ئىدارىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالى.

44) 1941-يىلىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئايروپىلان بىلەن چېكەتكە يوقۇتۇش ئەھۋالى ۋە 1947—1948-يىللىرى بورتالادىكى چېكەتكە يوقىتىش ھەرىكىتى.

45) دۆلەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى چېگرا تاشقى سودا ئەھۋالى.

## تارىخى شەخسلەرنىڭ تەرجىمھالى

46) چاقارىيەگىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئامبىلى، ئاردىشاڭ تۇنجى شۆبىسىنىڭ باشلىقى بولغۇن.

47) تەرەققىپەرۋەر سودا-سانائەتچى شىڭزىبىن.

48) تەرەققىپەرۋەر زات چېيدىگىنىڭ بورتالا ۋە ئارشاڭدىكى پائالىيەتلىرى.

49) ئارشاڭزوڭگۇەنى لۇلەن ھەققىدە ئەسلىمە.

50) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئاردىشاڭ ھاكىمى بۇكا.

51) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى بۇ-

كوپىراتىپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پائالىيىتى.

75) جىڭ، بورتالا، ئارىشاڭلاردا سودا ـ سانائەت بىرلەشمىلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئەسلىمە.

76) بورتالانىڭ سۇ قۇرۇلۇش ئەھۋالى.

77) بورتالا ئوبلاستىدا دېھقان ـ چارۋىچىلىق، پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پائالىيىتى.

## مەدەنىي ـ مائارىپ، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرى جەھەتتە

78) مائارىپنىڭ تەرەققىيات تارىخى.

79) بورتالادىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى.

80) بورتالا ئوبلاستلىق دوختۇرخانىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى.

81) بورتالا ئوبلاستلىق دېپانسېرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى.

82) مىيرخان قاتارلىقلارنىڭ مەملىكەتلىك چېلىشىشتا چېمپىيونلۇققا ئېرىشكەنلىكى ھەققىدە خاتىرە.

83) بورتالا گېزىتخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى.

84) بورتالا ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى.

85) بورتالا ئوبلاستلىق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى.

86) بورتالادا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرىنىڭ بارلىققا

63) بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم رايونى (ئوبلاست) قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى ھەققىدە ئەسلىمە.

64) بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى.

65) بېڭتۇەن جىڭ، بورتالا باش مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى.

66) بېڭتۇەن 2-دېۋىزىيە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن خاتىرە.

67) بېڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4-دېۋىزىيە قىزىل بايراق چارۋا مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشى.

68) يېزا ئىگىلىك 5-دېۋىزىيەنىڭ بورتالاغا كېلىپ ئورۇنلىشىشى.

## ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە

69) بورتالادىكى ھەمكارلىق كوپېراتسىيە ھەرىكىتى.

70) بورتالا سودا خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى.

71) بورتالا سانائەت-قاتناش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى.

72) بورتالادىكى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە.

73) بورتالادىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقان-چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتى.

74) جىڭ، بورتالا، ئارىشاڭلاردا قول سانائەت بىرلەشمە

يىنكى ئەۋلادلارغا قىممەتكە ئىگە تارىخىي ماتېرىياللارنى قالدۇ-
رۇشتىن ئىبارەت.

تارىخ ماتېرىياللارنى توپلاشتىكى مەزمۇن ۋە ۋاقىت دا-
ئىرىسى: نۇقتىلىق ھالدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرى
(1763-يىلى) دىن باشلاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇل-
غاندىن (1949-يىلى)، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغىچە بولغان 200
يىلغا يېقىن تارىخ داۋامىدىكى پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىدىن
باشقا، بورتالانىڭ ھەر قايسى دەۋر - مەزگىللەردىكى سىياسىي،
ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە، پەن-
تېخنىكا، سودا-سانائەت، مىللەت، دىن، ئىجتىمائىي گۇرۇھ، مۇھاجىر
ئىشلىرى ھەم تارىخىي شەخسلەر، ئىجتىمائىي كەيپىيات، مىللىي
ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخىي ماتېرىياللارنىمۇ ئۆز ئىچ-
چىگە ئالىدۇ.

تارىخ ماتېرىياللارنى يېزىشتا ئاپتورلاردىن بىۋاسىتە كە-
چۈرمىشلەر، بىۋاستە كۆرگەن-ئاڭلىغان تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە
ۋەقە ۋە شەخسلەرنى يېزىشنى تەلەپ قىلىمىز. ئالاقىدار ھۆج-
جەت-ئالاقە، ئارخىپ ۋە ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى گېزىت-ژۇرناللار-
دىن رەتلەپ چىققان قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى ۋە زىيارەت
خاتىرىلىرىنى يېزىشنىمۇ قارشى ئالىمىز.

بورتالا موڭغۇل مىللىتىنى ئاساسى گەۋدە قىلغان مىللىي ئاپ-
تونوم ئوبلاست بولغاچقا، «بورتالا تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ
بىرىنچى توپلىمىدا بورتالادىكى موڭغۇللارنىڭ تارىخى ۋە ئۆرپ-
ئادەتلىرى بايان قىلىندى، بۇ دەۋرنىڭ تارىخى ئۇزۇن ئەمما،
تارىخ ماتېرىياللار ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، بىز قىسمەن تارىخى

كېلىشى ۋە تەرەققىياتى.

87) بورتالانىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ئورمان-
چىلىق ئەھۋالى.

## تارىخ ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتى ھەق-قىدە ئىزاھات

«بورتالا تارىخ ماتېرىياللىرى» نى بورتالا ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللار ھەيئىتىمىز «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ نىزامنامىسى» نىڭ 16-ماددىسىدىكى «جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخ ماتېرىياللىرىنى توپلاش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش كېرەك» دېگەن بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن تۈزۈپ نەشردىن چىقاردى. بىز، سىياسىي كېڭەش ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپتىكىلەر، بولۇپمۇ كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى ئاڭلىغان ئەھۋالنى بىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، دوستلار ھەم يولداشلارنىڭ پائال ماقالە ئەۋەتىپ، ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

«بورتالا تارىخ ماتېرىياللىرى» نى تۈزۈش فاڭجىنىمىز، سوتسىيالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىرلىكسەپنى كېڭەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تۆت زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ئۆز يېرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ئاساسدا كېڭ-

ھۆججەتلەردىن پايدىلاندۇق.

تارىخ ماتېرىياللىرىمىزدا بىز يەنە ھەر قايسى دەۋرى، ئەزگىللەردىكى بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى (رەسىم،فوتو كۆچۈرمە-لەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)،ئالاقە، تېلېگرامما، قول يازما، كۈن-دىلىك خاتىرە، شېئىر، فوتو سۈرەت ۋە ماددىي بۇيۇم قاتارلىقلار-نى يىغىپ توپلايمىز.

تارىخ ماتېرىياللارنى يېزىشتا ژانىر جەھەتتىن تەلەپ قويۇلمايدۇ، مۇكەممەل بولۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ،ھەققى بولۇش ۋە كونكرېت بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەددىدىن ئارتۇق سۈپەتلەش ۋەچۆكلۈش قوللىنىلماستىن، ئاددىيلىق بىلەن تۈز يېزىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بىز تۈزگۈچىلەر كەلگەن ماقالىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، قىسقارتىپ، يېزىق جەھەتتىن ئۆزگەرتىمىز. شۇڭا بىز ئاپتورلارنىڭ ماقالىنى ئىش قەغىزىگە يېزىشىنى،كۆچۈرۈپ ئېلىنغان سۆزلەر بولسا ئەسكەرتىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ماقالە ئىشلىتىلمىسە،قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ.

«بورتالا تارىخ ماتېرىياللىرى» ئىچكى جەھەتتە تارقىتى-لىدىغان ۋە ئۆز- ئارا ئالماشتۇرۇلىدىغان كىتاب. تارىخى، جۇغرا-پىيىلىك مۇھىمىتىنىڭ چەكلىمىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ناھىيىلىك، شە-ھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىش نەتىجىسىدە، ناھىيە-لىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئوبلاستلىق تارىخ ما-تېرىياللار ھەيئىتىگە ماسلىشىپ «بورتالا تارىخ ماتېرىياللىرى» نى بىرلىكتە ئوبدان ئىشلەشكە ياردەملىشىشى بەلگىلەندى.

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى.

1989-يىلى 9-ئاينىڭ 21-كۈنى.

مۇقاۋا خەتتىنى يازغۇچى : ئەزىز ھامۇت

تەرجىمە قىلغۇچى : ئابلا ئەھمەت

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئابدۇۋەلى ئەمتىلى

ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ

---

بورتالا گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى